

مەرزىيە تۇرسۇن

# قىزلار ئەڭگۈشتەرى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

قىزلار ئەڭگۈشتەرى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى



ISBN 978-7-5372-4749-8
9 787537 247498 >
定价:25.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





مەرزىيە تۇرسۇن



# قىزلار ئەنگۈشتىرى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭ تاربىسى

图书在版编目（CIP）数据

少女之宝；维吾尔文 / 玛尔孜亚·吐尔逊著. —
乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2011.8
（青少年德育教育丛书）
ISBN 978-7-5372-4749-8

Ⅰ. ①少… Ⅱ. ①玛… Ⅲ. ①女性-生活-知识-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①Z228.4

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第157549号

书　　名：少女之宝
策　　划：艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
编　　著：玛尔孜亚·吐尔逊
责任编辑：哈斯亚提·依不拉音
责任校对：乔尔帕·吐尔逊
封面设计：努尔买买提·吾买尔
出　　版：新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：新疆翼百丰印务有限公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2011年8月第1版
印　　次：2011年12月第1次印刷
开　　本：880×1230毫米 1/32开本
印　　张：9　插页4
书　　号：ISBN 978-7-5372- 4749-8
印　　数：1—5100
定　　价：25.00元

---

发行科联系电话：(0991)2823055　邮编：830001

# مۇھەررىردىن

قىزلار پىسخولوگىيەسى ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىۋاتقان جاسارەتلىك ياش مەرزىيە تۇرسۇن 1971 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1990 ـ يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈپ، ئۈرۈمچى ئارىشاڭ دوختۇرخانىسىدا خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

مەرزىيە تۇرسۇن خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقى ۋە جاپالىقلىقىغا قارىماي، ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ قىزلارنىڭ پىسخولوگىيەسىگە دائىر خېلى چوڭقۇر ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغان.

قولىڭىزدىكى «قىزلار ئەڭگۈشتەرى» ناملىق بۇ كىتاب مەرزىيە تۇرسۇننىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان بىر قەدەر ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق، لاتاپەتلىك ۋە نازاكەتلىك بولۇشىدا زۆرۈر ئوقۇشلۇق دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كىتابتا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس جاسارەت ۋە قىزلىق سېھرىي كۈچى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىپ، كەلگۈسى پارلاق ئىستىقبالىنى يارىتىشتا قانداق قىلىشى كېرەكلىكى، قانداق قىلغاندا ھەقىقىي ئۇيغۇر قىزىغا خاس ئوبرازنى ياراتقىلى بولىدىغانلىقىغا دائىر مەسىلىلەر نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار، قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەر، شەخسلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ناھايىتى قايىل قىلارلىق ۋە ئاممىباب تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

قىزلىرىمىزغا دەيدىغانلىرىم ................................... 1
بىرىنچى ئەڭگۈشتەر قىزلار بۇ دۇنيانىڭ جۇلاسى ............ 7
ئىككىنچى ئەڭگۈشتەر قىزلىق قەدىر ـ قىممىتىڭىز
ھەممىدىن مۇھىم ........................................ 14
ئۈچىنچى ئەڭگۈشتەر ئۆزىڭىزگە ئىشىنىدىغان يۈرەك
بارمۇ؟ ..................................................... 23
تۆتىنچى ئەڭگۈشتەر ھايا، نومۇس قىزلارنىڭ پاكلىق
چۈمپەردىسى ............................................ 29
بەشىنچى ئەڭگۈشتەر گۈزەل ئەخلاق سىزگە يار بولسۇن ··· 37
ئالتىنچى ئەڭگۈشتەر گەپ ـ سۆزدىكى ئەدەپ توغرىسىدا ··· 45
يەتتىنچى ئەڭگۈشتەر نازۇك، لېۋەن، ياخشى خۇيلۇق بولۇڭ ··· 52
سەككىزىنچى ئەڭگۈشتەر ياراملىق قىزنىڭ قانداق شەرتلىرى
بار؟ ......................................................... 60
توققۇزىنچى ئەڭگۈشتەر «چېچەن مەلىكە» مۇشۇنداق
يېتىلگەن ................................................. 68
ئونىنچى ئەڭگۈشتەر دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىكتىن
ئايرىلماڭ ................................................. 76
ئون بىرىنچى ئەڭگۈشتەر قويۇق ئۆرپ ـ ئادەت دۇنياسىدا
ياشاڭ ..................................................... 83
ئون ئىككىنچى ئەڭگۈشتەر ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇپمۇ دۇنياغا

www.uyghurkitap.com


يۈزلەنگىلى بولىدۇ ........................ 90

ئون ئۈچىنچى ئەڭگۈشتەر ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قىبلىنامىسى ........................ 96

ئون تۆتىنچى ئەڭگۈشتەر ۋاپادارلىق جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ... 103

ئون بەشىنچى ئەڭگۈشتەر نازۇكلۇق ھەم جەلپكارلىق نەدە قالدى ........................ 110

ئون ئالتىنچى ئەڭگۈشتەر ئىپپەت ۋە نومۇس يوقالماس ئەڭگۈشتەر ........................ 120

ئون يەتتىنچى ئەڭگۈشتەر پاكلىقىڭىز بىلەن ئۇلۇغسىز ... 129

ئون سەككىزىنچى ئەڭگۈشتەر ئىپپەت قۇربانى ........................ 135

ئون توققۇزىنچى ئەڭگۈشتەر نومۇسنى يوقىتىش كەچۈرگۈسىز جىنايەت ........................ 141

يىگىرمىنچى ئەڭگۈشتەر پەزىلەت غۇنچىسى يۈرىكىڭىزدە ئېچىلسۇن ........................ 148

يىگىرمە بىرىنچى ئەڭگۈشتەر ھەقىقىي خۇش پۇراق گۈل مانا مۇشۇنداق ئېچىلىدۇ ........................ 156

يىگىرمە ئىككىنچى ئەڭگۈشتەر «ئۇلۇغ ئانا» نىڭ يۈرىكى ... 162

يىگىرمە ئۈچىنچى ئەڭگۈشتەر سىپايە يۈرۈش - تۇرۇش ۋە يارىشىملىق ئۇيغۇر قىزىغا خاس كىيىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈڭ ........................ 171

يىگىرمە تۆتىنچى ئەڭگۈشتەر ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تازىلىق ئادەتلىرى ۋە ساغلاملىق ئادەتلىرىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ ........................ 180

يىگىرمە بەشىنچى ئەڭگۈشتەر قىزلار ئۆي ئىشلىرىغا پىششسۇن ........................ 186

يىگىرمە ئالتىنچى ئەڭگۈشتەر سىزگە باشقىلارنىڭ ئىچى كۆيسۇن ...... 193
يىگىرمە يەتتىنچى ئەڭگۈشتەر يىگىتلەر ئىشق چۆللىرىدە سەرسان ...... 198
يىگىرمە سەككىزىنچى ئەڭگۈشتەر «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدىم!...» ...... 205
يىگىرمە توققۇزىنچى ئەڭگۈشتەر يىگىت تاللاشتا ئېنىق نىشانىڭىز قايسى؟ ...... 211
ئوتتۇزىنچى ئەڭگۈشتەر يارامسىق يىگىتلەر قانداق بولىدۇ؟ ...... 217
ئوتتۇز بىرىنچى ئەڭگۈشتەر تۇغمەس سېھرىي كۈچ ۋۇجۇدىڭىزدا ...... 224
ئوتتۇز ئىككىنچى ئەڭگۈشتەر باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا ھەرگىز چۈشمەيمەن ...... 230
ئوتتۇز ئۈچىنچى ئەڭگۈشتەر يىلتىز ئىزدىگەن كوچىلارغا ساياھەت ...... 236
ئوتتۇز تۆتىنچى ئەڭگۈشتەر ئۇلۇغ روھلار يۆلىگەندە... ...... 244
ئوتتۇز بەشىنچى ئەڭگۈشتەر سىزمۇ مەشھۇر بولالايسىز ...... 247
ئوتتۇز ئالتىنچى ئەڭگۈشتەر ھايات ئېگىي ۋە ۋاقىت ئېگىي تۇرغۇزدىڭىزمۇ ...... 253
ئوتتۇز يەتتىنچى ئەڭگۈشتەر قىزلارنىڭ ۋاقتى ئەڭ قىممەتلىك ...... 259
ئوتتۇز سەككىزىنچى ئەڭگۈشتەر بىلىم ۋە نازاكەت گۈللىرى قىزلارغىمۇ يارىشىدۇ ...... 263
ئوتتۇز توققۇزىنچى ئەڭگۈشتەر «ئانا» دېگەن مەڭگۈلۈك بىر مۇزىكا ...... 267

قىرىقىنچى ئەڭگۆشتەر    قىممىتىڭىزنى جەمئىيەتتىن تېپىڭ ........................................ 272
قىرىق بىرىنچى ئەڭگۆشتەر    چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت دۇنياسى سىزگە قۇچاق ئاچماقتا ........................ 277

www.uyghurkitap.com

# قىزلىرىمىزغا دەيدىغانلىرىم

مېنى مۇشۇ سۆيۈملۈك قىزلىرىمىز قەتئىي ئىرادىگە كەلتۈردى. مەن ئاخىر ھەر خىل مۇرەككەپ روھىي توسالغۇلارنى يېڭىپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم. سېستىرالىق خىزمىتىم ئىنتايىن ئالدىراش، ئائىلىدە قىزىمغا ياخشى ئانا، ئېرىمگە يارامىلىق خوتۇن بولۇشتەك مۇشكۈل، جاپالىق ھەم ۋاقىت، ھەم زېھنىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان مەجبۇرىيىتىم ۋە ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نۇرغۇن ئىشلىرىم بولسىمۇ، يەنىلا ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىش قارارىغا كەلدىم. كېچىلىك نۆۋەتچىلىكلىرىمدە باشقا خىزمەتداشلىرىم پۇرسەت تېپىپ ئارام ئالماقتا، شېرىن ئۇيقۇلارغا كېتىشمەكتە، ئاغرىق ئازابىدىن قىينالغان بەزى بىمارلىرىمىز ئاچچىق ئىڭرىماقتا، نالە قىلماقتا: ئۇرۇمچىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەندىن خالىي بۇ دوختۇرخانا ئەتراپى سىرلىق جىمجىتلىققا چۆمگەن، ئەمما مانا مۇشۇنداق ھاياتلىق توختاپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ پەيتتە مېنىڭ قەلىمىم قەغەز يۈزىدە تىنىمسىز چاپماقتا! خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ياراتقان مەدەنىيەت مۆجىزىلىرى، قىز - ئاياللىرىمىزغا كۆرسەتكەن ئالىي ئېھتىراملىرى، قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ باتۇرلۇقلىرى، مەردلىكلىرى، قەھرىمانلىقلىرى، ئۇلارنىڭ ھاياتلىقتا ھارارەت بېرىپ كەلگەن گۈزەل ئەخلاقى، ئېسىل پەزىلەتلىرى مېنىڭ قەلىمىمگە تۈگىمەس ماغدۇر ئاتا قىلماقتا؛ ئارسلان خاتۇن، تۇمارىس،

مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم، ئىپارخان، نازۇگۇم قاتارلىق نۇمۇس، مەردلىك، باتۇرلۇق سۆيى بىلەن يۇغۇرۇلغان مىڭلىغان باتۇر قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ روھى مېنى توختاۋسىز يېزىشقا دەۋەت قىلماقتا؛ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، ئەسلىدە خەلقىمىزنىڭ ھايا، ئەخلاق، ئىبىل ئۆرپ - ئادەت چۈمپەردىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، قىڭغىر يولغا دەسسەپ ئۆز شەنىنى بۇلغاۋاتقان، ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى تونۇپ يەتمەي، باللىرىنى قانداق تەربىيەلەشنى ئۇنتۇپ، بىر تۈركۈم جەمئىيەت داشقاللىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىۋاتقان قىزلىرىمىز، ئاياللىرىمىز مېنىڭ ۋىجدان ئوتىمدا ئۆرتەنگەن ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەپ، مېنى خىزمەت ئارىلىقىدىكى، كېچىلىك نۆۋەتچىلىك ۋاقىتلىرىدىكى ھەربىر مىنۇت ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، قىزلىرىمىز يىتتۈرۈپ قويغان ئاشۇ ئىبىل ئەڭگۈشتەرلەرنى قايتىدىن تونۇشىغا، تېپىۋېلىشىغا ياردەمدە بولىدىغان بۇ كىتابنى تېخىمۇ تېز پۈتتۈرۈشۈمگە، تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنلارنى قوشۇشۇمغا تۈرتكە بولماقتا، مېنى كېچە - كۈندۈز تىنىم تاپماي يېزىشقا كۈچ قوشماقتا!...

ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىلدى، نەچچە تۈنلەر تاڭغا ئۇلاندى، توك كېتىپ قالغان پەيتلەردە چىراغ ئورنىغا شاملار يېقىلدى، تاماق ئۇستىلىمۇ، خىزمەت ئۇستىلىمۇ، ساپايىنىڭ قىرلىرىمۇ مېنىڭ يېزىقچىلىق ئۇستىلىمغا ئايلاندى، قول يازمىلىرىم بارغانچە توملاشقا باشلىدى، مۇشۇ تەرىقىدە ئۈچ ئاي تۇيمايلا ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئىلگىرى دائىم قاتنىشىپ تۇرۇۋاتقان دوستانە پائالىيەتلەرگە تولا ھاللاردا قاتنىشالماي قالدىم، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ باغاقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى جاۋابسىز

قالدى، قىزىم سورىغان بەزى چۈچۈك سوئاللارغىمۇ جاۋاب بېرەلمىگەن، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئېرىمگە يۈكلەپ قويغان چاغلىرىممۇ بولدى. خىزمىتىمنى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش، ئائىلىدە تاماق ئېتىش ۋە بالامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مېنىڭ مۇشۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدىكى ناھايىتى ئاددىي، ئەمما ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىلەرگە تولغان ھاياتىمنىڭ قىسقىچە كارتىنىسى ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئاددىي، ئەمما مەنىلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن مۇشۇ كۈنلەردە مەن يىغقان ماتېرىياللىرىم، كۆرگەن - بىلگەنلىرىم ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىمدە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەنلىرىم ئاساسىدا، گۈزەل قىزلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتلىق يولىنى يورۇتۇش، ئۇلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىش ئالىي مەقسەت قىلىنغان مانا مۇشۇ «قىزلار ئەگۈشتەرى» ناملىق كىتابنى پۈتكۈزدۈم. بۇ ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ تارىختىن بېرى ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ ياراتقان قويۇق مەنىۋى مەدەنىيەت چەمبىرىكى، ھايا، ئۆرپ - ئادەت، ئەدەپ - ئەخلاق، دوستانىلىق، ۋاپادارلىق دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرىشنى، قىزلىرىمىزنىڭ مۇشۇ يوسۇندا تەربىيىلىنىپ، ئۆزلۈكنى تونۇش ۋە ئۇنى نامايان قىلىش ئارقىلىق زامانىۋىلىققا يۈزلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ يۈكلىگەن يۈكىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ، راۋرۇس بىر ئۇيغۇر قىزىغا خاس قىياپەت بىلەن ئۆز ئوبرازىنى تىكلىشىنى ئۈمىد قىلدىم، خەلقىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىغا قىزلىرىمىزنىڭ تاكامۇللاشقان روھىيىتى بىلەن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشىغا بۇ كىتابىم ئارقىلىق ئاز - تولا تىلەك تىلىدىم...

مەن خىزمەت قىلىدىغان دوختۇرخانىدىكى بىمارلارنىڭ

مۇتلەق كۆپى باشقا چوڭ دوختۇرخانىلار داۋالاپ ساقايتالمىغان، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ياكى بەدىنى ئۇگە ـ ئۇگىسىدىن بوشاپ كەتكەن، چوڭ ـ كىچىك تەرىتىنى تۇتالمايدىغانلار ئىدى. بۇلارنى كۆتۈش ئۇچۇن ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ جاپالىق، ئەمما مەن ئۇچۇن شەرەپلىك تۇيۇلىدىغان سېستىرالىق خىزمىتىنى ئاتقۇرمىسام بولمايتتى. ئۇلارنىڭ تاپانلىرىنى ئۇۋۇلاشتىن تارتىپ، باشقا ئەپسىز ھاجەتلىرىدىن چىقىشقىچە مېنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىم ئىدى. يەنە بۇ كىتابىمنى داۋاملاشتۇرۇپ يازمىسام بولمايتتى. كەسكىن قارار ۋە قەتئىي ئىرادە ئاخىر ھەممىنى يەڭدى، مېنىڭ خىزمەتتىكى تىرىشچانلىقىم ۋە بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدىكى يولۇققان بەزى قىيىن مەسىلىلەر مەن خىزمىتىنى قىلغان بۇ پېشقەدەم بىمارلار ۋە ئىستېداتلىق دوستلىرىمنىڭ ئاقىلانە ياردىمى ئارقىلىق تەلتۆكۈس ھەل بولدى. كۆڭۈللۈك خىزمەت، كۆڭۈللۈك مەشغۇلات ۋە ئىللىق ئائىلە كەيپىياتى مېنىڭ روھىمنى ئۇرغۇتۇپ، بۇ ئەڭگۈشتەرلەرنى يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجاندەك بىر ـ بىرىدىن جۇلالىق چاقنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. مېنىڭ چەككەن بارلىق رىيازەتلىرىم ئاراملىق ۋە رازىمەنلىك قۇچىقىدا قېنىپ نەپەس ئېلىش بىلەن خۇلاسىلەندى.

سىز ئۇماق بىر ئۇيغۇر قىزىمۇ؟ كەلگۈسىدە قانداق نىشانغا يەتمەكچىسىز؟ قانداق ئادەم بولماقچى؟

مېنىڭچە، مانا بۇ سوئاللار ھاياتلىق يولىڭىزدا بىلىپ ـ بىلمەي سىزنىڭ ئالدىڭىزغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، سىز بۇ سوئاللارغا قانداق جاۋاب بەردىڭىز؟ قانداق جاۋاب بەرمەكچى بولدىڭىز؟ قانداق ئۇيغا كەلدىڭىز؟

ھەممىمىز بىلىمىزكى، ھەرقانداق بىر ئادەم بۇ ھاياتلىقتا

خاتا يولغا كىرىپ قېلىشنى، جەمئىيەت داشقىلىغا ئايلىنىشنى، كەلگۈسىدە كىشىلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ، بولۇپمۇ قىزلار شۇنداق. ئۇنداقتا سىز ئۆزىڭىزنى روھىي جەھەتتىن قانداق تەربىيەلىمەكچى؟ ھاياتلىق يولىڭىزدا نېمىنى ئىزدەۋاتىسىز، قانداق ئەڭگۈشتەرگە ئېرىشمەكچى؟ «قىزلار ئەڭگۈشتەرى»گىمۇ؟

ھازىر جەمئىيەتنىڭ قەدىمى ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن تېزلىشىپ كەتتى، شۇنىڭغا يارىشا ئادەملەر ئارىسىدىكى مېھرىبانلىق، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ھايا پۈرىقى سۇسلىشىپ كەتتى، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى كونىرىماي كىشىلەر تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن ئۆرپ ـ ئادەت ئەمدىلىكتە ئۆز پۇرىقىنى يوقاتتى، پۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت كىشىلەرنىڭ روھىيىتىنى بۇلغىۋەتتى. ئەدەپ ـ ئەخلاق ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلگەنىكەن، ئۇنىڭ ئورنىنى تەبىئىي ھالدا بۇزۇقچىلىق ۋە روھىي گادايلىق ئىگىلەيدۇ. بازار ئىگىلىكى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىلدىن بېرى خەلقىمىزنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدا ۋە قىممەت قارىشىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئىقتىساد ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش بىلەن بىللە يەنە بۇزۇقچىلىق كەلكۈندەك بېسىپ كىردى، بەزى قىزلىرىمىز قانداق سەۋەبلەر بىلەن كىردىكىن، ئىشقىلىپ بۇ بۇزۇقچىلىق ساھەسىنى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىگىلەپ بولدى، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك، ئۇ قىزلىرىمىز نېمىشقا مۇشۇنداق شەنىنى بۇلغىدى؟ شەرمەندە بولدى؟

بۇنىڭدا بەزىبىر ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىم سەۋەب ئۆزىمىزدە، بىز ئاتا ـ ئانىلاردا، قىزلىرىمىزنى ئەتراپ-لىق، ياخشى تەربىيەلەپ كېتەلمىگەنلىكىمىزدە، قىزلىرىمىزغا

ئەسلىدە بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئەدەپ ـ ئەخلاق تونىغا ئورالغان «ئەڭگۈشتەر»لەرنى بېرەلمىگەنلىكىمىزدە! مەن بۇ كىتابىمدا قىزلىرىمىزغا بېرەلمەيۋاتقان، يىتتۇرۇپ قويغان ئاشۇ ئەڭگۈشتەرلەرنى ئامال بار تېپىپ بېرىشكە، ئۇنى سۆيۈملۈك ۋە مېھرى ئىسسىق قىزلىرىمىزغا، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى مېھرىبان ئانىلىرىغا تەقدىم قىلىشقا قۇربىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشتىم.

مانا بۇ مېنىڭ قىرىق بىر ئەڭگۈشتەرىم، سۆيۈملۈك قىزلار! مانا بۇ مېنىڭ سىلەرگە سۇنغان ئاددىي سوۋغام، سىلەر ئىزدەپ تېپىشقا ناھايىتى ئاز مۇۋەپپەق بولغان روھىي بايلىق، ئەقلىيلىشىش ئەۋج ئېلىپ ئىجتىمائىي ئەخلاق بۇزۇلۇشقا يۈز تۇتۇۋاتقان پەيتتە، ۋىجدانەن سىلەرگە قىلغان تەۋسىيەم!

بىرىنچى ئەڭگۈشتەر

## قىزلار بۇ دۇنيانىڭ جۇلاسى

خۇددى ئاسمانىنىڭ جۇلاسى قارا پەردىگە ئالماس قاداپ قويغاندەك چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار بولغىنىدەك، چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيانىڭ، ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي جۇلاسى گۈل يۈزلۈك ئاشۇ قىزلاردۇر.

دىنىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئادەم ئاتا يارىتىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە سېغىنىشىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ يېتىم قوۋۇرغىسىدىن ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئانىسى ھەۋۋا ئانا يارىتىلغان. ئۇلار مەيلى جەننەتتىكى بەختلىك كۈنلىرىدە بولسۇن ۋە مەيلى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ زېمىنغا ھەيدەلگەندىن كېيىنكى جاپالىق كۈنلىرىدە بولسۇن، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇپ، پەرزەنت قالدۇرۇپ، ئىنسان ئەۋلادىنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. خۇددى ئادەم ئاتا تەشنا ۋە تەقەززا بولغىنىدەك، قىزلار بۇ دۇنيانىڭ تەقەززاسى ۋە تەشنالىقى، تەشنالىقنى قاندۇرغۇچى، شۇ تەشنالىق ۋە قىزغىن مېھىر ـ مۇھەببەت قايىنىمىدا ئەۋلاد قالدۇرغۇچى، ھەر نېمە دەپ تەرىپلىسىمۇ ئەرزىيدىغان پەزىلەت ئىگىسىدۇر. شۇنداقلا گۈزەللىكى، نازۇكلۇقى، جەلپكارلىقى، نازاكەتلىكلىكى، پەزىلەتلىكلىكى بىلەن بىر دەستە ئاجايىپ خۇش پۇراق گۈلگە، جىرىڭلاپ تۇرىدىغان جانان چىنىگە، سۈزۈك ۋە تىنىق قاشتېشىغا ئوخشايدۇكى، ئۇنى ئاۋايلاپ پەرۋىش قىلىش،

www.uyghurkitap.com

ئاسراشقا خەلقىمىز ئەزەلدىن كۆڭۈل قويغان، مول تەجرىبە ھاسىل قىلغان، بۇ جەھەتتە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەندىزىسى ياراتقاندۇر. ھەربىر ئاتا ــ ئانا قىزلىرىنى ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق، مېھرىبان، ئۆز خۇلقلۇق قىلىپ تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەندۇر.

خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئەپسانە ــ رىۋايەتلىرىدە ئۇيغۇر قىزلىرى نۇردىن، خىسلەتلىك دەرەخلەردىن تۆرىلىدۇ ۋە پەزىلەت غۇنچىسىنى قەلب تۆرىدە ئېچىلدۇرۇپ، ناھايىتى پاك، مەسۇم ۋە ئادەمنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ نۇر ئىچىدە تۆرەلگەن خوتۇنى پاكلىق ۋە گۈزەللىكتە ناھايىتى يۇقىرى سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇپ، «ئۇ كۈلسە كۆكمۇ كۈلىدۇ، ئۇ يىغلىسا كۆكمۇ قوشۇلۇپ يىغلايدۇ». ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن تۇمارىسقا ئوخشاش مىڭلىغان باتۇر، نازاكەتلىك، گۈزەل ئۇيغۇر قىزلىرى تارىخ بېتىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىپ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ شەنىنى كۆتۈرگەن، ئابرۇيىنى كۆككىچە ئۆستۈرگەن. ئورخۇن بويلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ سەلتەنەت سۈرۈپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز دەۋرىدە قاغانلار پەرمان ئېلان قىلغاندا «قاغان پەرمان قىلىدۇكى...» دەپ ئېلان قىلسا كۈچكە ئىگە بولمايتتى، پەقەت «قاغان بىلەن خانىش پەرمان قىلىدۇكى...» دەپ ئېلان قىلغاندىلا، كۈچكە ئىگە بولاتتى. شۇ دەۋرلەردە تاكى ئىسلام دىنىغا كىرگۈچىلىك ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ مەيلى باي، مەيلى كەمبەغەل ۋە مەيلى ئەمەلدار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇشىمۇ خەلقىمىزنىڭ قىزلارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىغانلىقى ۋە ئىززەتلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ. ھالبۇكى، جاھالەت پەرلىرى بولمىش غوجا ــ ئىشانلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت جاھالەتتە قالدۇرۇشى تۈپەيلى،

قىزلىرىمىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئاجايىپ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى، ئاشكارا ھالەتتىن بىپكىندۈرۈلدى، ھەتتا ساۋاتلىق بولۇش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىندى، ئەمما خەلقىمىزنىڭ قېنىغا تىندۈرما بولغان قىزلارنى ئەتىۋارلاش ۋە ئۇلارنى كۆيۈنۈپ تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ئېسىل خىسلەت زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇسلىشىپ قالمىدى، باشقا مەدەنىيەت تىپىدىكى خەلقلەرگە ئوخشاش قىز پەرزەنت كۆرسە ئۇنى پەس كۆرىدىغان، خورلايدىغان، ھاقارەتلەيدىغان، يوك دەپ قارايدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتالمىدى.

ھالبۇكى، فېئوداللىق ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە بەزى قىزلىرىمىز ئۆزلىرىنى تۆۋەن كۆرىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتىدىغان، چوڭ ئىشلارنى قىلالمايمەن، قىزلارنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ، دۇنيانىڭ مەزلۇمى بىز، نېمىشقا ئوغۇل بولۇپ يارىلىپ قالمىغاندىمىز، دەيدىغان تولىمۇ خاتا ۋە بىر تەرەپلىمە قاراش تۇپەيلىدىن ھاياتلىق يولىدا ئۆزىنى ئۆزى چۈشەپ قويىدىغان، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يول تاپالمايدىغان، ئىزدەنمەيدىغان، ئىنتىلمەيدىغان خاھىش ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ كەلگەنىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېقىلغان مەرىپەت چىراغلىرى مەھكۇملۇقتا ئېچى سىقىلغان قىزلىرىمىزنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىنىمۇ يورۇتۇپ، ئۇلارنىڭ زامانىۋى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىشىنى، بىلىم ئېلىشىنى، مۇشۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ساپاسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قىزلىرىمىزنىڭ يۈزىنى يېپىپ تۇرغان قارا چۈمپەردە

ئېلىشۋېتىلدى، قىزلار ئىنتىلگىنىچە، ئارزۇ قىلغىنىغا قەدەر يۈقىرى ساپاغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىتتا، قىزلارنى ئەزىز كۆرگەن خەلقىمىزنىڭ قىزلىرى ئۆزلىرىنىڭ قىز بولۇپ يارىلىپ قالغانلىقىدىن ھەرگىز ئۆكۈنمەسلىكى، ئەكسىچە پەخىرلىنىشى، مەغرۇرلىنىشى كېرەك. چۈنكى، قىزلار بۇ دۇنيانىڭ جۇلاسى ھەم بېزىكى، ھاياتلىق قۇۋۋانچىسى، ئىنسان ئەۋلادىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى، شۇنداقلا ئوغۇللاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان سېھرىي قۇۋۋەتكە ئىگە ئىنساندۇر.

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى مەن بىر ژۇرنالدىن مەملىكىتىمىزدىكى ئون مەشھۇر كارخانىچى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بىر ئايال كارخانىچىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى ئۈستىدە توختىلىپ: «مەن بىر ئانا، مەن بالا تۇغالىغانىكەنمەن، ئەرلەر قىلالىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلالايمەن» دېگەن ئالتۇندەك سۆزىنى ئوقۇغانىدىم. قىزلار تەڭرى تەرىپىدىن مۇشۇنداق تەڭداشسىز خىسلەتكە ئىگە قىلىپ يارىتىلغانىكەن، ھەرگىز ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىش پوزىتسىيەسىدە بولماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ئەمدى نېمە قىلىمەن، كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولىمەن؟ دېگەننى كۆپرەك ئويلىشى، ئۆزىنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىلىمنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا چىقىشقا ئىنتىلىپ، قىزلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى پۈتۈنلەي ئۆز ۋۇجۇدىدا ھازىرلاپ، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كامىل ئىنسان بولۇپ يېتىلىشكە بەل باغلىشى كېرەك.

ھەي، گۈزەل قىز! سىز شۇ تاپتا مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئازادە كوچىسىدا زامانغا لايىق كىيىنىپ مەغرۇر قەدەم ئېلىپ كېتىۋېتىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتلىق

يولىڭىزدا قانداق قىلىشنى، قانداق ئىستىقبالغا ئېرىشىشنى كۆزلىگەن، كۆڭلىڭىزگە نۇرغۇن يۇكسەك غايىلەرنى پۈككەن، شۇ يولدا تىنىمسىز تىرىشىۋاتقان، ئىزدىنىۋاتقان، ئويلىنىۋاتقان غايىلىك ئوقۇغۇچى بولۇشىڭىز مۇمكىن؛ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ئىنتىلىشى كۈچلۈك، ئۇلۇغ غايىگە ئىگە ئوقۇغۇچى بولۇشىڭىز مۇمكىن ۋە ياكى ئۆرلەپ ئوقۇش ئارزۇيىڭىز ئەمەلگە ئاشماي قالغان، ئاساسىي قاتلاملاردا ئىشلەۋاتقان ياكى خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان ۋە ياكى ھاياتلىق يولىدا تەمتىرەپ قالغان قىز بولۇشىڭىز ھەم مۇمكىن. ھەتتا نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىز مۇرەككەپ ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆپۈككە ئايلانغان، ئارمىنىڭىز ئارمان پېتى قالغان، تەكلىماكاننىڭ بىر چېتىدىكى خىلۋەت ماكانغا باغلىنىپ قالغان، ئۇنۇمسىز يەرلىرىڭىزگە تەر تۆكۈۋاتقان دېھقان قىزى بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىز گۈزەل، نازاكەتلىك، ياخشى خۇلقلۇق بىر ئۇيغۇر قىزى بولغانىكەنسىز، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئۆز - ئۆزىڭىزنى تاكامۇللاشتۇرۇشىڭىز كېرەك، ھەرگىز بۇ قۇتلۇق يولدىن تايماسلىقىڭىز كېرەك. ئۇزۇۇكسىز ئىلىم ئۆگىنىشكە ئادەتلىنىپ، كەلگۈسىدە ئۆزىڭىزگە ئاجايىپ يۇقىرى ساپا، جەمئىيەتكە مىننەتسىز تۆھپە قوشالايدىغان روھ، كەلگۈسىدە ئەۋلادلىرىڭىزنى ياراملىق قىلىپ تەربىيەلەشكە ياب كېلىدىغان مەنىۋى قۇرۇلما ھازىرلىشىڭىز كېرەك.

قىزلار دۇنياسىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، سىز بۇ ئۆزگىرىشلەرگە قانداق قارايسىز، قانچىلىك ماسلىشىپ كېتەلىدىڭىز؟ بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرى زادى قانچىلىك، ئەگەر بۇ ئۆزگىرىش مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە قانداق

www.uyghurkitap.com

يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن؟ قانداق مەنىۋى كەيپىيات بۇنداق يامان ئاقىۋەتلەرنى ئۇنۇملۇك توسۇپ قالالايدۇ؟ ئەي قىز، مانا بۇ سوئاللار ئالدىڭىزغا قويۇلۇپ باقتىمۇ، بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرەرى توغرىسىدا باش قاتۇردىڭىزمۇ، قانداق خۇلاسىگە كەلدىڭىز؟...

دەرۋەقە، ئالدىڭىزغا قويۇلىدىغان سوئاللار ئىنتايىن نۇرغۇن، ئۇنىڭ جاۋابلىرىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن بولۇشى مۇمكىن. ھايات مۇمكىنچىلىكلەر ئىچىدىن يول تېپىپ ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىلگىرىلەپ كېتىۋېرىدۇ. ۋاقىتقا يوگەن سېلىشنى، ئۆز قىممىتىڭىزنى تېپىشنى بىلەلىسىڭىز ۋە شۇنداقلا قىزلارغا خاس گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىڭىزگە يار قىلىپ ئالماستەك ئىرادە تىكلىيەلىسىڭىز، سىزنىڭ قىزلىق لاتاپىتىڭىز ۋە نازاكىتىڭىزدىن جاھان تەسىرلىنىپ، پۈتكۈل مۇھىتىڭىز باھار ئەييامىغا جور بولىدۇ، بەختىنىڭ نەغمە ـ ناۋاسىنى ياڭرىتىپ، ھايات سازىنى سازلىيالايسىز!

قىز بولۇپ يارىلىش پېشانىڭىزگە پۈتۈلگەنىكەن، سىز بۇ مۇقەددەس ئىرادىدىن ئۆزىڭىزنى چەكسىز بەختلىك سانىشىڭىز، قىز بولغانلىقىڭىزدىن پەخىرلىنىشىڭىز، ۋۇجۇدىڭىزغا قىزلىق پەزىلەتنى جەملەپ، سېھرىي كۈچىڭىزنى قېزىشىڭىز، ھاياتتا ئىنسانلارغا پايدىلىق بولىدىكەن، ھەرقانداق ئىشقا ئىجتىھات قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەرلەرمۇ قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشىڭىز كېرەك، ئۆزىڭىزنىڭ ھەيران قالارلىق نەتىجىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل ۋە مايىل قىلالىسىڭىز، سىز بۇ دۇنيادا مەنىلىك ياشىغانىنىڭ ھەقىقىي پەيزىنى سۈرگەن ھېسابلىنىسىز.

ئۇچۇر دەۋرىنىڭ خىيالدىنمۇ تېز قەدەملىرى ئىشىك ئالدىغىلا كېلىپ قالدى، ئۇ سىزنى ئۆز قەدىمىگە ماسلىشىپ

يولغا چىقىشقا تەقەززا قىلماقتا، ھالبۇكى، سىز يەنىلا ئۆگىنىپ قالغان خۇي بىلەن سۆرەلمىلىك قىلامسىز ياكى ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ ھەرقانداق يۇقىرى شەرتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتەلەمسىز؟ مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ چولپاندەك پارلاپ تۇرغان قىزلىق نازاكىتى ۋە بۇ نازاكەت بەخش ئەتكەن لاتاپەت بىلەن قىزلار دۇنياسىدا يۇز بېرىۋاتقان غەيرىي ئۆزگىرىشلەرگە، ئەخلاق جەھەتتىن بۇزۇلۇشلارغا ئەمەلىيەتتىكىز ئارقىلىق جەڭ ئېلان قىلالامسىز؟

سىز مانا شۇنداق قىلالايسىز، چۈنكى سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا چەكسىز سېھرىي كۈچ كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ، قىزلىق ئەدەپ ـ ئەخلاق گۈللىرى خۇش پۇراق چېچىۋېتىپتۇ، ئازراق تىرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىزلا نازاكەت ۋە لاتاپەت بابىدا يېگانە چولپان بولۇپ قالىسىز، چۈنكى سىز دېگەن بۇ دۇنيانىڭ جۇلاسى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىككىنچى ئەڭگۈشتەر

# قىزلىق قەدىر ـ قىممىتىڭىز ھەممىدىن مۇھىم

بىر قىز بار بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىنلا نامراتلىقتا ئۆسكەن، كىيىم ـ كېچەكى، يېمەك ـ ئىچمىكى باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ناچار، تۇرمۇشى غورىگىل ئۆتەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئەقىدە ـ ئىخلاسى كۈچلۈك، مۇھەببىتى زىيادە، قىزىغا بولغان مېھرى دەريادىن چوڭقۇرراق ئىدى. قويۇق ئۆرپ ـ ئادەت، ئەخلاق، نومۇس ۋە ھايا مۇھىتىدا ياشايتتى، بۇ ھال قىزىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى، ئۇ كونا كىيىم كىيسىمۇ ياراشتۇرۇپ كىيىدىغان بولدى، گەپ ـ سۆزدە مۇلايىم، قائىدە ـ يوسۇنلۇق چوڭ بولدى. بۇ قىز ئائىلىسىنىڭ تولىمۇ نامراتلىقىنى، بۇ نامراتلىقنى پەقەت بىلىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ۋە ئۇزۇكسىز تىرىشچانلىق ئارقىلىقلا ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. كۈنلەرنى تۈنلەرگە ئۇلاپ ئۆگىنەتتى، بىلىمى چوڭقۇرلاشقانسېرى يەنە بىلىم ئىگىلەشكە تىرىشاتتى. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، ماگىستىرلىق ۋە ئەڭ ئاخىرىدا دوكتورلۇقنى تاماملاپ، تەتقىقات تېمىسى بويىچە جەمئىيەتكە ھەسسە قوشۇشقا باشلىدى. ئۇ نامرات ئىدى، ئۇ تەتقىق قىلىپ ياسىغان بىر نەچچە خىل دورا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇلۇپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا ئۇ مىلىيونېرغا ئايلاندى، بەختلىك ئائىلىسى بولدى. ئۇ پەرزەنتىنى ئۆزى كىچىكىدە قانداق تەربىيىلەنگەن بولسا شۇنداق

ئەتراپلىق تەربىيەلەپ، ھەتتا تەربىيە ئۇسۇلىغا نۇرغۇنلىغان ھەم زامانىۋى، ھەم ئىجادىي مەزمۇنلارنى قوشۇپ، ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

يەنە بىر قىز بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلە شارائىتى ئەكسىچە ناھايىتى ياخشى، تەربىيەلىنىشىمۇ ئەتراپلىق بولدى. ئاتا - ئانىسى باياشات تۇرمۇشى ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەر قانداق تەلىپىنى قاندۇرۇپ تۇراتتى، ئەمما ئۇنى كىچىكىدە ئاساۋ ئاتنى يايلاققا قويۇۋەتكەندەك ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەنىدى. ئاتا - ئانىسى دائىم ئۇنىڭغا: «بالام، ھەرقانداق قىلىپ ياخشى نەتىجە ئال، شۇنداق قىلساڭ كەلگۈسىدە كادىر بولىسەن، كۆنۈڭ ياخشى ئۆتىدۇ، بۇ ئۆمرۈڭدە باشقىلارغا خار بولمايسەن» دەپ تەربىيە بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياخشى ئوقۇسالا بولدى، دەپ ئويلايتتى، ياخشى نەتىجە ئالسالا باشقا ھەر قانداق ئىش ماڭا بەرىبىر دەپ ئويلايتتى، شۇڭا ياخشى نەتىجە ئېلىش ئۈچۈن توختىماي پۇرسەتپەرەسلىك قىلاتتى. ئۇ باللار بىلەن ئويناپ يۈرۈپ، بەزى قىلىقسىز ئوغۇللارنىڭ سەت گەپلىرىنى، سەت قىلىقلىرىنى دورايتتى، ئاتىسى ئۇنىڭغا تەربىيە بەرسە، ئانىسى توسۇپ: «بالىمىز تېخى كىچىك، چوڭ بولۇپ ئاق - قارىنى ئۇققۇدەك بولغاندا تەربىيە بەرسەكمۇ كېچىكمەيمىز» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىز شۇ بويىچە تەربىيەسىز قېلىۋەردى. لېكىن، قىزغانچۇق، باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئۆتۈپ كېتىشىگە چىدىيالمايدىغان، پۇرسەتپەرەس بولغاچقا، يەنىلا تىرىشىپ ئوقۇيتتى، ھەر خىل يوللار بىلەن مۇكاپاتلارنى ئالاتتى. ئۇمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇپ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزدى، ئەمما ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى پەقەت قىزغىنىش، كۆرەلمەسلىك، پۇرسەتپەرەسلىك ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا، ئۇنىڭدا مۇستەقىل بىر ئىلمىي لىنىيە شەكىللەنمىگەنىدى، ھەر قانداق نەتىجىگە پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن

ئېرىشكەنىدى. ئەمدى ياخشى بىر خىزمەت ئورنى تېپىپ، پۇرسەت كۈتۈپ ئۆسسەم، پۇلۇم كۆپەيسە، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرسەم... دەپ شېرىن خىياللارغا بېرىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۆستىكى قائىدە - يوسۇن بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيتتى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، ئەنئەنە دېگەنلەردىنمۇ ئەسلا خەۋىرى يوق ئىدى، سورۇنغا قاراپ گەپ قىلىشنىمۇ ئۇنىڭ ھاياتلىق مەنتىقىسىدە يوق ئىدى، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىدىغان جايلاردا ئۇنىڭ قىلغان گەپ - سۆزلىرىنى، قىلىقلىرىنى شەيتانمۇ دوراپ بېرەلمەيتتى. لېكىن، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل، مىجەزى تۇز ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا سىڭدۇرگەنلىرى ئاز بولغاچقا، ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئۇمۇ چوڭ بولدى، بەزى يىگىتلەر ئۇنى قاپقانغا دەسسەتمەكچى بولۇپ سىناپ كۆردى، قوپاللىقىدىن، قائىدىسىزلىكىدىن زېرىكىپ قاچقانلارمۇ بولدى، بەزىلەر بۇ قىزنىڭ ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ئەسلا بىلمەيدىغانلىقىنى تۇيۇپ قېلىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى، تۇزاققا چۈشۈردى، بۈگۈن تۇزاققا چۈشۈرگەن بولسا، ئەتىسىلا قارىماي قويدى.

مانا بۇلار پەقەت ئاددىي بىر سىېلىشتۇرما، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، كۆزەتكەن ئىككى خىل تەربىيە مۇھىتىدا ئۆسكەن ئىككى قىزنىڭ كېيىنكى بىر - بىرىگە تۈپتىن قارىمۇقارشى بولغان تەقدىرى، ئەمما ئۇنىڭ تېگىگە ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلەر يوشۇرۇنغان. بۇ قىزلارنىڭ ئەڭ مۇھىم بېزىكى بولغان قىزلىق قەدىر - قىممەتنى ساقلاش - ساقلىماسلىق، ساقلىغاندىمۇ قانداق ساقلاش مەسىلىلىرىگە بېرىپ تاقىشىدۇ. ئۇنداقتا قىزلىق قەدىر - قىممەت دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق ساقلاش كېرەك؟

قىز بالا بولغانىكەن، ئۇ ئۆزىگە خاس نازاكەت، خۇلق،

ۋاپادارلىق، ساداقەتمەنلىك، مېھرىبانلىقنى بەلگە قىلغان قىزلىق قەدىر - قىممىتىنى يارىتىشى، مۇشۇ قەدىر - قىممىتى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، جەمئىيەتكە ئاز - تولا تۆھپە قوشۇشى، ھايات ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە جاۋاب قايتۇرۇشى ئىنسانىي مەجبۇرىيىتىدۇر. ئەلۋەتتە، پاكلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان، قىزلارغا خاس نازاكەت، قىزلىق شەرم - ھايا تۆكۈلۈپ تۇرغان قىزلارغا ھەممە كىشىنىڭ ئىچى كۆيىدۇ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىمۇ، ئابرۇيىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئەكسىچە پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ساقلىماي، تەييار دەسمايىسىگە تايىنىپ يۇقىرىغا يامىشىشنى كۆزلىگەنلەر، مەلۇم بىر مەقسەت ئۈچۈن ئۆزىنى بۇلغىغۇچىلارنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ئۇلارنىڭ «مەقسىتىگە يەتكەن» چاغدىكى خۇشاللىقىغا ناھايىتى چوڭقۇر ئازاب ۋە يىغا سىڭگەن. ئۇلار مەلۇم ۋاقىت ئۆزلىرىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئۆسۈپ قالغاندەك، ئۆزى سۇرۇۋاتقان ھۇزۇر - ھالاۋەتنى ھېچكىم سورۇپ باقمىغاندەك تۇيغۇدا ئۆزلىرىنى ئالداپ يۈرۈشىدۇ، ئەمما قەدىر - قىممىتىنىڭ پۇچۇق بارماققىمۇ ئەرزىمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايدۇ. خىيالىغا كەلتۈرگەندە بولسا ئاللىقاچان كېچىككەن بولىدۇ.

مېنىڭ بىر يېقىن دوستۇم ئۆزى گۇۋاھ بولغان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

مەن بىر قىزنى تونۇيتتۇم، ئۇ بۇنىڭدىن ئون يىل مۇقەددەم مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەنىدى. سەھرا چىراي، مىجەزى تۈز، ئۇستىبېشىدىن توپا تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئۇيالغىنىدىن قىزىرىپ - تاتىرىپ گەپنىمۇ ئوڭلاپ قىلالمايتتى. ئۇ سىڭلىم بىلەن بىر سىنىپتا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قىزنىڭ

ئائىلىسى بەك نامرات بولغاچقا، ئۇ دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۆيىمىزگە كېلەتتى. ھەر قېتىمدا ئاشۇ يۈزى تۆۋەن، تارتىنچاق، ئۇيالغىنىدىن گەپمۇ قىلالمايدىغان قىزنى كۆرەتتىم. شۇ تەرىقىدە بىر يىل ھەش - پەش دېگۈچىلا ئۆتۈپ كەتتى. مەنمۇ خىزمىتىمنىڭ ئالدىراشلىقىدىن بىر نەچچە ھەپتە ئۆيگە كېلەلمىدىم. بىر كۈنى كەلسەم سىڭلىم ئۆي ئىشلىرىنى قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئۆيدە ماڭا بىرى كەمدەكلا تۇيۇلدى. ئويلا - ئويلا ئاخىر سىڭلىمنىڭ ھېلىقى ساۋاقدىشىنىڭ يوقلۇقى ئېسىمگە چۈشۈپ، سىڭلىمدىن:

— دوستۇڭ كەلمەپتىغۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— كىمنى دەيسەن، ئايپاشانىمۇ؟ — دېدى سىڭلىم.

— ھەئە.

— ئۇنىڭ گېپىنى قىلما، ئۇ بۇ يازلىق تەتىلنى تۈگىتىپ كېلىپلا ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىپ كەتتى، ھازىر كۆرسەڭمۇ ئۇنى تونۇيالمايسەن جۇمۇ، — دېدى سىڭلىم.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، — دېدىم مەن قەتئىي ئىشەنمەي، — ئۇ قىزنىڭ ئۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ئىشەنمەيمەن.

كۆز ئالدىمدىن ھېلىقى يۈزى تۆۋەن، تارتىنچاق قىزنىڭ سىيماسى كەتمەيتتى.

— راست ئاچا، — دېدى سىڭلىم، — مەنمۇ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، ئۇ ئاجايىپ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ مودا ياسىنىشلىرىنى كۆرىدىغان بولساڭ... ھازىر ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ھەيران.

يەنىلا ئىشەنمىگەنىدىم، ئەمما ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قىزنى كوچىدا تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قېلىپ (ئۇ قىز تونۇشلۇق بەرمىگەن بولسا تونۇيالمايدىكەنمەن)، ئاندىن سىڭلىمنىڭ گەپلىرىگە ئىشەندىم. كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ

مودا ياسىنىۋالغان بىر قىز ساختا ھىجىيىپ تۇراتتى، كۆلكىسى، گەپ ـ سۆزلىرى، قىلىقلىرى ھەممىسى ساختا ئىدى. مەن ھېلىقى يۈزى تۆۋەن قىز بىلەن بۇ قىزنىڭ ئەسلىدە بىر قىز ئىكەنلىكىنى زادىلا ئەقلىمگە سىغدۇرالمايۋاتاتتىم. كۆز ئالدىمدا يەنە ئاشۇ ئۈيالغىنىدىن گەپمۇ قىلالمايدىغان يۈزى تۆۋەن قىز...

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مودا قىزنىڭ سىرى ئاشكارىلاندى. ئۇ باشقا ئوت قۇيرۇقلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن پۇلدار شەھۋەتپەرەسلەرنىڭ تۇزىقىغا دەسسەپ، ئۇلار بەرگەن تۇتام ـ تۇتام پۇللارغا كۆزى قىزىرىپ، «مانتا كۆرمىگەن دىۋانە قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ كەتكەنىكەن. بۇ مودا قىز ئوقۇشىنى پۈتكۈزگىچىلىك خېلى داڭقىنى چىقىرىۋالدى، ئالىي مەكتەپتىكى نەچچە ئون مىڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپى ئۇنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ بىر تىپىنغا ئەرزىگۈدەكمۇ قەدىر ـ قىممىتى قالمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئوقۇشىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلدى. مەكتەپتىن چېكىنگەندىن كېيىنمۇ ھەممە ئۇمىدىنى ئاشۇ «شەپقەتچىلىرى»گە، قوينى كەڭ ئورۇمچىگە باغلاپ تۇرىۋەردى. ئۇلارنىڭ ساۋاقداشلىرى مەكتەپ پۈتتۈرگەندە ئۇ ھەتتا قىرىق نەچچە ياشلىق بىرىدىن بىر بالىلىقمۇ بولغانىدى. ئارىدىن يەنە ئىككى يىل ئۆتكەندە مەن سىڭلىمدىن تۇيۇقسىز:

— ھېلىقى ساۋاقدىشىڭ ئورۇمچىدە بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم. سىڭلىم بىر ئاز قايغۇرغان ھالدا:

— ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى.

— نېمە؟ نېمە بولۇپ؟

— مەنمۇ بىر نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا يىر ساۋاقدىشىمدىن

ئاڭلىدىم، ئۆزىنى بىنادىن تاشلىۋاپتۇ، — دېدى سىڭلىم.

ئەسلىدە بۇ قىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۈن كۈنىدىن ئاشقانىدى. بىچارە ئاتا ـ ئانىسى كۆز يېشى قىلغان پېتى يۇرتىدىن كېلىپ ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

— بىچارە، ئىلگىرى تولىمۇ يۇزى تۆۋەن قىز ئىدى... — دېدىم مەن ئېچىنىپ.

— بىچارە... كىچىكىدە ياخشى تەربىيە كۆرەلمىگەنىكەن، — دېدى ئاپام پېشقەدەم مائارىپچىغا خاس يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن، — ئەگەر ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈزۈپ، ئەتراپلىق تەربىيەلىگەن بولسا، بۇ قىز ھەرگىز خاتا يولغا كىرىپ كەتمەيتتى، ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن ئادەم ئەنە شۇنداق روھىي جەھەتتىن ئاجىز بولۇپ قالىدۇ.

مانا، ئارىدىن ئۈن يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھاياتىمدا نۇرغۇن ئىشلار ئۆتتى، نۇرغۇن ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كەتتى، ئەمما ئاپامنىڭ شۇ بىر ئېغىز گېپى ھېلىغىچە قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ.

مەن مانا شۇ ئىشلاردىن كېيىن قىزلارغا بولغان ئائىلە تەربىيەسى، مەكتەپ تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسى بىرىشنىڭ، بۇنداق تەربىيەلەرنى بەرگەندىمۇ يۇرىكىگە سىڭدۇرۇپ بېرىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتىم، تەربىيە ئەتراپلىق بولماي قالسا، قىزلار ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى تولۇق تونۇپ يەتمىسە، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم چاتاق چىقىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تېپىلماي قالىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. قىزلىق قەدىر ـ قىممەت ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت بولۇپلا قالماي، يەنە قىزلارغا خاس بولغان ئىززەت ۋە ئابرۇيىنى بەلگە قىلغان قەدىر ـ قىممەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇكى، بۇنداق قەدىر ـ قىممەتنى ساقلىغان

قىزلار پاكلىق ۋە يورۇقلۇقتا ئاي ۋە كۈنگە سېلىشتۇرغۇسىزدۇر. شۇڭا، قىزلىق قەدىر - قىممەت تەربىيەسى (قىزلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيەلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قىزلارغا ياخشى خۇلق، نازاكەت ۋە ئىپتىخارلار بېغىشلايدۇكى، قىزلارنىڭ ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ساقلىشى، ئۆز قەدىر - قىممىتىنى يارىتىشى، ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ئاشۇرۇشى تولىمۇ مۇھىمدۇر.

ئادەمگە ساغلام تەن ۋە ساپ هاۋا قانچىلىك كېرەك بولسا، ئۇنىڭغا يەنە ئاڭلىق ئادەملەر توپى ئارىسىدا، مەدەنىي دۇنيا ئېلىپ كەلگەن تۇرلۇك - تۈمەن ئىشلاردا ئىنسانىي قەدىر - قىممەت ۋە ئابرۇيمۇ شۇنچىلىك مۇھىم. شۇنداق ئىكەن، قىزلار ئۈچۈن قىزلىق قەدىر - قىممەت تېخىمۇ مۇھىمدۇر. قىممىتىنى ساقلىغان، ئىززەت - ئابرۇيى جايىدا بولغان قىزلار ناھايىتى ئاسانلا ئۆزى نىشانلىغان غايە مەنزىلىگە يېتەلەيدۇ، پارلاق كەلگۈسى يارىتالايدۇ.

دەرۋەقە، ياخشى تەربىيە كۆرگەن ۋە ئىلىم نۇرى بىلەن خۇلقىنى ياخشىلىغان قىزلار ھەر يەردە ئىززەت تاپىدۇ، ئابرۇي قازىنىدۇ. ئىلىم قىزلار ئۈچۈن ئەڭ يارىشىدىغان زىنىنەت. ئەقلىنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرغان ھەر بىر قىز نومۇس، ئىززەت، قىزلىق قەدرىنى چۈشىنىپ يەتسە، ئاندىن باشقىلارنىڭ ئالدىدىمۇ قەدىرلىك بولىدۇ، ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. بۇنداق هايا نىشانىسى ئېنىق قىزلار ھېچقانداق ئىشتا ئادىشىپ قالمايدۇ. ئىلىمسىز قىز بولسا تۇرمۇشتىكى ھەر قانداق ئىشتا تۇرلۇك كەمچىلىكلەرگە يول قويىدۇ. قىزلار ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر نەرسە بولغان نومۇس، ئىززەت، هايا قاتارلىق پەزىلەتلەر ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق تېخىمۇ نۇرلىنىدۇ.

قىزلىق قەدىر - قىممەتنىڭ ئېنىق شەپىسى بارغانسېرى

سۇسلاپ كېتىۋاتماقتا، نۇرغۇن قىزلار پۇل ۋە ساختا ئابرۇيىنىڭ قۇربانى بولۇپ، ئەخلاق جەھەتتىن بۇزۇلۇپ، قىزلىق قەدىر ـ قىممىتىنى يەرگە ئۇرماقتا، ئىچىنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتۇشنىڭ ئورنىغا ئۇنى قۇپقۇرۇق قالدۇرماقتا ياكى ناشايان ئىشلار بىلەن تولدۇرماقتا. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا قىزلىق قەدىر ـ قىممەتنى قانداق ساقلاشنى، قانداق يارىتىشنى بىلمەسلىك، قىزلىق قەدىر ـ قىممەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەدەپ دۇردانىلىرى ۋە ئەخلاق جاۋاھىراتلىرى بىلەن قوراللانماسلىقمۇ قىزلار ئۈچۈن تولدۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان ئېغىر تالاپەتتۇر. بۇ تالاپەتلەرگە بويۇن ئېگىش، يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەلەرنىڭ يىلتىزىنى بىلىپ تۇرۇپ كەسمەسلىك، كىشىلىك ئەخلاق مىزانلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلماسلىق ۋە قىزلارغا خاس گۈزەل ئەخلاق نەمۇنىلىرىنى ياراتماسلىقمۇ ۋىجدانلىق، ئەقىدە ـ ئېتىقادلىق قىزلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. بۇنداق ئىشلارغا سۈكۈت قىلىش نومۇس.

خۇددى ئۆلۈمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىغان جەسۇر قەھرىمانلارغا ئوخشاش، ئەخلاقسىزلىقلارغا ۋە يامان قىلىقلارغا ئۆز قۇربىنىڭ يېتىشىچە تاقابىل تۇرۇشمۇ قىزلىق ئالىي قەدىر ـ قىممەتنىڭ نىشانىسىدۇر.

ئەي قىز! قىزلىق قەدىر ـ قىممەتنىڭ ئېنىق شەپىسى تۇيۇقسىز يەنە پەيدا بولۇپ قالدى ۋە بارغانچە روشەنلەشمەكتە. بۇ بەلكىم سىزگە ئوخشاش پەزىلەت غۇنچىلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقىنىڭ بىر دەلىلى بولسا كېرەك. بۇ شەپە يەنىمۇ روشەنلىشىدۇ ۋە ۋىجدانلىق، ھايالىق قىزلارنىڭ بەخت يۇلتۇزى بولمىش چولپانغا ئوخشاش كۆكتە پارلايدۇ، ئىزتىراپ چەككۈچىلەرنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى قاياقلارغىدۇر سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ، دەپ بىلگەيسىز!

ئۈچىنچى ئەڭگۈشتەر

## ئۆزىڭىزگە ئىشىنىدىغان يۈرەك بارمۇ؟

ئۆزىگە بولغان تاغدەك ئىشەنچ يەنە شۇ تاغدەك ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن كۈچلۈك مەنىۋى قورال بولۇپ كەلگەن. بۇ مەنىۋى قورالدىن ئايرىلغان ھەر قانداق ئىش كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيدۇ. ئۇنداقتا، ئەي گۈزەل قىز! سىزدە ئۆزىڭىزگە ئىشىنىدىغان قەيسەر يۈرەك بارمۇ؟

ھاياتلىقتا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىنتايىن مۇھىم، بولۇپمۇ قىزلار ئۈچۈن شۇنداق.

بۈگۈنكى دۇنيادا قىزلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توساق بولۇۋاتقان نۇرغۇن «تام»لار ئۆرۈۋېتىلدى، چەكلىمىلەر ئېلىپ تاشلاندى. قىزلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى كەڭ - كۆشادە جارى قىلالايدىغان، ئۆزىنى نامايان قىلالايدىغان، ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئاشكارا جاكارلىيالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئېرىشتى. ئاتا - ئانىلارنىڭ، بولۇپمۇ زىيالىي ئاتا - ئانىلارنىڭ قىزلىرىغا بولغان كۆزقارىشى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇلار قىزلىرىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشىنى قوللايدۇ، ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ئوقۇتۇشقا ھەر دائىم تەييار، ئۇلار ئامال بار قىزلىرىنىڭ يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ. ھالبۇكى، بەزى ئاتا - ئانىلار نۆۋەتتىكى ۋاقىتلىق رېئاللىقتا ئاساسەن بۇرنىنىڭ

ئۇچىنىلا كۆرۈپ، ئوقۇشىمۇ خىزمەت تېپىشنىڭ تەسلىكى، تاپقان تەقدىردىمۇ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن تۇرمۇشلۇق قىلىش بىلەن قىلغان ئەجرىنىڭ «بىكار» بولۇپ كېتىشىنى كۆزدە تۇتۇپ: «قىز بالا دېگەن كۆپ ئوقۇسا بولمايدۇ، بەربىر ئوغۇل باللاردەك چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەننى باھانە قىلىپ، قىزلارنىڭ يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇپ، جەمئىيەتكە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇش، كەلگۈسىدە يارامىلىق ئانا بولۇپ، يارامىلىق پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەشتەك مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىمكانىيىتىنىمۇ ئامالىنىڭ بارىچە بوغماقتا، ئۇلارنىڭ ئوتلۇق ئىنتىلىشلىرىگە سوغۇق سۇ سەپمەكتە.

بۇ دۇنيا يارىلىشىدىنلا ئوغۇللار ۋە قىزلار بىلەنلا بىر پۈتۈنلۈككە، چوڭقۇر مەنىگە، ئاجايىپ رەڭدارلىققا ئىگە بولۇپ كەلگەن. قىزلارسىز بۇ دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىش، ھەر قانداق شەيئىنى يەككە ھالدا چۈشىنىش، ئاددىيسى بۇ دۇنيانى مەۋجۇت دەپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. بىر پۈتۈن ۋۇجۇد نۇقتىسىدىن قىزلار ئوغۇللار قىلالىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، ھەتتا ئىنسان ئەۋلادى مۇشۇ قىزلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەنلا تارىلالايدۇكى، بۇنداق ئاجايىپ ئىقتىدار ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، بۈيۈكلۈكىنى كۈندەك روشەن دەلىللەپ بېرىدۇ. قىزلارنىڭ قابىلىيىتى ئوغۇللارنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرسا تۇرىدۇكى، ھېچقاچان تۆۋەن تۇرمايدۇ، ئۇلار كەلگۈسىدە بىر ئۆمۈر ئۆي ئايالى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، شان ـ شەرەپ قۇچالايدۇ، قەدىر ـ قىممەت تاپالايدۇ، ئۇلارنىڭمۇ خەلقىمىز ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇش مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى بار. شۇنداق ئىكەن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سۆيۈملۈك قىزلىرىغا تولۇق شەرت ـ

شارائىت يارىتىپ بېرىش، ئۇلارنى ئەتراپلىق تەربىيەلەش، روھىنى توق قىلىش، كەلگۈسى ئىستىقبال يولىنى ئېچىشىغا ھەمدەمدە بولۇش، ئۇلارنى بىلىمنىڭ چوققىسىغا چىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئىلھام بېرىش، شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بار بولسا باركى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشلىرىنى بوغۇشقا ھەققى يوق.

ئەي قىز! شۇنداق ئىكەن، سىزمۇ ھاياتلىق يولىدا يولۇققان ھەر قانداق توسالغۇلارنى ئۆزىڭىزنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەن، ھەر خىل مۇشكۇللۇكلەر كەلسىمۇ باش ئەگمەيدىغان، مۇشكۇللۇكلەر ئارىسىدىن يول تاپىدىغان، ئۆزىڭىزگە قەتئىي ئىشىنىدىغان قەيسەر يۈرەكنى يېتىلدۈرۈشىڭىز لازىم. ھەرگىزمۇ: «مەن دېگەن قىز بالا، ھەر قانچە قىلغىنىم بىلەنمۇ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلمەيمەن، ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىپ بىكاردىن ـ بىكار رىيازەت چەككىنىمدىن كۆرە، ئەپلەپ ـ سەپلەپ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمنى كاپالەتكە ئىگە قىلسام ماڭا شۇ يېتەرلىك» دەپ ئىلگىرىلەش يولىڭىزنى توسۇپ قويماڭ، ئۆز پۈتىڭىزغا ئۆزىڭىز پالتا چاپىماڭ. ئوغۇللاردا بار كاللا سىزدىمۇ بار، قابىلىيەتمۇ ھەم شۇنداق. پەقەت ئۆزىڭىزگە قەتئىي ئىشىنىدىغان قەيسەر يۈرەك يېتىلدۈرگەنلا بولسىڭىز، ئۆزىڭىزگە قاتتىق تەلەپ قويسىڭىز، ئوغۇللار قىلالىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلىپلا قالماي، بەلكى ئوغۇللاردىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتەلەيسىز، غايە ۋە ئىستىقبال چوققىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىيەلەيسىز؛ قىزلارنىڭ قانچىلىك قابىلىيىتى بارلىقىنى، قانداق زور ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى خەلقئالەمگە جاكارلىيالايسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە ـ مۇنچە ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە چەكلىمىلەرنىڭ تەسىرى بىلەنلا ئۆزىڭىزنى تۆۋەن

چاغلىسىڭىز، ئۈمىدسىزلەنسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە نەزەر سېلىڭ، خەلقىمىز ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان قىزلار تىرىشىپ ئۆگىنىپ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇۋاتىدۇ، دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرىنى ئېلىۋاتىدۇ، پەنني بىلىملەرنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. مۇھىم ئورگانلاردا ئىشلەپ ئەل ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇۋاتىدۇ. ئۇلار قىلغان ئىشلارنى سىز نېمىشقا قىلالمايسىز، سىزنىڭ ئۇلاردىن نەرىڭىز كەم؟ سىزنىڭ ھېلىھەم كەڭ ـ كۆلەمدە تەربىيەلىنىش پۇرسىتىڭىز بار. ۋۇجۇدىڭىزغا ئاجايىپ زور يوشۇرۇن ئىقتىدار مۇجەسسەم بولغانكى، بۇنداق ئىقتىدارنى بۇ دۇنيانىڭ ئانچىكىم پېشكەللىكلىرى، توسالغۇلىرى ئۈچۈن بىھۇدە زايە قىلىۋېتىش تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئەي قىزچاق، جۈرئەتلىك، ئۈمىدلىك، يۈرەكلىك ۋە تىرىشچان بولۇپ، ئىلىم ـ پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىغا ئۆرلەپ، خەلقىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ زور، تېخىمۇ بۈيۈك تۆھپىلەرنى قوشۇشقا ئىمكانىيىتىڭىز ۋە ئەقلىي قابىلىيىتىڭىز تامامەن يېتىدۇ، نۇرغۇن شان ـ شەرەپلەر سىزگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. ئۇلۇغۋار مەقسەت، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قەيسەر يۈرەك، پولاتتەك قەتئىي ئىرادە بىلەن بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەن دەۋرىگە، رىقابەت دۇنياسىغا، ئوغۇللارغا جەڭ ئېلان قىلالىغۇدەك جاسارەت سىزدە تولۇپ يېتىپتۇ. مەن تۆۋەندە كەلتۈرگەن كىچىككىنە مىسالدىن بۇنى ئېنىق ھېس قىلىۋالالايسىز.

مېنىڭ بىر مۇخبىر دوستۇم ئۆزىنىڭ زىيارەت قىلىش جەريانىدا كۆرگەن بىر ئىشنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇنىڭدىن تۆت يىل مۇقەددەم، تاسادىپىي پۇرسەتتە بىر قىزنى زىيارەت قىلغانىكەن. ئۇ چاغدا بۇ قىز مەلۇم

ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقانىكەن، ئوقۇش بەدەل پۇلىنىڭ نەچچە قاتلاپ ئۆسۈپ كېتىشى، مال باھاسىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلىشى نۇرغۇن بالىلارنى تۇيۇقسىزلا قىيىنچىلىقى ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق ئويغا چۆمۈپتۇ، قانداق قىلغاندا بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر نەچچە ئوغۇل بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ، ئەمما يەنىلا پىكىر دە بىرلىككە كېلەلمەپتۇ. ئۇ بىر ئىش قىلىشنى، قىيىنچىلىقتا قالغان ئوقۇغۇچىلارنى مۇشۇ ئارقىلىق مەنپەئەتلەندۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ ـ دە، ئەتراپىغا بىر نەچچە ئوقۇغۇچىنى توپلاپ، ئائىلە مۇلازىمىتى، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تونۇشتۇرۇش مۇلازىمەت ئورنى قۇرۇپتۇ. دەسلەپتە ئىشلىرى ھە دېگەندە ئوڭۇشلۇق بولماي قاپتۇ، ئەمما بۇ قىزنىڭ پۇلاتتىنمۇ چىڭ ئىرادىسى بار ئىكەن، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا، نەتىجە يارىتىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنىدىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ پىلانلىغان ئىش قىيىنچىلىقلار ئارىسىدا يۇرۇشۇشكە باشلاپتۇ، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقانلار بىر نەچچە قېتىم قىيىنچىلىقلارغا چىدىماي بۇ سەپتىن ئايرىلىپتۇ، ئەمما بۇ قىز دائىم سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ تونۇشتۇرغان ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىرى بەزى باي كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى تەربىيەلەش جەريانىدا ئۇلارغا ياراپ قاپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ نامرات ھالى مەلۇم بولغاندىن كېيىن بايلار ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى كۆتۈرۈۋەتكەن ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىپتۇ. بۇ قىز ئۆزى ئىشلەتكەن ئادەملەرنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىگە ئالاھىدە قاتتىق تەلەپ قويغانلىقتىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەيلى ئۆي تازىلايدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئىشلەتكۈچىلەر بولسۇن ۋە مەيلى ئائىلە

ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئىشلەتكۈچىلەر بولسۇن، ئۇلاردىن رازى بوپتۇ، كىشىلەردە ئىشەنچ پەيدا بوپتۇ. بارا ـ بارا ئۇنىڭ مۇلازىمەت مەركىزى ئۇرۇمچىدىكى ئاساسلىق ئالىي مەكتەپلەرنى قاپلاپتۇ، ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق نەپكە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلار نەچچە يۈزگە يېتىپتۇ. يۈرەكلىك، جاسارەتلىك بولغاچقا، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ قىپتۇ، ئىشتىن قاچماپتۇ، پۇل تاپىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى نەپكە ئېرىشتۈرىدىغانلا ئىش بولسا مەينەت ئىش دېمەي قىلىۋېرىدىغان بوپتۇ. ھەر قانداق تۇسالغۇنى ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىسى ۋە ئۆزىگە قەتئىي ئىشىنىدىغان قەيسەر يۈرىكىگە تايىنىپ يېڭىپتۇ. ئۆتكەن يىلى بۇ قىز ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندە، ئەسلىدىكى كىچىك مۇلازىمەت مەركىزى مۇلازىمەت شىركىتىگە ئايلىنىپتۇ، مەبلىغىمۇ خېلى كۆپىيىپتۇ. ئۇ مۇخبىرغا: «مەن ئەمدى خىزمەت تاپىمەن دەپ ئاۋارە بولمايمەن، مانا بۇ مېنىڭ خىزمىتىم بولۇپ قالدى، قورۇق قول ئىگىلىك تىكلىدىم، بۇ جەرياندا مەن تۈرلۈك تۇسالغۇلارنى يېڭىپ كۆپ تەجرىبە ھاسىل قىلدىم. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى يولۇمدا ئانچە تەمتىرەپ قالمايمەن، چۈنكى مەندە ئۆزۈمگە قەتئىي ئىشىنىدىغان قەيسەر يۈرەك بار» دەپتۇ.

## تۆتىنچى ئەڭگۈشتەر

# ھايا، نومۇس قىزلارنىڭ پاكلىق چۈمپەردىسى

ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھايا بىلەن نومۇس ئىنسانلارغا ئورتاق بولۇپ، بۇنىڭدىن ئايرىلغان ياكى ھايا، نومۇس قارىشى تۆۋەنرەك، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىغان كىشىلەرنى مۇكەممەل ئادەم دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. تەبىئىي خۇسۇسىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوغۇللار سەل قوپال، تەشەببۇسكار، قېنى قىزىق، قارام كېلىدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، قىزلار نازۇك، تارتىنچاق، يۇزى تۆۋەن، سوغۇققان كېلىدۇ. ھايالىق ۋە نومۇس ئوغۇللارغىمۇ زىننەت بولالايدۇ، ئەمما قىزلارغا بەكرەك زىننەت قوشىدۇ. «ھاياسىز»، «ئەخلاقسىز»، «نومۇسسىز» دېگەن تىل ــ ھاقارەتلەرگە ئۇچراش قىزلار ئۈچۈن ئۆلۈمگە باراۋەر. يۇقىرىقىدەك ئاتاق ئالغان قىزلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە قىزلىق قەدىر ــ قىممىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغانلاردۇر.

ھازىر زاماننىڭ چاقى بىز تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدىنمۇ تېز ئايلانماقتا، كىشىلەر ئارىسىدىكى مەدەنىي ئالاقىلەر بارغانچە ماددىيلىشىش تۈسىنى ئېلىپ، تەبىئىي تاللىنىشنىڭ ئورنىنى سۈنئىيلىك بۇلۇتلىرى توسۇۋېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ روھىيىتىدە مۇشۇ ئون يىلدىن بۇيان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. زامانىۋى ئالاقىلىشىش قوراللىرى ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا شىددەت بىلەن سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، قويۇق ئۇيغۇرچە مەنىۋى

www.uyghurkitap.com

پۇراق ئاجىزلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ماددىيلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان ساختا مۇناسىۋەتلەر ئىگىلىدى. كىشىلەردىكى بولۇپمۇ هازىر ئوتتۇز ياشقا بارمىغان قىز ـ ئوغۇللىرىمىزدا هايا، نومۇس چۈشەنچىلىرى سۇسلاپ كەتتى. ئۇيغۇرنىڭ ئەسلىي ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا ئوغۇللار قىزلار بار جايدا ئۆزلىرىنىڭ بەزىبىر سەل چەكتىن ئېشىپ كەتكەن گەپ ـ سۆزلىرىنى دېيىشتىن، تونۇسۇن ـ تونۇمىسۇن چوڭلارنىڭ ئالدىدا دېيىشتىن، قىزلار ئوغۇللاردىن، چوڭلاردىن هايا قىلىدىغان، هېيىقىدىغان ئەهۋاللار ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. ئەمما، هازىر ئۇنداق ئەمەستەك تۇرىدۇ. ئاددىيسى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى چېغىدا ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن، چوڭلاردىن هېيىقمايدىغان، هايا قىلمايدىغان ئەهۋاللار بەك ئېغىر ئىكەن. مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدىغان ئوقۇتقۇچى دوستۇم ئۆز مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بەزى ئەهۋاللىرىنى سۆزلەپ بېرىۋېدى، هەيرانلىقتىن ياقامنى چىشلەپ، تولا تۇۋا قىلىپ كەتتىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، تولۇقسىز سىنىپتىكى بىر قىز ئۇدا ئون بەش كۈنگىچە ئۆيىگە كىرمەي دىسكوخانىلاردا كۈن ئۆتكۈزگەن، ئاتا ـ ئانىلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇ بېرىشى مۇمكىن دەپ قارالغان جايلارنى ئىزدەپ قېزىۋەتكەن، تاپالماي ساراڭ بولاي دېگەن. ئاتا ـ ئانىلىرى «بالام مەكتەپكە كەتكەن، مەكتەپتە يوقاپ كېتىپتۇ، بۇنىڭغا سىلەر مەسئۇل» دەپ تەتۈرلۈك قىلغىلى تۇرۇپتۇ، بۇ هال مەكتەپ رەهبەرلىرىنى ۋە سىنىپ مەسئۇلىنى تولىمۇ ئوسال ئەهۋالدا قالدۇرۇپتۇ. كېيىن بۇ قىز تېپىلىپتۇ (ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالغان)، ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭدىن ئىچكىرىلەپ ئەهۋال ئىگىلەپتۇ. مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى كۆرەر كۆزى يوق ئىكەن، ئۆيىدە تۇرغۇسى يوق ئىكەن. چۈنكى، ئاتا ـ ئانىسى كۈندە ئۇرۇش ـ تالاش قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا

بىردەممۇ ئارامىلىق يوق ئىكەن. شۇڭا، ئۇ بۇ جەڭگىي ـ جېدەلگە تولغان ئائىلىدىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولغان. بىر تونۇشىنىڭ تۇرتكىسىدە دېسكوخانىغا بارغان، ئىچكەن، ئوينىغان، دۇنيانىڭ ھۇزۇرى مۇشۇ ئىكەن دەپ بىلگەن. دوستۇمنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئەسلىدە بۇ قىزنىڭ نەتىجىسى خېلىلا ياخشى بولۇپ، نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈككەنىكەن. ئەمما، ئائىلە شارائىتى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۈندە جېدەللىشىشى ئۇنىڭ كۆپرەك ئۆگىنىش قىلىشىغا توسالغۇ بولغان. ئاتا ـ ئانىسى ھايا قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇمۇ سەت ئىللاشنى، نومۇس قىلماسلىقنى ئۆگەنگەن.

ــ ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرى قانداق بولدى؟ ــ سورىدىم مەن.

ــ قانداق بولاتتى دوستۇم، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپ تۈزۈمى بولغاچقا، ئۇ قىز يەنە ھېچنېمە خىيالىغا كىرىپ چىقمىغان ھالدا ئوقۇۋاتىدۇ. ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا...

ــ سىلەردىنغۇ ھايا قىلار، ئەمدىغۇ بۇرنىغا سۇ كىرگەندۇ؟

ــ كىچىك چېغىدا بىر بۇزۇلغان نەرسىنى تۈزىمەك تەس ئىكەن. ئۇ قىز ھازىرمۇ سىنىپتا يولۋاستەك يۈرىدۇ، ھايا دېگەن نەرسىنى بىلمەيدۇ، ھەر ـ ھەر قىلىقسىز ئوغۇللارمۇ ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، ئاغزى بىر ئېچىلىدىغان بولسا...

مەن بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئازابلىنىپ كەتتىم. بۇ قىز كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولار؟ ئۇ كېيىن بالىلىرىنى قانداق تەربىيەلەر؟ دېگەن سوئال يىپى كاللامنى چىرمىۋېلىپ نەچچە كۈنگىچە ئارامىم بۇزۇلدى.

ھايا ۋە نومۇس چۈشەنچىسى خەلقىمىزگە نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ھەمراھ بولۇپ كەلگەن مەنىۋى تۈۋرۈك، بىز ئۇنى بىردەملىك تاشلىساق، روھىيىتىمىز قۇپقۇرۇق قالسا،

ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆزىمىزگە ئەزەلدىن يات بولغان چەت ئەللىنىڭ چاكىنىلىقلىرى بىلەن تولدۇرساق، بۇ بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنى بىز ئويلاپمۇ باقمىغان ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگىچە دۇچار قىلماسمۇ؟ ئۇقۇشۇمچە، ئۈرۈمچىنىڭ مەلۇم بىر چوڭ كوچىسىدا ئېچىلغان بىر داڭلىق دىسكوخانا بار ئىكەن، ئۇ باشقا دىسكوخانىلاردەك كەچ سائەت ئوندىن كېيىن ئەمەس، دەل چۈشتە، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چۈشلۈك دەم ئېلىشىدا ئېچىلىپ قىزىپ كېتىدىكەن. بۇ يەردە ئوقۇغۇچىلار چۈشلۈك تامىقىنى يەپ بولۇپلا كۆمەكلىشىپ، «ئۇسسۇل» ئوينايدىكەن. بۇ ئۇسسۇل ئاستا رىتىمدا بولۇپ، ئۆيغۇرچە ناخشا تەڭكەش قىلىنمىغانىكەن، قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار خۇددى سوپىلاردەك يۇمىلاق دائىرە ھاسىل قىلىپ ئوڭ قولاق تۈۋىدە بىر چاۋاك، سول قولاق تۈۋىدە بىر چاۋاك چېلىپ، ئۆزلىرىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، باشلىرىنى مۈزىكىغا كەلتۈرۈپ لىڭشىتىپ چۆرگىلەيدىكەن. ھەرخىل قىلىقلارنى چىقىرىدىكەن. مۇشۇ تەرىقىدە بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ئويناندىن كېيىن دەم ئېلىش ۋاقتى توشىدىكەن ـ دە، ئۇلار ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك سىنىپلارغا كىرىپ دەرس ئاڭلايدىكەن. بۇ تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلارنى «مەتولار»، «مەتو ئۇسسۇل ئوينايدىغانلار» دەپ زاڭلىق قىلىدىكەن. ئۇلار ئارىسىدا قىز ـ ئوغۇللارنىڭ پەرقى يوقىلاي دەپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپكە، ھاياسىزلىقىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدىكەن.

بىز ئاجايىپ ـ غارايىپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان ياپونىيە، ئامېرىكا، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە، يېقىنىنى ئېلىپ ئېيتساق، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ھايا، ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى

ئىززەتلەش ئاجايىپ قاتتىق يولغا قويۇلىدىكەن. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر تۇغقاندەك ئۆتىدىكەن، چۈشلۈك تاماقنى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزلىرى ئېتىپ يەيدىكەن، ھەرقانداق مەدەنىي پائالىيەت مەكتەپ ئىچى بىلەن چەكلىنىدىكەن. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا ھۆرمىتى، ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ھۆرمىتى، ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەتلىشى ناھايىتى جايىدا ئىكەن. ئۆزبېكىستاندا بولسا، خۇددى ئائىلىمىزدە ياشاۋاتقاندەكلا، قىز ـ ئوغۇللار مۇناسىۋىتى ئاچا ـ ئىنىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدىكەن. بىر ـ بىرىگە كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق تېمىپ تۇرىدىكەن. تۈركىيەدەك ياۋروپا مەدەنىيىتى بىلەن ئاسىيا مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەنگەن، تەرەققىياتى تېز بولۇۋاتقان دۆلەتتىمۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىر ياقتا قالسۇن، ھەتتا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ دىسكوخانا، كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرىغا كىرمەكچى بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ قىز دوستى بىلەن كىرىشى كېرەككەن، ئەگەر يالغۇز بولسا، بېشىنى تامغا ئۇرغان تەقدىردىمۇ كىرگۈزمەيدىكەن. كوچا ئاپتوبۇسلىرىدىمۇ تونۇشمايدىغان قىز ـ ئوغۇل ھەرگىز بىر ئورۇندا ئولتۇرمايدىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىي ئەخلاقى ئىكەن.

مانا مۇشۇلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن قىزلىرىمىزدا، ئوغۇللىرىمىزدا ھايا، نومۇسنىڭ يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىدا جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاقنىڭمۇ بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتى بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالىمەن.

ئادەمنى يامان ئىشلاردىن توسىدىغان ھايا ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى خىسلەت ۋە كىشىلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ئۆلى

ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئىمان دەرەختۇر، ھايا شاختۇر» دېگەنىدى. ئەگەر ھايا بولمىسا، كىشىلەر بىر ـ بىرىدىن ئۇيالمىسا، خەلق ئارىسىدا ياخشى قائىدە ـ يوسۇنلار يوقىلىپ، ھەممە ئىشقا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئادەملەردە ئىشەنچ ۋە ديانەت قالمايدۇ. مانا بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كىشىلەرگە ھايادىن يېتەرلىك مەنپەئەت باردۇر. ياخشى خۇي ئەخلاق مېۋىسى ھايادىن تەربىيەت تاپمىسا، ئۇ ھەرگىزمۇ كىشىگە لەززەت بەرمەيدۇ.

بىلىش كېرەككى، گۈزەللىكنىمۇ ھايا بىلەن سۆيۈش كېرەك. قىز بالىنىڭ ھەممە بايلىقى ئۇنىڭ نومۇسى، بۇ بايلىق ھەر قانداق مىراستىنمۇ قىممەتلىك. مىڭ ئەپسۇسكى، بىز ھازىر كوچىغا چىقساقلا ھاياسىزلىق توپ ـ توپى بىلەن كۆز ئالدىمىزدىلا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. غەربكە سېغىنىش، زامانىۋى ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى شۇلاردىن كەلگەن، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئېگىنىنىڭ يۇقىرىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قاراش ياشلىرىمىزنى، بولۇپمۇ قىزلىرىمىزنى بىراقلا يامان يوللارغا باشلاپ كېتىۋاتىدۇ، ھاياسىزلىق، نومۇسسىزلىق، بەتقىلىقلارغا چىدىغىلى بولمايدىغان ھالغا يېتىپ قالدى. خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قىبلىنامىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ھايا، نومۇس چۈمپەردىسى قايرىۋېتىلدى. ھەقىقىي زامانىۋى ئاڭنىڭ كەمچىل بولۇشى ۋە ئەخلاقنىڭ بالىلار تەربىيەسى ۋە ئائىلە تەربىيەسىدە كۆپ تەكىتلەنمەسلىكى، ئېڭىغا سىڭدۇرۇلمەسلىكى سەۋەبلىك زامانىۋىلىق ۋە ئېچىۋېتىش، ئەركىن بولۇشنىڭ يامان تەسىرلىرى يوپۇرۇلۇپ كىرگەن ھامان ئەنئەنە ۋە ئەخلاق ئىگى تۆۋەن قىزلىرىمىزنىڭ ئەخلاقى زور دەرىجىدە بۇلغىنىشقا ئۇچرىدى.

ئەي قىز! ئەخلاقتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك مەنىۋى قورالنى تاشلىۋەتكەن كۈندىن باشلاپ ئۆز ـ ئۆزىڭىزدىن

ياتلىنىشۋاتقاندەك، تۇرمۇشىڭىزدا قانداقتۇر بىر ەر نەرسە كەمدەك ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ ھاياسىزلىق بىلەن سىلىق ـ سىپايە بولۇشنىڭ پەرقىنى، بىر بىنىڭ ئادەمنى نەقەدەر چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى، يەنە بىر بىنىڭ ئادەمنىڭ سۆلكىتىگە سۆلكەت قوشۇپ، ئاجايىپ جەزبىدارلىقا، لاتاپەت بابىدا يېگانىلىككە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ «سىلىق سۆز تاشنى يارار، قوپال سۆز باشنى» دېگەن ماقاللىرىمىزنىڭ تېگىگە يەتتىڭىزمۇ؟

ھاياسىزلىق ۋە نومۇسسىزلىق، بىئەدەپلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ ھايا ۋە نومۇسنىڭ قەدرى خەلقىمىزگە، قىزلىرىمىزغا بەكرەك ئۆتۈلىدىغان بولۇپ قالدى، ئادەم قايسى نەرسىنى يوقاتقاندا شۇ نەرسىگە بەكرەك ئۆزىنى ئۇرىدۇ، تەشنا بولىدۇ، تەلپۈنىدۇ. بۇ تەلپۈنۈش قىزلىرىمىز روھىيىتىدىكى مەنىۋى بوشلۇقنىڭ، مەدەنىي ئاڭنىڭ، ئەدەپ ـ ئەخلاق يوچۇقىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

ئەي قىز! ئادەم ئۆزىگە تەلەپچان بولۇشنى بىلىشى كېرەك. ھايات دېگەن ئىنسان ئۇچۇن بىر ئامانەتتۇركى، ئۇنى ئىنسانىي كامالەت بىلەن زىننەتلەش سىزنىڭ، شۇنداقلا ھەربىر قىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى. ھاياتقا يېڭىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان قىزلار تارتىنچاقراق، ھەتتا نومۇسچان بولۇشى كېرەك. ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشەنچ قىلىش ۋە تارتىنماسلىق يۈزى قېلىنلىقا ئېلىپ بارىدۇ. بىلىشىڭىز كېرەككى، قانۇننىڭ زورلۇق كۈچى تەقىپ قىلالمىغان نەرسىنى بەزىدە نومۇس تەقىپ قىلالايدۇ. چۈنكى، قانۇننىڭ قولى يەتمەيدىغان جايدا كىشىلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشى، قانۇننىڭ يوچۇقلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنالىشى مۇمكىن، ئەمما نومۇس نىزامىدا يوچۇق بولمايدۇ، نومۇس كۈچى

بار بولغان كىشى ھەر قانداق زامان ۋە ماكاندا ئۆز نومۇسىغا خىلاپلىق قىلمايدۇ. شۇڭا، دانىشمەنلەر ئېيتقانكى: «ئۆزۈڭدىن نومۇس قىل، ھەممىدىن كۆرە، ئۆز ۋىجدانىڭدىن نومۇس قىل».

خۇددى باشقا ئادەملەردىن ئۇيالغاندەك ئۇيىلىشىڭ ۋە يالغۇز ئۆزۈڭ بىلىپ تۇرۇپمۇ باشقىلارنىڭ بىلىشى ۋە بىلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، يامان ئىشلاردىن ئۆزۈڭنى تارتىشىڭ كېرەك.

ئوماق قىزلىرىمىزنىڭ مەڭزىنى ئاناردەك قىزارتىپ تۇرۇپ ئۇيالغان ھالەتتە تۇرۇشى، ئەدەپ بىلەن سالام قىلىشى، كىيىم - كېچەكنى ياراشتۇرۇپ كىيىشى، دوستلىرى، ئوغۇل ساۋاقداشلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئاتا - ئانىلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە ئەدەپ بىلەن سالام قىلىشى، مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئېلىشى، مېھمان كۈتۈشتە تەۋەززۇلۇق بولۇشى، ھەتتا چاي قۇيۇش ئەدەپلىرىگىچە رىئايە قىلىشى، بويىدىن خۇشبۇي پۇراقلارنىڭ كېلىشى، ھەقىقىي بىر ئۇيغۇر قىزىغا خاس سالاپەت، سۈلكەت بىلەن كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇشى بىزنى قانچىلىك بەختلىك ھېسسىياتلارغا چۆمدۈرىدۇ - ھە؟ مەن بۇنداق كەيپىياتنىڭ چوقۇم مەيدانغا كېلىدىغانلىقىغا، مېنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرۇمنىڭ شېرىن چۈش بولۇپ قالمايدىغانلىقىغا، ۋىجدانلىق قىزلىرىمىزنىڭ بۇ ئىشنى چوقۇم رويابقا چىقىرالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ھالدا، قىزلىرىمىزغا سۇنىدىغان تۆتىنچى ئەڭگۈشتەرنى ئاخىرلاشتۇرىمەن.

بەشىنچى ئەڭگۈشتەر

# گۈزەل ئەخلاق سىزگە يار بولسۇن

ئەي، ئومىاق قىز! سىز ئەدەپ بوستانى ۋە ئەخلاق گۈلىستانىدىن ئوزۇق ئالماقچىمۇ، قىزلار ئەمەل قىلىدىغان ئەخلاق ۋە نازاكەت گۈللىرى سىزگە زىننەت قوشۇپ، قىزلىق لاتاپىتىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرسۇنمۇ؟ بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقىي خۇشاللىقلىرى سىزگە يار بولۇپ، ئەڭ زور مەنپەئەتكە ئەنە شۇ قىزلىق شەرم ـ ھايا بىلەن ئېرىشمەكچى بولدىڭىزمۇ؟ ئۇنداقتا، ياخشى خۇي، سۈتتەك ئاق قەلب، گۈزەل ئەخلاق سىزگە مەڭگۈ يار بولسۇن!

ئۆزبېكىستان يازغۇچىسى ئۆلمەس ئۆمەربېكوۋنىڭ «ئادەم بولماق قىيىن» رومانىدا مۇنداق بىر ئالتۇندەك سۆز بار: «ئالىم بولماق ئاسان، ئادەم بولماق قىيىن». بۇ يەردىكى ئادەم بولماقنىڭ قىيىنلىقى دەل شۇ كىشىنىڭ ئەخلاق جەھەتتىن يېتىلىشىنىڭ قىيىنلىقىغا قارىتىلغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر ئادەمنىڭ تەربىيە كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى ئۆلچەشتە ئۇنىڭ بىلىمىدىن كۆرە، ئۇنىڭ تەربىيە كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكى، ئەخلاق جەھەتتىن يېتىلگەن ـ يېتىلمىگەنلىكىگە قاراش ئومۇملاشقان. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىدە ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغىنى يەنىلا شۇ كىشىنىڭ پەزىلىتى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى. ئەگەر بىر كىشى ناھايىتى يۇقىرى بىلىم ئىگىسى بولۇپ، ئەكسىچە ئەخلاقسىز بولسا، ئۇنىڭ

بىلىملىكلىكى بىر يەردە قىلىپ، كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتىن قاچىدۇ، يىرگىنىدۇ. ئەھۋال ئەنە شۇنداق ئىكەن، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدىغانلىقى تەبىئىي. بۇ جەھەتتە رىزائۇددىن ئىبنى فەخرۇددىن مۇنداق دېگەن: «ئادەم بالىسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، ھۆرمىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەملەر ئەڭ مۆتىۋەر بولۇپ، ئەخلاقسىزلار خەلق ئالدىدا قەدىرسىزدۇر. ئادەم بالىسىنىڭ ياش چېغىدا ئۆگەنگەن ئادىتى مەڭگۈ شۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەل ئەخلاقنى ياش ۋاقتىدا ئۆگىنىش كېرەك. گۈزەل ئەخلاق ھەربىر ئادەم ئۈچۈن كېرەكلىك بولسىمۇ، قىزلار ئۈچۈن تېخىمۇ زۆرۈردۇر. ئەخلاقسىز قىزلار خەلق ئارىسىدا ياخشى نام چىقىرالمايدۇ، ئەتىۋارىمۇ بولمايدۇ».

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە تەربىيەسىدە پەرزەنتلەرگە ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىشنى ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىتىشنىڭ ئالدىغا قويغان ياكى بۇ ئىككىسىنى ئوخشاشلا مۇھىم دەپ قارىغان. بىلىش كېرەككى، ئادەمنىڭ ئىناۋىتى، مەرتىۋىسى ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىدىن كېلىدۇ. ياخشى قىلىق، ياخشى سۆزدىن ئىبارەت ئىككى نەرسە بىلەن ئادەم قېرىمايدۇ. گۈزەل ئەخلاق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تۇتاشتۇرغۇچى رىشتە، بارلىق ياخشىلىقلارنى بىر ـ بىرىگە چاتقۇچى زەنجىر، بەخت ـ سائادەتنىڭ مەركىزى. بىر كىشىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىش ۋە ياخشى ـ يامانلىقىغا باھا بېرىشتە مۇھىمى ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا قاراش كېرەك. ئادەمنىڭ قىممىتى ئەدەپ ـ ئەخلاق ساپاسىدا، ئالتۇننىڭ قىممىتى ۋەزنىدە كۆرۈلىدۇ، ئەدەپ ئىگىسىگە ئاز سۆز كۇپايە قىلىدۇ. ئەدەپسىز ۋە ئەقىلسىز كىشىگە ھەر قانچە كۆپ سۆزمۇ كار قىلمايدۇ. بۇنداق

كىشىلەردىن ياخشىلىق كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس.

شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ئايدىن يورۇق، كۈندىن نۇرلۇق قىزلىرىمىزغا ئۆيغۇرغا خاس ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ دائىم يار بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر ئەمەسمۇ؟ زامانىۋى جەمئىيەت ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇنلىغان شاكاللار بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمىزغا كۆچلۈك تەسىر يەتكۈزمەكتە، بولۇپمۇ تارىختىن بۇيان هايا، نومۇس، ئەخلاق، گۈزەل خۇلقلۇق بولۇپ كەلگەن قىزلىرىمىز ئارىسىدىكى بەزىلەرنىڭ ئەخلاق چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلىشى، هاياسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىشى، يامرىتىشى، جەمئىيەتنىڭ نىسبەتەن تەڭپۇڭ كەيپىياتىنى تۇيۇقسىز بۇزۇۋېتىشى نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى، ئازابلىدى ۋە نومۇسقا قويدى، ئەھۋال مانا مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، كېيىن قانداق پاجىئەلىك ئىشلار يۈز بېرىپ كېتەر؟ دېگەن ئەندىشە سىرتىمىقى ھەر بىرىمىزنىڭ گېلىدىن بوغماقتا.

بىر كۈنى ئاشخانىدا تاماق يەپ ئولتۇراتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەي بىر قىز بىلەن يەنە بىر ئوغۇل كىرىپ كېلىپ تاماق بۇيرۇتتى. شۇ ئارىدا ھېلىقى يىگىتكە بىر نەچچە قېتىم تېلېفون كەلدى. ھەر قېتىم تېلېفون كەلگىنىدە يىگىت سىرتقا چىقىپ كېتىپ سۆزلىشىپ كىرەتتى. ھېلىقى قىزنىڭ تەق ـ تۇرقىدىن، كۆزلىرىدىن بىر خىل ئادەمنى مەھلىيا قىلغۇچى مەسۇملۇق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا تاماق يەپ بولۇپ چىقتىم، ھېلىقى يىگىت يەنە بىر تېلېفون كېلىپ ماڭا سوڭدىشىپلا چىقىپ ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى: «يېنىمدا ھېلىقى بار، ھازىر تاماق يەۋاتىمىز، بىرەر سائەت چۆرگىلىتىپ ئالداپ ئەكىرىۋەتكەندىن كېيىن يېنىڭغا باراي، تەييارلىق قىلىپ قوي، تازا ياشايمىز. ھە... ھە... نېمە دېسەڭ شۇ!...» ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن

ئۆتۈپ كەتكەن سۆيۈملۈكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يەنە شۇ ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كىردىم. دېرىزىدىن سىرتنى كۆرۈشكە بولىدىغان ئورۇنغا ئولتۇرۇپ تاماق كۈتۈۋاتقىنىمدا، ئالدىمدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان ئىككى بالىنىڭ پاراڭلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلاندى... دېيىشىۋالغاندەكلا ھېلىقى ئىككىيلەنمۇ سوغۇدىشىپلا كىردى. ئۇلارنىڭ بارلىق مۇناسىۋىتى بىرەر مەقسەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندەكلا قىلاتتى. چوقۇم بۇ يىگىت قىزنىڭ چىرايىنى دەپ تاللىغان... قىز بۇ يىگىتنىڭ تەق ـ تۇرقىغا، خىزمەت ئورنىغا قاراپلا... مەن ئۇلارنى توختىماي مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇردۇم. بۇ قېتىم قىزغا كۆپ تېلېفون كېلىپ ئولتۇرالمىغىلى تۇردى. ئاخىر يىگىت چىداپ تۇرالماي: «كىمدىن كەلگەن تېلېفونكەن؟» دەپ سورىدى. «ساۋاقداشلىرىمدىن» دېدى قىز پەرۋاسىز ھالدا. تاماق يەپ بولۇپ سىرتقا چىقتىم، قىزمۇ تېلېفوندا ئۈنلۈك سۆزلەشكىنىچە سوغۇدىشىپلا چىقىپ كەلدى. «ھېلىقى بىر نېمە بۇگۈن چاپلىشىۋالدى، زورلاپ ئاشخانىغا ئېلىپ كىردى، ھازىر تاماق يەۋاتىمىز، خاپا بولماي بىردەم ساقلاپ تۇرە جېنىم، كېچىكسە بىر سائەتكىچە بۇ ئوغرىنى يولغا سېلىۋېتىپ يېنىڭغا ئۇچۇپ بارىمەن...» مەن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئىچىمدە: «تۇۋا خۇدايىم، ئۆزۈڭ بار» دەپ ياقا چىشلىدىم. بۇلار ئىككىلىسىنىڭلا «ئات ئايلىنى خانىغا، يول سارىخانىغا» قىلىپ بىر ـ بىرىنى ئالدىشى مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى ۋە قاتتىق ئازابلىدى. يولداشلىرىمغا، دوستلىرىمغا، ئىنگچە ـ سىڭىللىرىم، ئىنشقىلىپ كۆڭلۈمنى يېقىن تۇتىدىغان ئادەملىرىمنىڭ ھەممىسىگە بۇ ئىشنى سۆزلەپ بەردىم، قايناپ كەتتىم، ئازابلاندىم. ياخشى تەربىيە ئالمىغان، جەمئىيەتنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچراپ كەتكەن، ئېتىقاد روھى بولمىغان بۇ ياشلارنىڭ ئەخلاقسىزلىقلىرى مېنى كۆپ ئويلاندۇرۇپ، بۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشۈمگە تۈرتكە بولدى. دانالار:

«يامان نەپسىڭنى سەن ئەدەپكە قۇل قىل،

ئەدەپسىزنى ئەدەپ بىلەن قايىل قىل».

دېگەننىكەن. يەنە بىر دانا: «ئەدەپسىز يۈز كىشى بىلەنمۇ يالغۇز» دەپ ئېيتقانىكەن. ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ ھايا ۋە ئەخلاقتا بولغان قارىشىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرى بىزنى قاتتىق چۆچۈتمەي قالمايدۇ.

مەن بۇ يەردە «ئۇيغۇر قىزلىرى ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۆيگە بىرەر ئەر كىشى مېھمان كەلسە يۈزى قىزارغان ھالدا باشقا ئۆيگە چىقىپ كېتەتتى، ئەگەر داستىخان سالماقچى بولسا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قىزىرىپ ـ تاتىرىپ ئاران سالاتتى، بىرەر ئېغىز قوپال گەپ ئاڭلاپ قالغۇدەك بولسا ئېتىلىپ يىغلاپ كېتەتتى، ئۇنداق ھايالىقتى، مۇنداق ئەخلاقلىقتى، ھازىر مۇنداق بولۇپ كەتتى...» دەپ ئەزمەمنى ئېزىپ ئولتۇرمايمەن. ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇش بىلەن ھازىرقى تۇرمۇشنى نوقۇل ھالدا سېلىشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆتمۈشنى ماختاپ، ھازىرقىنى تىللاش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە دەۋرىمىز قىزلىرىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقلىرى بار، ھەتتا ناھايىتى كۆپ. ئەخلاقلىق، كۆپ تەربىيە كۆرگەن، مەلۇماتلىق، جاسارەتلىك، ئوغۇللارغا بەرگۈسىز قىزلىرىمىزمۇ كۆپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتە يېتىلگەن قىزلىرىمىزمۇ كۆپ. ئەمما، زامانىۋى تەرەققىياتنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، تەربىيە ئاساسى ئاجىز بولغان قىزلىرىمىزنىڭ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي، يوشۇرۇن يوللار ئارقىلىق ئۆز شەنىنى بۇلغىۋېلىشى، بۇ سانىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىشى بىزنى ئەندىشىگە سېلىپ قويماسمۇ؟ ئازابلىماسمۇ؟ تۇنۇگۇنلا پاك بىر قىزنىڭ ھەش ـ پەش دېگۈچە پاتقاققا پېتىشى بىزنى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئانىسى بولىدىغان بۇ قىزلىرىمىزنىڭ تەقدىرىدىن ئەندىشىگە سېلىپ قويماسمۇ؟

www.uyghurkitap.com

گۈزەل ئەخلاقلىق بىر قىز بىلەن بەتقىلىق بىر قىز تەڭلا يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولسا، ئەلۋەتتە گۈزەل ئەخلاقلىق قىزنىڭ يىگىتلەرنى خۇددى ئاجايىپ سۈزۈك گۆھەر ـ ياقۇت ئۆزىگە تارتقاندەك تارتىدۇ، بۇنداق قىزلارنىڭ ھۆسن ـ كامالىتى ئادەتتىكىچە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ئېسىل خىسلىتى يىگىتلەرنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ گۈزەل تەسىراتلارنى قالدۇرىدۇ، قىزلارغا خاس نازاكەت دۇنياسى، مېھىر ـ مۇھەببەت ئالىمى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىپ، ئاجايىپ شېرىن ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمدۈرىدۇ، بۇنداق شېرىنلىق، تاتلىقلىق بۇ ھاياتلىقنىڭ ئىنسانلارغا سۇنغان ئەڭ چوڭ سوۋغىسى، ئىلتىپاتىدۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە، بەتقىلىق، ھۆسن ـ جامالدا كامالەت تاپقان بىر قىزلىق قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ئەڭ كۆركەم يارىشىقى بولغان گۈزەل ئەخلاق كەم بولغان، قوپال، ناپاك، ئاغزىدىن ھاياسىز گەپ ئاقىدىغان قىزغا يىگىتلەرنىڭ مەيلى تارتمايدۇ. بۇنداق قىزلارغا بەزى يىگىتلەرنىڭ مەيلى تارتتى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار پەقەت ئاشۇنداق بەتقىلىقلار تائىپىسىدىن بولۇپ، ھەرگىز ئەخلاق كامالىتى ئارقىلىق باشقىلاردا ياخشى تەسىرات، گۈزەل تۇيغۇلارنى ئويغىتىدىغان يىگىتلەردىن ئەمەسلىكىدە شەك يوق. مانا بۇ سىلىشتۇرمىلار گۈزەل ئەخلاق يېتىشتۈرۈش بىلەن ئۇنىڭدىن مەھرۇم قېلىشنىڭ روشەن سېلىشتۇرمىسى، ئۇنداقتا، قىزلىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقتىن ئىبارەت ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولۇشى، بۇ ئەڭگۈشتەرنى ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈشى، مۇجەسسەملىشى، پۈتۈن ھاياتى بويى ئۇنى جارى قىلىشى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، قىممەتلىكتۇر. ھالبۇكى، گۈزەل ئەخلاق چوققىسى ناھايىتى كۆپ جاپا ـ مۇشەققەت داۋانلىرىنى ئېشىش ئارقىلىق پەللىسىگە چىققىلى بولىدىغان يۈكسەك ۋە بۈيۈك چوققىدۇر، ئازراقلا بەل قويۇۋەتكەندە بۇ

چوققىغا چىققىلى بولمايدۇ. جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئوغۇللارغا قارىغاندا نازۇك كېلىدىغان قىزلارنىڭ ئىرادىسى مەھكەم ۋە قەتئىي بولمىسا، بۇ يۈكسەك چوققىغا چىقالىشى ناتايىن.

قىزلاردا گۈزەل ئەخلاق بىلەن شېرىن سۆز بولمىسا، ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى ھەر قانچە زىبا بولغىنى بىلەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلىيالمايدۇ. ئۇ ئېسىل كىيىم ـ كېچەك كىيىۋالسىمۇ، ئۇنى ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلەرگە ئورىنىۋالغان سۈرەت دەپ بىلىش كېرەك.

نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى قىزلىرىمىزنىڭ روھىيىتىدە تىندۇرما بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئەندىزە ياراتقان گۈزەل ئەخلاق باغچىسى تۇنۇگۇنلا ئارقا ھويلىدا ئىدى، سەۋەبي قىزلىرىمىز ۋە ئۆزىدە مەلۇم دەرىجىدە ئەخلاق كامالىتى يېتىلدۈرگەن رەسىدە قىزلىرىمىز كۆندە نەچچە ۋاقىت بۇ باغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىپ، گۈل ـ گىياھ، مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش پۇرىقىدىن نەپەسلىنىپ يۇرۇشكەنىدى. قىزلار ناھايىتى ئەركىن ـ ئازادە، بەختلىك ھالدا ئەخلاق باغچىسىدىن ئورۇن ئالاتتى ۋە بويىغا يەتكۈچىلىك ئۆزىدە ئەخلاق كامالىتى يېتىلدۈرەتتى، مۇۋاپىق جايدىن ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۆزىنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان يىگىتلەر بىلەن تۇرمۇش قۇراتتى ۋە تۇرمۇشى مەڭگۈ بەختلىك بولاتتى. ئەمما، تېخى تۈنۈگۈنلا خۇش پۇراق چېچىۋاتقان گۈللەرگە كۆز تەگدى، گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى سۇسلىدى، بۇ ئەخلاق بېغىنىڭ جەزىبدارلىقى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەنە شۇ چاغدىلا بۇ باغنىڭ قەدرى ئۆتۈلدى. ئەخلاق دۇنياسى بۇلغانغانسېرى ئەخلق باغچىسىنى قىزلىرىمىز قاتتىق سېغىنىدىغان بولدى، ئۇنىڭغا تەلپۈندى، بۇ تەلپۈنۈشنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مانا بۇ يازمىلارمۇ روياپقا چىقىپ،

www.uyghurkitap.com

قىزلىرىمىزنىڭ يىتتۈرۈپ قويۇۋاتقان مەنىۋى بوشلۇقىنى تولدۇرۇشغا ئازراق بولسىمۇ تولۇقلاش رولىنى ئوينىيالىسا ئەجەب ئەمەس. سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىز بىلەن، يەنە نۇرغۇن ۋىجدانى قايىنىغان قىزلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ھەقىقەتەن بۇ باغ قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، قىزلىرىمىزنىڭ ئەخلاق گۈلىستانىغا ئايلىنالىشىدىن ئۈمىد ناھايىتى زور. ئۈمىدلىك بولۇپ، ئۈمىد لىنىيەسى بىلەن تايماي ۋە قايماي ئىلگىرىلىگەندىلا بۇ پارلاق مەنزىرىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بۇ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي كۈيى ئەنە شۇ ئەخلاق باغچىسىدا ياڭراپ ۋە كامالەت تېپىپ، قىزلارنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى بولالايدۇ، شۇنداقلا ئۆمۈرلۈك بەختى ۋە خۇشاللىقىغا جور بولۇپ، گۈزەل ھاياتنىڭ گۈزەل ئەخلاق مېلودىيەسىنى ياڭرىتالايدۇ.

ئەي گۈزەل قىز! گۈزەل ئەخلاق سىزگە مەڭگۈلۈك يار بولسۇن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئارقىلىق بۇ دۇنيادا ھاياتلىق كۈيىنى ياڭرىتىڭ، بۇ يېقىملىق كۈي ئارقىلىق، بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقىي بەخت ـ سائادىتىنى نامايان قىلىڭ، شۇنداقلا يەتمەكچى بولغان ھەر قانداق نىشانىڭىزغا گۈزەل ئەخلاقىڭىز ئارقىلىق يېتەلىشىڭىزگە ئىشىنىڭ، پەقەت گۈزەل ئەخلاقلا بولىدىكەن، قىزلىق قەدىر ـ قىممىتىڭىز ۋە قىزلارغا خاس نازاكىتىڭىز، گۈزەللىكىڭىز بولماسلىقىدىن ئەنسىرىمەڭ!

## ئالتىنچى ئەڭگۈشتەر

## گەپ ـ سۆزدىكى ئەدەپ توغرىسىدا

قىزلارنىڭ نازاكىتىنى، قىزلىق قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان ئەمەللەرنىڭ كاتتىسى سىلىق ـ سىپايە، دەل جايىغا كەلتۈرۈپ، مېھرىبانلىق پۇرىقىنى سىڭدۈرۈپ تۇرۇپ ئەدەپلىك سۆزلەشتۇر. سۆزلىگەندىمۇ راست سۆزلەش، گەپنى قىسقا، مېغىزلىق قىلىشقا، مەنىلىك، ئورۇنلۇق سۆزلەشكە ئادەتلىنىش؛ ئۇزۇن، بىمەززە سۆزلەپ كىشىلەرنى بىزار قىلماسلىق كېرەك. خەلقىمىز تولا گەپ قىلىدىغان كىشىلەرنى ئەدەپسىز، كوت ـ كوت، لاۋزا دەپ ئاتايدۇ. كۆپ گەپ قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭلا گېپىنى يورغىلىتىدۇ، خاراكتېرىدىن مەمەدانلىق چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ گەپ قىلىشىدىكى مەقسىتى ئۆزىنى كۆرسىتىشتۇر. بۇ ھەقتە ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى مۇنداق ھېكمەتلەرنى قالدۇرغان: «تىلىڭنى ئۆزلۈكۈڭدىن ئاسرىغىن ۋە سۆزۈڭنى ئېھتىيات بىلەن دېگىن. جايىدا كەلگەن سۆزنى ئېيت، ئايىما. دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان سۆزگە يولىما. شۇنداق سۆز باركى، ئاڭلىغۇچىنىڭ تېنىگە جان كىرگۈزىدۇ، شۇنداق سۆزمۇ باركى، دېگۈچىنىڭ بېشىنى كەتكۈزىدۇ. سۆزنى كۆڭۈلدە پىشۇرۇۋالمىغۇچە دېمە، كۆڭۈلدە نېمە بولسا سۆزلەۋەرمە».

سۆزلەش ئەدەپىدە ئىككى نەرسە ئەيىبلىك ئىش سانىلىدۇ: بىرى، زۆرۈر چاغدا سۆزلىمەسلىك؛ يەنە بىرى، ئورۇنسىز چاغدا

كۆپ سۆزلەپ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش. بىلىش كېرەككى، قىسقا، ئورۇنلۇق سۆز قىزلارنىڭ ھەرقانچە ئەيىبى بولسىمۇ ئۇنى ياپالايدۇ، ئەمما ئۇزۇن سۆز، بىمەنە، توختۇرۇقسىز سۆزلىگۈچى قىز ھەر قانچە ساھىبجامال، جاھان رەناسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ ھۆسن ـ جامالىغا نۇقسان يېتىدۇ. قىزلار ئاتا ـ ئانىنىڭ ئالدىدا قانداق سۆزلەش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى قانداق ھۆرمەتلەش، قانداق تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئىشلىتىش، قانداق سۆزلەرنى قىلىپ ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى بىلىش قىزلار ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر، بۇ دۇنيادا بىلمىسە بولمايدىغان ھۈنەردۇر. قىزلارنىڭ ياخشى خۇيلۇق بولۇشىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شېرىن سۆزلۈك بولۇش، دەل جايىدا گەپ قىلىش، ئۆزىنىڭ قىزلىق نازاكىتىگە شېرىن سۆز ئارقىلىق تېخىمۇ نازاكەت قوشۇش، بۇ ئارقىلىق قىزلىق قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرۇش بولسا كېرەك. تەربىيە كۆرگەن، مەدەنىي قىزلار كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا ناھايىتى ئىلمىي، سىلىق، خۇشخۇي، ئوچۇق ـ يورۇق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدۇ. ھەرگىزمۇ كەلسە ـ كەلمەس تورۇلاپ، كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئېغىزىغا سەت تىللارنى ئېلىپ باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەيدۇ، قوپال، تېرىككەك بولۇش، سەت سۆزلەرنى دېيىشكە ئادەتلىنىش قىزلار قىلىدىغان ئىش ئەمەس، بۇنداق قىزلارنىڭ ھۆسنىدىن مەيلى ئاي ياكى كۈن خىجىل بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار بۇ قىلىقلىرى بىلەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا قىزلىق نازاكىتىنى يوقاتقان، كۆرۈمسىز، ھازازۇل، ئۇششۇق تەسىر بېرىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مەدەنىي، ئەدەپ ـ قائىدىلىك ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتكە ھۆرمەت قىلىپ، شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغان، سىلىق، ئەدەپلىك سۆزلەيدىغان

قىزلىرىمىزمۇ كۆپىيىپ قالدى. شۇنىڭغا ماس ھالدا قوپال، سەت گەپ قىلىدىغان، سەت گەپ قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان، بەزى ئاغزى بىزەپ ئوغۇللار بىلەن ناھايىتى سەت، ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەر بىلەن چاقچاقلىشىدىغان، تىللىشىدىغان، مۇشۇنداق قىلىشنى زامانىمىز قىزلىرىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، ئەركىن دەۋردە ئۆسكەن يېڭى بىر ئەۋلاد قىزلارنىڭ ياشاش ئۇسلۇبى قىلىۋالغان قىزلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ توڭلۇقى، قوپاللىقى، گەپ ـ سۆزدىكى ھاياسىزلىقى، ئوغۇللار ئالدىدا ئەدەپ ساقلىماسلىقى، ھاياسىزلىقى بىزنى سەسكەندۇرمەي قالمايدۇ. يامان ئۆسمىدەك تۈيۈقسىزلا پەيدا بولۇپ قالغان بۇنداق قىزلارنىڭ كۆپى تېخى يۇقىرى مەلۇماتلىق، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئابرۇيىمۇ ئۈستۈن، يەنە كېلىپ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى شارائىتلىرىمۇ ناھايىتى تولۇق. نېمىشقا ئۇلار مۇشۇنداق مەدەنىيەتسىز ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ؟ كۆزىتىشىمىزگە قارىغاندا، بۇنىڭدىكى سەۋەبنى ئالدى بىلەن شۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆز قىزىغا ئەدەپلىك سۆزلەش توغرىسىدا بەرگەن تەربىيەسىنىڭ كەم بولغانلىقىدىن، قانداق سۆزلەرنى سۆزلەش، قانداق سۆزلەرنى سۆزلىمەسلىك، نېمىلەرگە دىققەت قىلىش، ئەدەپلىك سۆزلەشنى ئەدەپلىك گەپ قىلىدىغان كىشىلەردىن قانداق ئۆگىنىش، ئەدەپسىز سۆزلەيدىغانلارنى دورىماسلىق، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىش، سەسكىنىشنى ئۆگىتىشنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن ئىزدەيمىز. بۇنداق قىزلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئالغان تەربىيەسى ئاز بولۇپ قالغاچقا، ئاسانلا ئەدەپسىز سۆزلەيدىغانلارغا ئەگىشىپ كېتىدۇ ـ دە، بۇ يامان خۇينى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، بىر قىسىم قىزلار (ئايالالار) سورۇنغا قاراپ گەپ قىلماي، ساۋاقدىشى ياكى خىزمەتداشلىرى بىلەن سۆزلەشكەندە سەت،

ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەر بىلەن سۆزلىشىدۇ، بەزىدە چۈشەنمەيدۇ دەپ كىچىك قىزلار بار يەردە يوشۇرۇن مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئاجايىپ سەت گەپلەرنى قىلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى «چۈشەنمەيدۇ» دەپ قارالغان قىزنىڭ بۇنىڭدىن نېرۋىسى غىدىقلىنىپ، بۇ يامان تەسىرنى بىلىپ ـ بىلمەي قوبۇل قىلىپ قالىدۇ. يەنە بىر ئامىل شۇكى، راست گەپنى قىلغاندا، ھازىر جەمئىيەتتە چاقچاق قىلدىم، دەپ سەت گەپ قىلىدىغان ئادەم كۆپىيىپ كەتتى، قىزلار ئارىسىدىمۇ ھەم شۇنداق. تەكەللۇپ، ھۆرمەت، تەۋەززۇنىڭ ئورنى روشەن تۆۋەنلىمەكتە. بەزى قىزلار ئوغۇللارغا قوپاللىق، توڭلۇق قىلىشاق، بىرنى دېسە بىرنى دېسەك، سەت گەپ قىلغان تەقدىردىمۇ بىز ئۇلاردىنمۇ سەت گەپ قىلىپ ئاغزىنى تۇۋاقلىساق، تەڭ تۇرساق، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئورنىمىز بولىدۇ، بىزدىن چۆچۈيدۇ، قىزلىق قەدىر ـ قىممىتىمىز ئاشىدۇ، دەپ قارايدۇ. قىزلىق قەدىر ـ قىممەت ھەرگىزمۇ قوپاللىق، توڭلۇقتا ئەمەس، ئۇ نازاكەت ۋە خۇشپېئىللىقتا، شېرىن سۆزدە ۋە يېقىملىقلىقتا. شۇنداق بولغانىكەن، گەپ ـ سۆزدىكى ئەدەپ، قىزلار ئۆزىدە يېتىلدۈرمىسە بولمايدىغان بىر مۇھىم پەزىلەت غۇنچىسىدۇركى، ئۇنىڭ زىبالىقى دەل نازۇكلۇقتىدۇر.

قىزلار مۇمكىن بولسا يىرىك سۆزگىمۇ يۇمشاق جاۋاب بېرىشكە ئادەتلەنگىنى ياخشى، چۈنكى يۇمشاق سۆز تاشنىمۇ ئېرىتىدۇ. قىزلار شۇنداق قىلغاندا باشقىلار بۇ قىز ئەقىللىق، مەدەنىيەتلىك قىزكەن دېيدۇ، ئەكسىچە بولغاندا باشقىلار بۇ قىز مەدەنىيەتسىز، ئەدەپسىزكەن دەپ ئەيىبلەيدۇ. ھەر قانداق سۆزنى قىلغاندا مەقسەتلىك، نىشانلىق قىلىپ دەل جايىغا تەگكۈزۈش كېرەك. لېكىن، سۆزگە ھەر دائىم ھېزى بولۇش كېرەك، ئۇ نەدىن چىقتى، نەگە باردۇ، بىلىپ، ئويلاپ، ئاندىن سۆزلىگەن

ياخشى. سۆزنىڭ قانچىلىكىنى دېيىش، قانچىلىكىنى دېمەسلىك، نېمىنى دېيىش، نېمىنى دېمەسلىك ھەققىدە ئوبدان ئويلىنىپ پىكىر قىلىشنىڭ زىيىنى يوق. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ياخشى سۆزمۇ چىقىدۇ، يامان سۆزمۇ چىقىدۇ، زەھەرلىك سۆزمۇ چىقىدۇ، نىجاسەتتىنمۇ بەتتەر سۆزلەرمۇ چىقىدۇ. بەزى قىزلارنىڭ ئاشۇ چىرايلىق ئويماقتەك ئاغزىدىن نىجاسەت ئاقىدۇ. بۇلارنى ھەرگىز دورىماسلىق كېرەك، ئاشۇنداق چاكىنىلىق بىلەن سۆزلەش ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭ كەتكەن پەسكەشلىكتۇر. مانا مۇشۇ ھەقىقەتلەرنى ئوبدان بايقاپ ئۆزىڭىزنى دەڭسەپ سۆزلىسىڭىز، قەلبىڭىزدىن راستچىللىق، ھەققانىيلىق، تۇغرىلىق، پاكلىق ۋە ئادالەت گۆھەرلىرىنى چاچسىڭىز، ئۇنىڭ كىشىگە كەلتۈرىدىغان پايدىسى مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ. ئەقىل بىلەن ئېيتىلغان سۆزنىڭ ھىممىتى بىلەن ئورنىڭىز ھەر قانچە تۆۋەن بولغان تەقدىردىمۇ، ھەر قانداق جايدا ۋە ھەر قانداق چاغدا ئىززەت ۋە ھۆرمەت كۆرەلەيسىز.

ئىلگىرى سالاملىشىش ئادەتلىرىمىزدىنلا گەپ ـ سۆزدىكى ئەدەپنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. چوڭلار كىچىكلەرگە سالام بەرگەندە، كىچىكلەر چوڭلارغا سالام بەرگەندە، تونۇش بولسۇن ـ بولمىسۇن سالاملاشقاندا ناھايىتى مۇلايىملىق، سىلىق ـ سىپايىلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، بىر خىل مېھرىبانلىق، ئەدەپ ـ ئەخلاقىقا تولغان سۆزلەر ئەنە شۇ سالاملاشقاندا، مۇلايىملىق بىلەن ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندا تولۇق چىقاتتى. بۇنداق سالاملىشىش ئادىتىنى خەلقىمىز ھازىرمۇ كۈچلۈك دەرىجىدە ساقلاپ قالغان بولغاچقا، مۇلايىملىقنىڭ بەلگىسى بولغان گەپ ـ سۆزدىكى ئەدەپ ئۇنچىلىرى ھېلىمۇ خېلى كۆپ كىشىلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى

بولغىنىم، تونۇشمايدىغانلارمۇ بىر - بىرىگە سالام قىلىشى لازىم. مەسىلەن: ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قورۇسىدا كېتىۋاتقاندا، ئىدارىڭىزگە بىرەر ناتونۇش ئادەملەر كېلىپ قالغاندا ۋە مەھەللىڭىزدە كىشىلەرگە يولۇققاندا ئەدەپ بىلەن سالام قىلىش كىشىنىڭ دىلىنى يۇمشىتىدىغان، سىلىق - سىپايە سۆزلەشكە ئۈندەيدىغان، ئەخلاقلىق بولۇشقا روھىي جەھەتتىن مەدەت بېرىدىغان ياخشى ئادەتتۇر.

بىزنىڭ ئەنئەنىمىزدە كىشىلىرىمىز گەپ - سۆزدىكى ئەدەبكە ئالاھىدە رىئايە قىلىپ، ئۇنى كۈچەيتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ كەلگەن. يۈرۈش - تۇرۇش، سالام - سەھەت، تۇغقاندارچىلىق، قوشنىدارچىلىق، دوستلار ئارا سۆھبەت قۇرغاندا ۋە باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەرقانداق بىر ھالقىسىدا گەپ - سۆزدىكى ئەدەپ - ئەخلاققا رىئايە قىلىش ئىنتايىن چىڭ ئېلىپ بېرىلغان، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى ئەدەپ - ئەخلاقىمىزنىڭ گۈلتاجى ھېسابلانغان قىزلىرىمىزدا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ چاغدا قىزلىرىمىز گەپنى قىسقا، تېتىملىق، يۇزى تۆۋەنلىك بىلەن قىلىشقا، سورۇنغا، سۆزلىشىۋاتقان كىشىگە، زامانغا، ماكانغا قاراپ گەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىدىن قىزلار رىئايە قىلىدىغان ئەدەب - ئەخلاق پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى، بۇنداق قويۇق ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەخلاق مۇھىتىغا سىڭگەن پەزىلەتلەرنىڭ كۈچلۈك ھىدى دىمىغىمىزغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئورنىنى سۈنئىي مۇھىتنىڭ ئېلىشى، زاماننىڭ تەرەققىيات قەدىمىنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدە تەتۈر تاناسىپلىق ئۆزگىرىش ياسىشى، ئاتا - ئانىلارنىڭ قىزلارنى تەربىيەلەشتە شەكىلىنىلا تۇتۇپ، ماھىيەتكە ئېتىبار بەرمەسلىكى، ماھىيەتنى كۆرەلمەسلىكى قاتارلىق نۇرغۇن ھەم مۇرەككەپ ئىجتىمائىي سەۋەبلەر

تۆپەيلىدىن قىزلىرىمىزنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى ئەدەپ - ئەخلاق چۈمپەردىسى رەھىمسىزلەرچە يىرتىپ تاشلانغان ئوخشايدۇ. ئەمما، بىز ھازىر خۇددى شەھەرلەردە، سۈنئىيلەشكەن مۇھىتتا تۇرۇپ تەبىئىي مۇھىت قوينىغا ئالغان يېزا - سەھرالارنى، تاغلارنى، ئورمانلىقلارنى قانچىلىك سېغىنغان بولساق، ئەنئەنىمىزنى، گۈزەل ئەخلاقىمىزنى، ئەدەپ - قائىدىلىرىمىزنى، قىزلىرىمىزنىڭ شىرىن - شېكەر سۆزلىرىنى، ۋايىغا يەتكەن ئەدەپلىرىنى، ئەدەپ ئىچىدە گەپ قىلىشلىرىنى شۇنچىلىك سېغىندۇق، سېغىندۇقلا ئەمەس، يوقىتىپ قويۇۋاتقان بۇ ئېسىل ئەنگۈشتەرلىرىمىزنى تېپىۋېلىش، ئۇنى قايتىدىن نامايان قىلىش، قىزلىرىمىزنىڭ نازاكەتگە قوشۇش ھەربىر ئۇيغۇر قىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنىمۇ تونۇپ يەتتۇق. بۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولغان ھەر قانداق قىزنىڭ ۋىجدانى ئۆرتىنىپ، قىزلىرىمىزنىڭ گەپ - سۆزدىكى ئەدەپلىرى توغرۇلۇق ئويدان ئويلىنىپ، يوقىلىشقا يۈزلەنگەن بۇ ئەنگۈشتەرنى تېپىۋېلىشقا غەيرەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن ھەم بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

ئاغزىدىن ھەسەل تامىدىغان ئوماق قىزلىرىمىز ياشىسۇن، ئەدەپلىك، شىرىن سۆزلۈك، راستچىل، ۋاپادار، پاك قىزلىرىمىز ئۆلمىسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

يەتتىنچى ئەگگۈشتەر

## نازۇك، لېۋەن، ياخشى خۇيلۇق بولۇڭ

ئەي، مۇرۇۋۋەتلىك قىز، تەق - تۇرق، يۇرۇش - تۇرۇشتا نازۇك، گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتتە، مۇئامىلىدە ياخشى خۇيلۇق بولۇڭكى، بۇ پەزىلەتلەر سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىڭىزنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالسۇن.

ئاۋازى ۋەھىمىلىك ھەم قوپال، تىلى بېزەپ، يۇرۇش - تۇرۇشى قاملاشمىغان، چىرايى توڭلاتقۇغا سېلىپ قويغان گۆشتەك كۆكىرىپ تۇرىدىغان، قوپال ھەم بەتقىلىق قىزلارنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ، ھەممە كىشى ئۇلاردىن قاچىدۇ، مۇئامىلە قىلىشتىن يىراق تۇرىدۇ. مانا مۇشۇ ئاددىي ھەقىقەتتىنلا قىزلارنىڭ ناز اكەتلىك، لېۋەن، خۇشخۇي، ئۇز خۇلقلۇق بولۇشىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. قوپال، ھايا قىلمايدىغان، چىرايىدىن مۇز ياغىدىغان بولۇش ھەم شۇنداق مىجەز - خاراكتېر يېتىلدۈرۈش، شۇنداق قىزلارنىڭلا بەختسىزلىكى بولۇپلا قالماي، شۇ ئائىلىنىڭ، شۇ رايوننىڭ، شۇ يۇرتنىڭ ئورتاق بەختسىزلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداقلارنىڭ بېشىغا كۆلپەت تېشى يېغىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا بۇنداقلار باشقىلارغىمۇ كۆلپەت تېشى ياغدۇرىدۇ. بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ، تۇرمۇشى دىشۋارچىلىققا تولىدۇ.

خەلقىمىزدە مىڭ يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە بويىچە قىزلارنىڭ ياخشى خۇيلۇق بولغان - بولمىغانلىقى

تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. ئاددىيسى، يىگىتلەر لايىق تاللاشتا ئالدى بىلەن قىزلارنىڭ خۇي - پەيلىنىڭ قانداقلىقىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ، ئاندىن باشقا ئىشلارنى نەزەرگە ئالىدۇ. بىرەر ئائىلە يەنە بىر مەھەللىگە كۆچۈپ بارغاندا ئالدى بىلەن (ياكى كۆچۈپ بېرىشتىن بۇرۇنلا) قوشنىلىرىنىڭ خۇي - پەيلىنىڭ قانداقلىقىنى، بولۇپمۇ ئايال قوشنىسىنىڭ خۇيىنىڭ قانداقلىقىنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرىدۇ. ئەگەر ياخشى بولسا كۆڭلى توق ھالدا كېلىپ ئولتۇرىدۇ، ياخشى قوشنىدارچىلىق قىلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، مۇئامىلە قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، ئارىلاشمايدۇ. ئۇلارنىڭ تونۇش - بىلىشلىرى ئەھۋال سوراپ قالغۇدەك بولسا: «كۆچۈپ بېرىۋالدىم، قوشنىلىرىممۇ ياخشىكەن» دېگەن سۆزنى ئالدى بىلەن ئېيتىدۇ.

بىز ئىلگىرى ئولتۇرغان قورۇدا بىر تۇل ئايال بار ئىدى، ئۇنىڭدىن بەش - ئالتە بىنادىكى يۈز نەچچە ئائىلىلىك كىشى قورقاتتى، قاچاتتى، يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن چاغلىرىمدا بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي يۈرۈپتىمەن. بىر كۈنى قىزىمنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ ھويلىدىكى ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا تارتىلغان سىمغا ئېسىپ قويدۇم. خىزمەتكە كېتىپ بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن قايتىپ كەلسەم، بالامنىڭ كىيىملىرى ئەمدىلا سۇغۇرۇلغان چىملىقنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. شامال ئۇچۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتىمىكىن دېسەم سىرتتا شامالدىن ئەسەر يوق، تېخى قۇرۇمىغان كىيىملەرنى قايتىدىن چايقاپ يەنە ئېسىپ قويدۇم. بىردەمدىن كېيىن چىقىپ قارىسام كىيىملەر يەنە يەردە تۇرىدۇ. بۇنىڭغا چىدىماي غۇدۇڭشۇپ كەتتىم، بۇنى كۆرگەن ئۇدۇل قوشنىمىز مېنى يېنىغا تارتىپ، بۇ ئىشنى ھېلىقى ھەممىنى قورقۇتىدىغان ۋەھىمىلىك ئايالنىڭ قىلغانلىقىنى، مەن كىيىم

www.uyghurkitap.com

ئاسقان سىمنى شۇ ئايالنىڭ تارتىپ قويغانلىقىنى، ئۇنىڭغا كىيىم كىيىم ئاسسا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى، تېخى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاغزىدىن نىجاسەت ئېقىتىپ تۇرۇپ تىللايدىغانلىقىنى، بۇ ئىشنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن بىر نەچچە قېتىم يۈز بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىۋېدى، مۇشۇنداقمۇ ئۇسال خۇيلۇق ئادەم بولىدىكىنە، دەپ ھەيران بولۇپ ياقامنى چىشلىگەنىدىم.

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن دەل شۇ ئايالنىڭ قىزى يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىزنىڭ بۆلۈمدە ۋاقىتلىق ئىشلەش ئۈچۈن كەلدى. بۇ قىز بىراۋ بىلەن گەپ قىلىشمايتتى، ئىشخانىدا جىممىدە ئولتۇراتتى، ئېنىق خىزمىتى بولمىغاچقا، خۇشياقماستىن بىر نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ بىراقلا خۇيى چىقتى، ئالدىراش خىزمەت قىلىۋاتساق، زېھنىمىزنى چېچىپ ناھايىتى بوم ۋە ۋەھىمىلىك ئاۋازدا سۆزلەپ توختىمايتتى، ئىشخانىغا كەلگەن ئۇن تېلېفوندىن توققۇزى شۇنىڭغا كېلەتتى. تېلېفوندا يىگىتلەر بىلەن شۇنداق سەت تىللىشىپ كېتەتتىكى، ئۇنى بىر دېمەڭ، تىلىنىڭ سەتلىكىدىن ئىشخانىدا تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «ئالا ئېنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەندەك، خۇيى ئەسكى ئانىنىڭ تەربىيەلىگەن قىزى ئانىسىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئۆتە ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ بەتقىلىقلىرى چىقىقلى تۇردى، خىزمەتداش ئەرلەرگە بىھايا چاقچاقلارنى قىلاتتى، ئىشخانىغا پىۋا ئەكىرىپ ئىچەتتى، ئاغزىدىن بەزىمخانا، ئويناشنىڭ گېپىدىن باشقا نەرسە چىقمايتتى. ئۇنىڭ بۆلۈمىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىزگە بىر ئاپەت بولدى، بۇنى باشلىقىمىزمۇ بىلىپ تۇراتتى، لېكىن دەرھال بىر تەرەپ قىلالمايتتى، ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندە بۇ بىھايا قىز ئاخىر بىزنىڭ بۆلۈمدىن ئايرىلدى، ھەممىمىز تېگىرقاش ئىچىدە ئۇھ،

دېدۇق، خۇددى بىر مەيدان قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك بولۇپ قالغاندۇق. ھازىرغىچىلىك مەن ئۇچراتقان پەيلى بۇزۇق، نازۇك، لېۋەنلىكتىن ئىبغىز ئىچىش مۇمكىن بولمىغان، خۇيى ئەسكى قىز ئەنە شۇ ئىدى. ئەخلاقىلا ئەمەس، قىزلىق خۇلقى، نازاكىتى، قىزلارغا خاس يۇرۇش - تۇرۇشى بولمىغان، تەربىيە يوقمىغان، ئاتا - ئانىسى كىچىكىدە ياخشى تەربىيەلىمىگەن، چوڭ بولغاندا تەربىيەلەيمەن دەپ كۆندۈرەلمىگەن قىزلاردىن خۇدايىم پاناھ بەرسۇن. بۇنداق قىزلار جەمئىيەتتىكى يامان ئۆسمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن. ھالبۇكى، مانا مۇشۇنداق شۇمبۇيا، يامان سۇپەتلىك ئۆسمىلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، قىزلىرىمىزنىڭ ئەسلىدىكى گۈزەل ۋە ساپ ئەخلاق مۇھىتىنى بۇلغاپ، بىزنى تىن تارتقۇسىز ھالەتكە ئەكېلىپ قويىدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، گۈزەل ئەخلاقلىق قىزلار نەقەدەر دىلبەر - ھە! ئۇلارنىڭ ھەربىر قىلىقىدىن، خۇلقىدىن، ئىش - ھەرىكىتىدىن بىر خىل نازاكەت، شېرىنلىق، جەلپكارلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، بۇنداق نازاكەت، مېھرىبانلىق تەسىرىدىن بۇ جاھان، بۇ دۇنيا باھار ئەييامىغا جور بولۇپ، ئەتراپنى قۇشلار نەغمە - ناۋا قىلىۋاتقاندەك شېرىن كەيپىياتقا تولدۇرىدۇ.

مانا شۇنداق قىزلارنىڭ بىرى ماڭا ئۇچرىغان، مەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمدە يوق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگەنىدىم. بۇ بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل مۇقەددەم يېڭىدىن خىزمەتكە چىققان ۋاقتىمدىكى ئىش ئىدى. ماڭا كۆڭلىنى يېقىن تۇتىدىغان ناھايىتى قىزغىن بىر خىزمەتدىشىم بىر كۈنى مېنى ئۆيىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. مەنمۇ كۆپ تۈزۈت قىلمايلا ئۇلارنىڭكىدە باردىم. ئۆيىدە ئاپىسى بار ئىكەن، ئۆمرۈمدە چىرايى بۇنداق ئىسسىق ئايالنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن. ئۇ مەن بىلەن كونا تونۇشلاردەك شۇنداق قىزغىن سالاملاشتىكى، مەن بۇنداق

قىزغىن سالاملىشىش ئالدىدا خىجىللىقتىن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم ھەم مۇشۇ ياشقىچىلىك سالاملىشىشنىڭ بۇنداق قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىپ قويمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ كەتتىم. «مەنمۇ باشقىلارغا مۇشۇنداق قىزغىن مۇئامىلىدە بولسام، كىشىلەردە ياخشى تەسىرات قالدۇرسام، نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە!» دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم. تاماق ئارىلىقىدىمۇ خىزمەتدىشىمنىڭ ئاپىسىنىڭ قىلغان سۆزلىرى، مېھماندارچىلىق قائىدىلىرى، ئۇسۇللىرى، ئوتتەك قىزغىنلىقى مەندە ئالەمچە زور تەسىراتلارنى قوزغىدى. «مەنمۇ چوقۇم شۇنداق بولىمەن، كىشىلەرگە ئوتتەك ئىسسىق مۇئامىلە قىلىمەن، ئۆزگىرىمەن، قىزلىق ناز اكەت، ياخشى خۇلق، ياخشى خۇي يېتىلدۇرۇشكە تىرىشىمەن، ئۆزۈمنىڭ ياخشى ئوبرازىنى چوقۇم يېتىلدۈرىمەن» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە ۋەدە بەردىم. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەن خىزمەتدىشىمنىڭ ئاپىسى بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇچراشتىم، راستىنى ئېيتقاندا كېيىنكى ئۇچرىشىشلىرىم پەقەت بۇ ئايالدىن قىزغىن، خۇشخۇي بولۇشنى، ئەدەپلىك سۆزلەشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىدى. مۇشۇ تەرىقىدە مەن بىر نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدۈم. تۇرمۇشلۇق بولدۇم، بالام تۇغۇلدى. بالام بىر ياشقا كىرگەن يىلى مەن ھېلىقى خىزمەتدىشىمنى ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ بۇ قېتىم چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرىدىغان، تولىمۇ ئىسسىق چىراي بىر قىزنى باشلاپ كېلىپ، «بۇ سىڭلىم بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى. ئۇلار بىزنىڭ ئۆيدە ئىككى سائەتكە يېقىن ئولتۇردى، بۇ جەرياندا مەن بۇ قىزنىڭ ھېلىقى مېھرىبان ئاپىسىدىنمۇ بەك مېھرىبان، لېۋەن، ئىسسىق مىجەز ئىكەنلىكىنى، ئاپىسىنىڭ ياخشى مىجەزىنى كېيىپلا چىققانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئەتراپلىق تەربىيە، ياخشى

خۇيلۇق بولغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىسىنىڭمۇ ياخشى خۇيلۇق بولىدىغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى مانا مۇشۇ ئىدى. شۇڭا، ياخشى تەربىيە كۆرگەن ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق قىزلارنىڭ ئادەمدە قانچىلىك گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئويغىتىدىغانلىقىغا مېنىڭ مۇشۇ كۆرگەنلىرىم گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى.

شەرق مۇتەپەككۇرلىرىدىن مەۋلانە ھۇسەيىن كاشىفى ئۆزىنىڭ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق ئەسىرىدە: «كىشىلەرنىڭ بىرىدىن مۇراد ئىلتىپاتى سۆيۈنسە، يەنە بىرىدىن مۇراد ـ مەقسەت ماداراسى بىلەن كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەمما، خۇشخۇيلۇق ھەممە نېمەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە بارلىق سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقىدۇر... خۇشخۇيلۇقنىڭ ئون نىشانىسى باردۇر: بىرىنچى، ياخشى ئىشنى ئاخىرىغىچە قىلىش، ھېچنېمىنى ئايىماسلىق؛ ئىككىنچى، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ باشقىلارغا ئارام بەرمەك؛ ئۈچىنچى، كىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپماق؛ تۆتىنچى، كىشىلەردىن يامان ئىش سادىر بولسا، ئۇنى ياخشىغا ئۆرۈپ ئاشكارا قىلماق؛ بەشىنچى، گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلماق؛ ئالتىنچى، موھتاجلارنى ھاجەتتىن چىقارماق؛ يەتتىنچى، بىرەر ئىش ئۈچۈن مۇشەققەت تارتماق؛ سەككىزىنچى، ئۆز مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىپ، يەنە بىرىگە مەنپەئەت ئىزدىمەك؛ توققۇزىنچى، خەلققە نىسبەتەن چىرايىنى ئوچۇق تۇتماق؛ ئونىنچى، ياخشىلىق قىلىدىغان ۋاقىتلاردا دوست ـ دۈشمەننى پەرقلەندۈرمەي باراۋەر كۆرمەك... قوپال سۆز ئاشنالىق رىشتىسىنى ئۈزىدۇ. سىلىق سۆز ئاداۋەتنى بىر تەرەپ قىلىپ دوستلۇق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدۇ.

مانا بۇنىڭدىن ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ھامىيسى بولغان قىزلارنىڭ ياخشى خۇلق، قىزلارغا خاس نازۇ ـ

www.uyghurkitap.com

نازاكەت، قىزلارغا خاس مىجەز ـ خاراكتېر يېتىلدۈرۈشى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس يىلىشى خۇي ـ پەزىلەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ھەر بىر قىز چوقۇم كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ ئىستىقبال يولىنى ئۆزى ئاچالايدىغانلىقىدا شەك يوق.

ئەي قىز! شۇ تاپتا خۇشخۇيلۇقتىن مۇراد تاپقان قىزلار سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا ئاغزىدىن مىڭلارچە بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسىنى ياڭرىتىپ خۇشناۋا قىلىپ، سىزگە دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىۋاتقان بولۇشى، بۇ دوستلۇق ئىزھارىدىن قەلبىڭىز سۆيۈنۈپ ئالەمچە خۇشاللىق ۋە بەخت قۇچىقىدا ئەللەيلىنىۋاتقان بولۇشىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ ئۇلارغا نىسبەتەن يەنە ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە خۇشخۇيلۇق ئىلتىپات قىلىپ، بۇ جاھانغا ئىسسىقلىق بېرىۋاتقان بولۇشىڭىز ھەم مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، قىزلارغا بولغان ئالاھىدە نازاكەت گۈلى بولغان خۇشخۇيلۇق ۋە خۇش خۇلقلۇق، ئىسسىق چىراي بولۇش، دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈش، مېھرىبانلىق كۆرسىتىش سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزغا مۇجەسسەم بولغاندا، روھىڭىز ئالاھىدە جۇشقۇنلىنىپ، قەيەردە بولسىڭىز ناھايىتى قىزغىن كەيپىيات دۇنياسى ھاسىل قىلالايسىز.

سوغۇق، توڭ ھەم قوپال بولسىڭىز نېمە پايدا، قىزغىن مۇلايىم بولسىڭىز سىزگە نېمە زىيان بار. بەلكىم بەزى مىجەزى قوپال قىزلار: «مەن كىچىكىمدىن مۇشۇنداق قوپال ئۆگىنىپ قاپتىمەن، سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دەپ تەتۈرلۈك قىلىشى مۇمكىن، بۇ پەقەت شۇنداق قىزلارنىڭ ئۆزىنى گوللاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سۆزىدۇر. مۇلايىم بولۇش ئالدى بىلەن تەربىيەگە باغلىق، ئاندىن قالسا شۇ قىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلىشىگە باغلىقتۇر. كىچىكىدە مۇلايىم ئۆسكەن

بىر قىز چوڭ بولۇشقا ئەگىشىپ ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بەرمىسە، داۋاملىق ئەدەپ ـ قائىدە ئۆگىنىپ تۇرمىسا چوڭ بولغانسېرى مىجەزى ئوساللىشىپ، توڭ، قوپال بولۇپ قېلىشى مۇمكىن؛ شۇنىڭغا ئوخشاش كىچىككىنىدە ياخشى تەربىيەلىنەلمىگەن بولسىمۇ، كېيىن ئۇنىسىز تەربىيە شەكلى بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان قىزلار ئەكسىچە ناھايىتى مۇلايىم، خۇشخۇي، نازاكەتلىك بولۇشى ھەم مۇمكىن. پەقەت قانداق بولۇش خاراكتېرنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىغىلا باغلىقكى، مىجەزىمنى ئۆزگەرتەلمەيمەن، مۇشۇنداق ئۆگىنىپ قاپتىمەن، قوپاللىقىمنى كەچۈرۈڭ، دېيىش بۇ مەدەنىي دۇنياغا، مەدەنىي كىشىلەرگە نىسبەتەن ئاقمايدىغان سۆزدۇر.

تەستە ئۆزگىرىدۇ دېيىلسە، ھەر بىر قىزنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. مىجەزنى مۇلايىملاشتۇرۇش، خۇشخۇي بولۇش، نازاكەتنى ئاشۇرۇش ھەممە كىشىگە مەنپەئەت قىلىدىغان ئېسىل رېتسىپلىق ياخشى دورىدۇكى، قىزلار بۇ دورىدىن ھەقىقەتەن مەنپەئەتلىنەلەيدۇ.

ئۇنداقتا، ئۇماق قىزلىرىمىز بۇ ئەڭگۈشتەرنىڭ سېھرىگە نېمە دەيدىكىن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەككىزىنچى ئەڭگۈشتەر

## يارامىلىق قىزنىڭ قانداق شەرتلىرى بار؟

ياخشى خۇيلۇق، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، مىجەز ـ خاراكتېردە خاسلىقتا ئىگە، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، يارامىلىق قىز بولۇش ئاسان ئىش ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ قىزىنى كىچىكىدىن باشلاپ تۇجۇپىلەپ تەربىيەلەپ ئەجىر سىڭدۈرۈشىگە، شۇنداقلا قىزلارمۇ ئېسىنى تاپقاندىن كېيىن ئۇنىسىز تەربىيە ۋە ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ياخشى ـ يامان ئىشلارنى جايىدا پەرقلەندۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلىشىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق تەربىيەلەنگەن قىزلارنىڭ گۈزەللىكى، پەزىلەت غۇنچىسى قەلب تۆرىدە ئېچىلغان بولۇپ، ئەگەر بۇنىڭغا چىراي گۈزەللىكى قوشۇلسا بۇنداق گۈزەللىك كامالەتكە يەتكەن گۈزەللىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئادەتتە يارامىلىق قىز بولۇش ئۈچۈن چىراي گۈزەللىكىگە ئانچە چوڭ تەلەپ قويۇلمايدۇ. خەلقىمىز ئەزەلدىن قىزلارنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنى ئەدەپ ـ ئەخلاقى، پەزىلىتى تەرىپىدىن كۆزىتىپ كەلگەن، ئەخلاقىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلغان. ماقال ـ تەمسىللىرىمىزدە: «رەڭگىرويىغا، چىرايىغا قارىما، ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا قارا»، «چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ»، «ئەخلاق ئادەم زىننىتى» دېگەن ھېكمەتلەر بار. دانالىرىمىزنىڭ قالدۇرغان ھېكمەت دۇردانىلىرى، خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى يەكۈنلەنگەن تۇرمۇش تەجرىبىلىرى شۇنى

ئىسپاتلىدىكى، ھەقىقىي گۈزەللىك ھەرگىز تاشقى گۈزەللىك ياكى چىراي گۈزەللىكى ئەمەس، بەلكى ساپ قەلب گۈزەللىكىدۇر. شۇڭا، قىزلىرىمىز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن كىچىكىدىن قەلب گۈزەللىكى تەربىيەسى، پاكلىق تەربىيەسى ئېلىشى، ئەقلىنى تاپقاندىن باشلاپ قەلب گۈزەللىكىگە ئىنتىلىشى، قەلب گۈزەللىكىنى ئىزدىشى ۋە قەلب گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، قەلب گۈزەللىكىنى جارى قىلىش ئارقىلىق، ئۆز گۈزەللىكىگە گۈزەللىك قوشۇشى زۆرۈر. دانالارنىڭ قالدۇرغان ھېكمەت دۇردانىلىرى، يەكۈنلەنگەن نۇرغۇن تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ۋە ئۆزۈمنىڭ كۆزىتىشىمگە ئاساسەن، يارامىلىق قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسىي شەرتلەرنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىپ ئۆتىمەن، قىزلىرىمىزنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلىشىگە ئاز ـ تولا ياردىمى تېگىپ قالار.

بىرىنچى، يارامىلىق قىز بولۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كىشىنى جەلپ قىلىدىغىنى شۇ قىزنىڭ پەزىلەت ئىگىسى بولغان ـ بولمىغانلىقىدۇر. چۈنكى، پەزىلەت ئىگىسى بولمىغان، پەزىلەت غۇنچىسى يۈرىكىدە ئېچىلمىغان قىزلاردىن باشقا ياخشى خۇلقلارنى كۈتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. پەزىلەتلىك بولۇش ھەممە ياخشى خۇيلارنىڭ مەنبەسى بولغان بولسا، پەزىلەتلىك بولماسلىقمۇ ھەممە ھاياسىزلىقلارنىڭ مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەزىلەتلىك قىز ياخشى خۇي ـ پەيلى بىلەن، نازاكىتى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى، ئاق كۆڭۈللۈكلۈكى، شېرىن سۆزلۈكلۈكى، چېۋەرلىكى، ئىشچانلىقى، مۇئامىلىدە سىپايىلىقى، ۋاپادار ـ ساداقەتمەنلىكى، ساپ قەلبى بىلەن كىشىنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ؛ پەزىلەتسىز قىز بولسا ھاياسىزلىقى، قوپاللىقى، بەتقىلىقلىقى، ئەخلاقسىزلىقى بىلەن

كىشىنى بىزار قىلىدۇ. ئۇ خۇددى شۇمبۇيىغا ئوخشاش ئىنسانلار ئارىسىدىكى يامان سۇپەتلىك ئۆسمىدۇر، خالاس.

بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەردە ئەخلاق ۋە پەزىلەت بۇزۇلۇشقا يۈز تۇتۇۋېدى، كىشىلەر ئۆزئارا مۇئامىلىدە ئەخلاق ئۆلچىمىنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. چۈنكى، بىر ئادەم باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئالدى بىلەن ئادەملىك پەزىلەت ئىگىسى بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا بىر قىز ئۆزىنىڭ نازاكىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلە ئادەملىك پەزىلەت يېتىلدۈرۈشى كېرەك، شۇندىلا ئۇ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت ئادەم بولۇشنىڭ، قىزلىق قەدىر - قىممەتنى ساقلاشنىڭ ۋە قەلب گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى قورالىدۇر. ئەي، گۈزەللىككە ئىنتىلگۈچى ئوماق قىز! سىزدە بار تۇرۇپ تېخىچە جارى قىلالمايۋاتقان بۇ سېھرىي كۈچنى ئويغىتىپ، ئۇنى قىزلىق نازاكىتىڭىزنى ئاشۇرىدىغان ۋە ئوبرازىڭىزنى يارىتىدىغان ئەپچىل قورالغا ئايلاندۇرغايسىز.

ئىككىنچى، ھايالىق، ئۇياتچانلىق، يۇمشاق تۆۋەنلىك، نومۇسچانلىق قىزلارنىڭ گۈلتاجىدۇر. بۇ خىسلەتلەر پۈتۈنلەر قىزلارغىلا خاس بولغان سۈپەتلەر بولۇپ، قىزلار بۇلاردىن ئايرىلىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ قىزلارغا خاس نازاكىتى يوقالغان بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا قىز پەرزەنتلەرنى تەربىيىلىگەندە كىچىك چېغىدىن باشلاپلا نومۇس قىلىش، ئىزا تارتىش، ھايالىق بولۇش، ئەدەپسىز سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق، شۇنداق سۆز - ھەرىكەتلەردە بولغۇچىلارنى كۆرۈپ قالسا دەرھال رەددىيە بېرىش قاتارلىق تەربىيەلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق قىزلارنىڭ قىزلىق تەبىئىتىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلگەن. چۈنكى، قىز دېگەننىڭ قىزلارغا خاس تەبىئىتى كۈچلۈك

بولمىسا، شۇ قىزنى ياراملىق بىر قىز دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. ئۇ ھەر قانچە پەزىلەتلىك، ئاق كۆڭۈل بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر، قىزلىق تەبىئىتى كۆچلۈك بولمىغان، ھايا، نومۇس، ئۇياتچانلىق قارىشى يۇزە بولغان قىزلارنىڭ نەزەردىن ئاسانلا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان بىر ئىش. بۇ يەردە بىر مىسالنى سۆزلەپ ئۆتەي:

مەن تونۇيدىغان ياش بىر ناخشىچى بولۇپ، سەھنىلەردە يېقىملىق خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ خېلىلا داڭ چىقارغانىدى، ئۇنىڭ سۇزۇك ھەم مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان ناخشا ئاۋازىدىن ئاڭلىغۇچىلار قويۇق ئۇرپ ـ ئادەت مۇھىتى ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېنىق چۈشىنىپ يېتەلەيتتى، ئۆتمۈشنىڭ گۈزەل ئەسلىملىرىگە ئەسرا بولۇپ، تەگسىز مۇڭ قويىنىغا غەرق بولاتتى. ئەمما، يامان يېرى، بۇ قىز مەيلى سەھنىدە بولسۇن ۋە مەيلى ئادەتتىكى چاغلاردا بولسۇن، ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس كىيىم ـ كېچەك كىيمەيتتى. يۈرۈش ـ تۇرۇشى قوپال، ئوغۇللار بىلەن ھە دېسە چاقچاق قىلىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قىزلارغا خاس سۇپەتلەر كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان بولغاچقا، مۇشۇ جەھەتكە كەلگەندە نۇرغۇن ئەرلەر ۋە يىگىتلەر ئۇنىڭدىن يىراق قاچاتتى. ناز ـ كەرەشمە، قىلىق، خۇي، قىزلارغا خاس تەق ـ تۇرقىنىڭ كەملىكىدىن، مانا بۇ ياش ناخشىچى يامان دەپ ئاتالمىسىمۇ، يىگىتلەر ئالدىراپ ئىنتىلمەيدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالدى.

قىزلىق نازاكەت ۋە لاتاپەت ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا كۈچلۈك قىزلىق خاراكتېردىن كېلىدۇ، كۈچلۈك قىزلىق خاراكتېر بولسا قىزلارنى كىچىكىدىن كۈچلۈك قىزلىق خاراكتېر يېتىلدۇرۇشكە مايىل قىلىپ تەربىيەلەش، قىزلارغا خاس كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆز ۋە خۇي

يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق يېتىلىدۇ. ھالبۇكى، ھازىر نۇرغۇن ياش ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرى كىچىك چېغىدا ئوغۇل بالىچە كىيىم كىيدۈرۈشكە، ئوغۇل بالىچە مىجەز بىلەن تەربىيەلەشكە ئامراق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، چوڭ بولغانسېرى بۇنداق قىزلاردا ئوغۇللۇق خاراكتېر كۆچىيىپ كېتىدۇ ـ دە، قىزلىق نازاكەت ۋە لاتاپەت ئۇلارغا يۇقمايدۇ ياكى ناھايىتى كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بۇ تەرەپكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارايمەن.

ئۇچىنچى، قولى چېۋەرلىك، ئىشچانلىق قىزلارنىڭ ئۆگىمەس زىننىتىدۇر. قولى چېۋەر بولۇش ۋە ئىشچان بولۇش قىزلارنىڭ قازان بېشى ئىشلىرىنى قىلىش ۋە ئائىلە ئىشلىرىنى گۈلىگە گۈل كەلتۈرۈپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. قىزلارنىڭ بۇ ئىشلارغا كىچىكىدىن باشلاپ پىشقان بولۇشى ئۇلارنىڭ ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەت يېتىلدۈرۈشىگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، قىزلار تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىش ۋە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ، نۇرغۇن ئەدەپ ـ ئەخلاق دۇردانىلىرى مۇشۇ ئىشلارنى قىلىشنى ئۆگىنىش جەريانىدا مېڭىسىگە ئورنىشىدۇ، نۇرغۇن زىددىيەتلىك مەسىلىلەرنى يېشىدۇ ۋە بۇ ئىشلارنى قىلىشنىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنىدۇ، مۇشۇ ئارقىلىق تەربىيەلىنىپ يېتىلىدۇ. ئىنچىكىلەپ كۆزىتىدىغان بولساق، تاماق ئېتەلەيدىغان ۋە ئۆي ئىشلىرىغا پىشقان بىر قىز بىلەن تاماق ئېتەلمەيدىغان ۋە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى بىلمەيدىغان قىزلارنىڭ روھىي كەيپىياتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئالدىنقىسى تەجرىبىلىك، نۇرغۇن تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە، ياخشى ـ يامانىنى ئاسان پەرقلەندۈرەلەيدىغان «كۆز»گە ئىگە بولغان بولىدۇ؛ كېيىنكىسى بولسا تەجرىبىسىز. ئالدىراڭغۇ، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل

يالى يوق، بولغاندىمۇ يۇزە، بالا مىجەز، پىشمىغان ھالەتتە بولىدۇ. بۇ ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ ئاسانلا راۋانلىشىپ كېتەلەيدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايدىڭ.

بىر دوستۇم مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى: ئۇنىڭ كىچىكىدىن ئەركىلىتىپ ئۆگىتىپ قويغان سىڭلىسى ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن توي قىلىپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ سىڭلىسى ئۆيدە ئەركىلەپ قازان بېشىغا يېقىن يولاپ باقمىغاچقا، توي قىلغاندىن كېيىن مېھمان كەلگەندە تەمتىرەپ قاپتۇ، بىر نەچچە قېتىم قازان بېشىغا ئۇستا دوستلىرىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئىشقا سېلىپتۇ. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يەنە ئۆزى تاماق ئېتىپ يېيىشكە توغرا كەپتۇ. ئۇ يەنىلا قازان بېشىغا كاجلىق قىلىپتۇ. ئۇ ھازىر توي قىلغان، بىر بالىسى بار بولغان تۇرۇقلۇقمۇ، بالا مىجەز، تەجرىبىسىز، ئالدىراڭغۇ ئىكەن. ئەمما، شۇ دوستۇمنىڭ قېيىنسىڭلىسى بۇ يىل ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، قازان بېشىغا پۇختا، ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇشقا ئۇستا بولغاچقا، نۇرغۇن مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشى خېلى پىشقانىكەن، تۇرمۇش مەسىلىلىرىگە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىكەن، تېخى چوڭلارنىڭ تۇرمۇشىدا بەزىبىر ئېگىز - پەسلىكلەر بولۇپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ كېلىشتۈرگۈچى بولىدىكەن. دېمەك، بىر قىزنىڭ قازان بېشى ئىشلىرىنى قىلالىشى ۋە ئۆينى گۈلدەك تۇتۇشنى ئۆگىنىشى ماھىيەتتە ئۆز - ئۆزىنى ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتلەردىن تاكامۇللاشتۇرۇشقا ناھايىتى زور پايدىسى بار ئىكەن. شۇڭا، ئىشچانلىق ۋە چېۋەرلىك يارامىلىق قىزلارنىڭ مۇھىم شەرتى بولۇشى كېرەككەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم.

تۆتىنچى، ئۆزىنى تونۇغان قىزلار، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ

قويىدىغان، ئۆزىگە ئىشىنىشنى كۆچەيتكەن قىزلاردۇر. بۇنداق بولۇشىدا، قىزلاردا قىزلارغا خاس قىزلىق قەلب، ئۆزلىرىگە خاس روھىي دۇنيا، پسىخىك خاراكتېر ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ماس ھالدا قىزلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ بېقىنىدىسى ئەمەس، مۇستەقىل بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە خاس خاراكتېرى ئارقىلىقمۇ نى - نى ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇتۇشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى ۋە مەنمۇ باشقىلار قىلغان ھەر قانداق ئىشنى قىلالايمەن، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتەلەيمەن، دېگەن قەتئىي ئىرادە بىلەن ئۆزىگە ئىشىنىشى، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشى، نېمىنى قىلالايدىغانلىقى، قانداق نىشانغا يەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېنىق بېكىتىپ، شۇ نىشان بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن بولۇشى كېرەك. قىز - ئاياللار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان نۇرغۇن ئىلىم - پەن دوكتورلىرى ۋە باشقا ساھەدە نەتىجە قازانغۇچىلار پەقەت ئۆزلىرىگە ئىشىنىدىغان قەتئىي يۈرەكنىڭ تۈرتكىسى ئارقىلىقلا غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇپ، ئۆز نىشانلىرى بويىچە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاخىر ھازىرقىدەك زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. «تەكلىماكان قىزى» دەپ شۆھرەت تاپقان گۈلزۆھرە ئەبەيدۇللا پەقەت ئۆزىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى، پۈتمەس - تۈگىمەس قىزلىق جاسارىتى ۋە ھەممىدىنمۇ بەك مۇھىمى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قەيسەر روھى ئارقىلىق نەچچە يۈز كىلومېتىرغا سوزۇلغان قۇم بارخانلىرىنى غەلىبىلىك كېسىپ ئۆتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە ئىشىنىش ئەڭ مۇھىم ئورۇن تۇتقان. يەنە مەريەم ساقىم خانىمغا ئوخشاش ئىجتىھات بىلەن تەتقىقاتتا كىرىشىپ يېڭى - يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئىقتىسادىي ساھەدە ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ئاياللار ئارىسىدا كۆزنى چاقناتقۇدەك

مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئاياللىرىمىز ناھايىتىمۇ تولا. ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسىمۇ دەل ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قالتىس ئىشەنگەنلىكى ۋە بۇ ئىشەنچىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قەتئىي ئىرادە تىكلەپ ئىجتىھات قىلغانلىقى، ئەگەر ئۇلاردا ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئىشەنچ بولمىغان بولسا، بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى ئەسلا مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

بەشىنچى، ئۆز خۇلقلۇق، ئۆز خۇيلۇق، نازاكەتلىك، ئۇمىدۋار بولۇش قىزلارنىڭ بەخت يولىدۇر. چۈنكى، خەلقىمىزدە مانا مۇشۇنداق قىزلارنى تەربىيەلەشنى نىشان قىلىش ئادىتى بار. بۇمۇ خۇددى ھايالىق، نومۇسچان، ئىپپەتلىك بولۇش تەلىپىگە ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم. قىزلارنىڭ قىزلىق خاراكتېرىنى كۈچەيتىدىغان بۇ ئامىللار ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۆچمەس زىننىتى بولۇشقا تېگىشلىك. بۇنداق خىسلەتلەرنى ھەربىر قىز ئۆز مىجەز ـ خاراكتېرىگە ماسلاشتۇرۇشى، بۇ جەھەتتە ئۆزىگە خاس يول تۇتۇشى، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە شۇ بويىچە ھايات يولىنى بېسىشى كېرەك. قىزلارنىڭ قىزلىق خاراكتېرى كۈچلۈك بولغاندىلا، ئۇ ھەقىقىي قىز بولغان بولىدۇ، ئەگەر ئەركەكزەدەك، ئوغۇل مىجەز بولۇپ قالغانلار ھەرگىز يارامىلىق قىزلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ.

يارامىلىق قىزلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن خىسلەتلىرى بار ۋە شەرتلىرى بار. راستىنى ئېيتقاندا، يارامىلىق قىز بولۇشنىڭ ئۆلچىمى ناھايىتى كۆپ، يارامىلىق قىز بولۇشمۇ تەس، ئەمما بۇنىڭغا ئىجتىھات قىلغۇچىلار ئۈچۈن، ئۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ۋە پاكىز ئىشتۇر، شۇنداق بولغاچقا، يارامىلىق قىز بولۇشقا بەل باغلىغان قىزلارنىڭ كۆڭلى توق، روھى كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن بولىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىرادىسى كۈچلۈك

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ.

بۇلاردىن باشقا ۋاپادارلىق، ساداقەتمەنلىك، راستچىللىق، پاكىزلىق، ھىممىتى ئۈستۈنلۈك قاتارلىق ئەدەپ ـ ئەخلاق پەزىلەت جەھەتتىن يېتىلىشمۇ ئەلۋەتتە يارامىلىق قىز بولۇشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بولۇشقا تېگىشلىك، بۇ مەسىلىلەرنى تەپسىلىي شەرھلەپ ئولتۇرمىساممۇ، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئايدىڭدۇر.

مۇھىم مەسىلە شۇكى، قانداق قىلغاندا بىز ئارزۇ قىلغاندەك پەزىلەت يېتىلدۇرۇش، ھازىرقى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان زامان تەلىپىگە قانداق ماسلىشىش، قىزلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ياخشى تەرىپى قايسى، يامان تەرىپى قايسى، شۇ يامان تەرىپىنى ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قانداق تۈزەش، قىزلارنىڭ روھىيىتىنى قىزلىق پەزىلەت گۈللىرى بىلەن قانداق تولدۇرۇش، بىزەش قاتارلىق مەسىلىلەردۇر. دەرۋەقە ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېلىمۇ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ۋاپادارلىق ۋە مېھرىبانلىق تىندۇرمىلىرى چۆكمە بولغان، بۇ يوشۇرۇن ئىقتىدارنى يەنىمۇ جارى قىلىپ، ئەخلاق ۋە پەزىلەت غۇنچىسىنى ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە ئېچىلدۇرۇش يەنىلا مۇمكىندۇر. بۇ مۇمكىنچىلىكلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغاندا، خىلمۇخىل ئەخلاقسىزلىقلارنى توسقىلى، قىزلار دۇنياسىدىكى بۇزۇقچىلىق، رەزىللىك ۋە چاكىنىلىقلارغا ئۈنۈملۈك قارشى تۇرغىلى بولاتتى.

بۇنداق بولۇشىغا، مۇشۇنداق كۈتكەن كۈننىڭ كېلىشىگە نۇرغۇن قىزلىرىمىز ئۈمىدۋار، ئىشەنچتە بولۇۋاتىدۇ، پەقەت تىرىشچانلىقلا قالدى.

## توققۇزىنچى ئەڭگۈشتەر

# «چىچەن مەلىكە» مۇشۇنداق يېتىلگەن

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ۋە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا دائىم پادىشاھلارنىڭ، ۋەزىرلەرنىڭ تولىمۇ ئەقىللىق، ھۆسن ـ جامالدا كامالەتكە يەتكەن، دۆلەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ، پادىشاھنىڭ بېشىغا تاغ يىقىلغاندا كەسكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنۇملۇك چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، شاھنى تۈگىمەس غەمدىن، دۆلەتنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇۋالىدىغان «چىچەن مەلىكە»لەر ناھايىتى كۆپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرق خەلقلىرىنىڭ چۆچەك غەزىنىسى ھېسابلانغان «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدىمۇ خانىشنىڭ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلىدىن مەخسۇس قىز ـ ئاياللارنى ئۆلتۈرىدىغان قانخور پادىشاھنى ھەر كېچىسى ئاجايىپ ـ غارايىپ، قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق ياۋۇز پەيلىدىن ياندۇرۇپ، ئاخىر قىز ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاسىي ـ مۇناپىق ئەمەس، بەلكى ۋاپادارلىرىنىڭمۇ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى تونۇتۇپ قويغان ۋەزىرنىڭ قىزى شەھرىزاتمۇ ئەنە شۇنداق «چىچەن مەلىكە» لەرنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ يەردە بىر نەرسە ئېنىقكى، ئاشۇ «چىچەن مەلىكە» لەر قەدىمدە پادىشاھلارنىڭ، ۋەزىرلەرنىڭ ياكى كاتتا بايلارنىڭ قىزلىرى بولغاچقىلا ئەقىللىق، چىچەن بولۇپ قالمىغان، بەلكى شۇلارنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى ناھايىتى ھالقىلىق پەيتلەردە نامايان قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە

ناھايىتى ئەتراپلىق تەربىيە كۆرگەنلىكىنى، قىزلىق جاسارىتى بىلەن ئىلىم ـ ئىرپان ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، ناھايىتى يۇقىرى سايا يېتىلدۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇنداق بولسا ئاشۇ «چىچەن مەلىكە»لەر قانداق يېتىلگەن؟ ئۇلار نېمىشقا شۇنچە ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك؟

قەدىمكى دەۋرلەردە ھەر خىل ئىجتىمائىي چەكلىمىلىكلەر سەۋەبىدىن پەقەت پادىشاھلارنىڭ، ۋەزىرلەرنىڭ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ، بايلارنىڭ، قول ـ ئىلكىدە بارلارنىڭ قىزلىرىلا بىرقەدەر مۇنتىزىم تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بىرەر ئىش تەۋرىتەلەيدىغان، قەيسەر، بىلىملىك، تەدبىرلىك، چىچەن قىزلار مانا مۇشۇ يۇقىرى تەبىقىدىن يېتىلىپ چىققان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى بولغاچقا، ئۆزىنى كۆرسىتىش پۇرسىتى كۆپ بولاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نامىنىڭ تارقىلىشى، تىللاردا داستان بولۇشى، خەلق داستانلىرىغا ئايلىنىشى، چۆچەك قىلىپ ئېيتىلىشى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك.

ئۆگەنگەنلىرىمگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، شۇنداقلا شەرق مەملىكەتلىرىنىڭ پادىشاھلىرى قىزلىرىنى كىچىكىدىن تەربىيەلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. خانىشنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقى بىلىنگەن ھامان ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغانلارنى كۆپەيتىپ، تەجرىبىلىك ئاياللارنى ئەتراپىغا جەملەيدۇ، ئۇلار خانىشنىڭ ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى ئوزۇقلىنىش، ئارام ئېلىش، سەيلە ـ ساياھەت قىلىش، ئۇخلاش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھامىلىنىڭ ساغلام، تولۇق يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. بالا ئۆز قەرەلىدە تۇغۇلغاندىن كېيىن ئوغۇل بولسا ئوغۇلغا لايىق تەربىيەلەيدۇ،

قىز بولسا قىزغا لايىق تەربىيىلىنىدۇ. ئاندىن بىلىملىك، تەجرىبىلىك، كۆيۈمچان ئىنىكئانىلارغا تەربىيىلەشكە بېرىدۇ. بۇ خۇددى بۇگۈنكى كۈندىكى مۇنتىزىم يەسلى تەربىيەسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. كىچىك مەلىكىنىڭ تىلى چىققاندىن باشلاپ ھەر خىل قائىدە ـ يوسۇن تەربىيەسى ئالىدۇ، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرىدۇ، ئوردا قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى ئۆگىنىدۇ. تۆت ـ بەش يېشىدىن باشلاپ مەخسۇس ئوردا تەربىيەچىسىدىن ئىلىمنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە شۇڭغۇشقا باشلايدۇ. چۆچەكلەردە دائىم: «مەلىكە ئون ئىككى يېشىغىچە ھەرخىل ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئەلەم ۋە قەلەمدە كامالەتكە يېتىپتۇ» دېگەن جۈملىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ دەل قاتتىق تەلىم ـ تەربىيەنى، يەنە كېلىپ قەلەم (ئىلىم ـ پەن) دىلا يېتىلىپ قالماي، بەلكى ئەلەم (لەشكىرىي ئىلىم) دىمۇ ئەتراپلىق تەربىيەلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەلەم ۋە قەلەمدە يېتىلگەن مەلىكە يەنە ئوردا كۇتۇپخانىسى ۋە باشقا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئارقىلىق ئۆزى كەم دەپ ھېس قىلغان ئىلىملىرىنى تولۇقلاشقا، ئۆزىدە نىشان ـ غايە، ئىرادە، دۇنيا قاراش تۇرغۇزۇشقا باشلايدۇ، سەلتەنەت ئىشلىرىدا تەدبىر كۆرسىتىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىدۇ ۋە نۆۋىتى كەلگەندە ئىشلىتىپ تۇرىدۇ. ئون سەككىز ياشقا كىرگۈچىلىك قەلەم ۋە ئەلەمدە تولۇق يېتىلىپ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە «چېچەن مەلىكە» مانا مۇشۇنداق يېتىلىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «چېچەن مەلىكە» ئۇنداق ئاسان يېتىلىپ قالمايدۇ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزۇن جەريان ۋە مۇنتىزىم تەربىيە كېتىدۇ، يەنە ئەقلىنى بىلگەندىن تارتىپ مەلىكە ئۆزىنى ئۆزى تەربىيەلەشكە، ئەتراپىدىكى مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي

www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ تۇرۇپ ئەقىل جەھەتتىن يېتىلىشكە، قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئەھمىيەت بېرىشكە، مۇكەممەل ئادەم بولۇپ يېتىلىشكە ئۆزىنى يېتەكلەيدۇ. بۇنداق ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلەش، يېتەكلەش، كۆندۈرۈش قىزلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەشتە، كېلەچەكتە قانداق مىجەز يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. «ئامانىنىساخان» ناملىق تارىخىي پوۋېستنى ئوقۇغانلارغا مەلۇمكى، مىرزا مەھمۇد (مەھمۇد ئوتۇنچى) قىزى ئامانىنىساخان تۇغۇلۇپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ مۇزىكىغا ئىنتايىن سەزگۈر ئىكەنلىكىنى، مۇزىكا سېزىمىنىڭ يۇقىرىلىقىنى سېزىپ، ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ مۇشۇ يۆنىلىشكە قاراپ تەربىيەلەشكە باشلايدۇ. ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ ئۆزى ئىگىلىگەن مول بىلىمى، يىغقان قىممەتلىك كىتابلىرى ئارقىلىق ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە ئەتراپلىق تەربىيەلەشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە، ئامانىنىساخان ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە يۇقىرى مەلۇماتلىق قىز بولۇپ يېتىلىدۇ ھەمدە ئۆتكۈر غەزەللەرنى يېزىپ ئۇنى مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىپ ئېيتىدۇ ۋە ئەتراپقا تارقىتىدۇ. مۇشۇ ھۈنىرىنىڭ سەۋەبىدىن سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ نەزىرىگە ئىلىنىپ خانىشلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ ۋە مۇقامنى رەتلەپ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى بىزگە، دۇنيا خەلقىگە قىممەتلىك مەدەنىي مىراس سۈپىتىدە قالدۇرىدۇ. ئامانىنىساخاننىڭ بۇنداق يۇقىرى تالانت يېتىلدۈرۈشى ۋە ئالىي ھىممەتكە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ ئەتراپلىق تەربىيە كۆرگەنلىكىدىن بولسىمۇ، كېيىنكى چاغدا مۇھىمى ئۆزىنى ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن، ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلىگەنلىكىدىن بولغان. تارىخ بېتىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، بۇنداق مىساللار ناھايىتى نۇرغۇن.

چۆچەكلەردىكى «چىچەن مەلىكە»لەر يەنە «ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار» ھالەتتە تەسۋىرلىنىدۇ. دېمەك، «چىچەن مەلىكە» لەر ئەقىل ـ پاراسەت ۋە لەشكىرىي ئىلىمدىلا كامالەتكە يېتىپ قالماي، يەنە ھۆسن ـ جامالدىمۇ كامالەتكە يەتكەندۇر. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ مەن بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر ئويلاندىم ۋە نۇرغۇن كىشىدىن مۇشۇ توغرىسىدا پىكىر ئېلىپ باقتىم، مەن بۇ سوئالنى سورىغان نۇرغۇن كىشىلەر: «ئۇ دېگەن چۆچەك، ھەممە ئىشلارنى مۇبالىغە قىلىدۇ، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى، ھايۋانلارنى سۆزلەتكەن چۆچەكچىلەر مەلىكىلەرنى ئۇنچىلىك تەسۋىرلىيەلمەمتى» دېيىشتى، لېكىن مەن بۇ جاۋابقا زادىلا قانائەت ھاسىل قىلمىدىم، بۇ توغرىدىكى ئىزدىنىشلىرىم ئۈزۈلۈپ قالمىدى. شۇ ئارىلىقتا كاللام تۇيۇقسىز پاللىدە يورۇپ كەتتى! مەن بىر ماتېرىيالدا: «ئانا قانداق كەيپىياتتا بولسا، ھامىلىمۇ ئەينى شۇنداق كەيپىياتتا بولىدۇ، ئانا چىرايلىق نەرسىلەرنى كۆپ كۆرسە، خۇش پۇراق نەرسىلەرنى كۆپ پۇراپ بەرسە، تۇغۇلغان بالىمۇ چىرايلىق بولىدۇ» دېگەن بىر مەزمۇننى كۆرگەنىدىم. ھامىلىدار بولغان خانىشلار ئېسىل باغۇ ـ ئېرەملەردە، چاھارباغلاردا يۈرۈپ، ئەڭ چىرايلىق مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، ئەڭ خۇشبۇي گۈللەرنى پۇراپ، كۆڭلىنى خۇش تۇتۇپ، ئوزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى يەپ، ئەڭ تەملىك شەربەتلەردىن ئىچىپ، جانغا ئارام بېرىدىغان يېقىملىق نەغمە ـ ناۋالارنى ئاڭلاپ، دائىم گۈزەللىك دۇنياسىدا ياشىغاچقا، تۇغۇلغان مەلىكىلەرنىڭ «ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار» بولۇپ تۇغۇلۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، قىز تەربىيەسىنىڭ ئاشۇنداق كەڭرى شەرت ـ شارائىتلىرىلا ئەنە شۇنداق «چىچەن مەلىكە»لەرنى يېتىشتۈرەلەيدۇ، بۇنىڭغا بىز ئىشىنىشىمىز كېرەك.

قىزلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە «چېچەن مەلىكە» نىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدەك مۇكەممەل جەريان قىزلىرىمىزغا، ئانا ـ ئانىلارغا ناھايىتى ئوبدان دەرسلىك بولۇشى كېرەك. مانا مۇشۇنداق مۇكەممەل جەريانلا، قىزلىرىمىزنىڭ ئۆزىدىكى سېھرىي كۈچنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن مەيدان ھازىرلاپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ مۇكەممەل دەرسلىك بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ. كەلگۈسىدە ئانا بولىدىغان، يەنە نۇرغۇن «چېچەن مەلىكە» لەرنى تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈشتە، كەلگۈسىدىكى قىزلىرىمىزنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى غەرب دۇنياسىنىڭ بالىلارنى ئەركىن قويۇۋېتىش، ئۇلارنىڭ پىسخىك تەرەققىياتىغا قاراپ تەربىيەلەش، بېسىم ھېس قىلدۇرماسلىق، قارشى پىكىر قىلىشقا، تەپەككۇر قىلىشقا، تەپەككۇردا يېڭىلىق يارىتىشقا يۈزلەندۈرۈپ تەربىيەلەش، ئىختىساسلىقلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش، ئىجادىيەت ئىقتىدارى ۋە كەشپىيات، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ «چېچەن مەلىكە»لەرنى يېتىشتۈرۈش، قىزلارنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش تەربىيەسىنىڭ زامانىۋى تون كىيگۈزۈلگەن ئەينەن ئۆزىدۇر. بۇنداق تەربىيە ئۇسۇللىرى سىڭدۈرۈلگەن قىزلار جەمئىيەتكە چىققان كۈندىن باشلاپ مۇستەقىل پىكىر يولى بىلەن ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، غايە، نىشانى بويىچە توختىماي ئىلگىرىلەيدۇ، مۇستەھكەم ئىرادىسى ئارقىلىق بۇ ئۆمرىدە ياخشى نام قالدۇرۇش، ھاياتنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا بېغىشلاش، ئۆزىنىڭ ئەقلىي مېۋىلىرىنى ئىنسانىيەتكە

تەقدىم ئېتىشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ. مانا بۇلار ھازىرقى زامانىۋى جەمئىيەتتىكى «چېچەن مەلىكە»لەرنىڭ ئىخچام تەسۋىرىدۇر.

ئەمدى بىزنىڭ «چېچەن مەلىكە» لىرىمىز قانداق يېتىلىشى كېرەك؟ ئەلۋەتتە ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە، ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاق تەربىيەسى ۋە ئۇيغۇرغا خاس پەزىلەت تەربىيەسىنى كۈچ قىلىپ، ئۇنى زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ سەرخىل ئۆرنەكلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەم زامانىۋىلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان، ھەم ئەنئەنىۋىلىك پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇرغان خاسلىققا ئىگە قىلىش، مېنىڭچە بۇگۈنكى كۈندىكى «چېچەن مەلىكە» لەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشتىكى توغرا تاللاشتۇر.

ئەي، مۇرۇۋۋەتلىك قىز! سىزنىڭ چۆچەك پىرى شەھرىزاتتەك، مەلىكە ئامانىساخاندەك جاسارەتكە ۋە تۆھپىگە ئىگە بولۇش ئىرادىڭىز بارمىكىن، ئەگەر بار بولسا، ئۆز - ئۆزىڭىزنى تەربىيەلىشىڭىز زادى قانچىلىككىن؟ سىزنىڭ «چېچەن مەلىكە» بولالىغۇدەك جۈرئىتىڭىز بارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئونىنچى ئەڭگۈشتەر

## دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىكتىن ئايرىلماڭ

دوستلۇق قىزلاردا سەمىمىيلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈك پەزىلىتىنى يېتىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئۆزى دوست بولغان كىشىگە ئىشىنىش، باشقىلارنى چۈشىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قىزلاردىكى چىن دوستلۇق ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتە تاكامۇللىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، ھاياتقا نىسبەتەن تەلەپچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قىزلارنىڭ يالغۇزسىراش، زېرىكىش ھېسسىياتىنى تەلتۆكۈس تۈگىتىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا روھ قوشۇپ، ھاياتىنى جۇشقۇنلۇققا ئېرىشتۈرىدۇ. دوستلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقى، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈشى قىزلارغا ئاسانلا تەسىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ شەخسىيەتچىلىك خاھىشىنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. قىزلارنىڭ دوستلۇقى ماھىيەتتە مىجەزى كېلىشىدىغان بىر نەچچە قىزنىڭ بىر ـ بىرىنى قوللاش، بىر ـ بىرىگە ئىلھام بېرىش، دوستلارچە رىقابەتلىشىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، توختىماي ئالغا ئىنتىلىدىغان روھقا ئىگە قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي دوستلۇققا يارىغان قىزلار باشقا ھەر قانداق ئىشقىمۇ يارايدۇ.

ئادەم بۇ دۇنيادا يالغۇز ياشىيالمايدۇ، دوست ـ بۇرادەرلەرسىز بۇ دۇنيانىڭ خۇشاللىقلىرى ۋە خاپىلىقلىرىنى كۆتۈرۈپ كېتىش

مۇمكىن ئەمەس؛ ياخشى، ساداقەتمەن دوست تۇتقان كىشىنىڭ بەختى ئېچىلغان بولىدۇ، ھەر قانداق بىر ئېغىر يۈكنى دوستلار بىلەن بىللە كۆتۈرگەندە ئۇ يۈك ھېچقانچە ئېغىر بىلىنمەيدۇ. كەلگۈسىدىكى ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، پەرزەنتلەرنىڭ پەرۋىشچىسى بولغان قىزلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دوستلىشىش، بولۇپمۇ ساداقەتمەن دوستلارنى تېپىپ ئارىلىشىش، بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇش، ئىچ سىرلىرىنى ئېيتىشىش، مۇڭدىشىش، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىش، ئۈلگە ئېلىش، بىر - بىرىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش، بىر - بىرى بىلەن دوستانە رىقابەتلىشىش قىزلارنى ناھايىتى روھلاندۇرىدۇ، ھاياتنى جۇشقۇنلۇققا تولدۇرىدۇ، بىرەر قىيىن مەسىلىگە يولۇققاندا ساداقەتمەن دوستلىرى ھە - ھۇ قىلىپ بىردەمدىلا ھەل قىلىشىپ بېرىدۇ. مۇڭلىنىپ قالغاندا، بېشىغا كۈن چۈشكەندە، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىملىرى يەلكىسىنى باسقاندا، دوستلىرى ئۇنىڭغا مۇڭداش بولالايدۇ، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرەلەيدۇ، ئۇنىڭ غەم تېغى بېسىۋالغان كۆڭلىنى كۆتۈرىدۇ. دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل، خۇددى سۇ ۋە ھاۋا بولمىسا بىزنىڭ ھاياتىمىز كاپالەتكە ئىگە بولمىغىنىدەك، كىشىنىڭ دوستى بولمىسىمۇ بۇ ھاياتنى ياشاپ بولۇش ئىنتايىن تەس، شۇنداقلا مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئېيتساقمۇ تامامەن بولىدۇ. دوستى يوق ياكى كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان، تەنھا ئادەملەرنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىدىن، خاراكتېرىدىن گۇمانلىنىشقا تامامەن بولىدۇ. مىجەزى ياخشى، ئەخلاقلىق، چىقىشقاق بولغان بولسا چوقۇم ئۇلارنىڭ دوستلىرى بار بولغان، ساداقەت ۋە ھىممەتتە باشقىلارنىڭ دوستلىرىنى بېسىپ چۈشكەن بولاتتى.

دانالارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، ئۈچ گۇرۇھ كىشىلەر بىلەن دوستلۇق يولىنى تۇتۇش مەقسەتكە مۇۋاپىقتۇر. بىرىنچىسى،

ئىلىم ئەھلى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئۆمۈرلىرىنى ئىلىم ـ ئەدەپ بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە ھاياتىنىڭ ھەممە ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىغان بولىدۇ. ئىككىنچىسى، خۇش تەبىئەتلىك، سائادەتمەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار دوستلىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى باشقىلاردىن يوشۇرىدۇ ۋە ھېچقاچان ئاشكارىلىمايدۇ. دوستلىرىدىن سادىر بولغان خاتالارنى خىلۋەت جاي تېپىپ ئۆزلىرىگە ئېيتىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئۇگۇت ـ نەسىھەتىنى ئايىمايدۇ. ئۈچىنچىسى، غەرەزسىز ۋە تەمەسىز كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ھەقىقىي بولىدۇ، بىرەر پايدىنى كۆزلەپ دوستلاشقان بولمايدۇ.

ئەي قىز! بۇ دۇنيادا دوست تۇتماق ئوڭاي، ئەمما ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق ئىنتايىن مۇشكۈل، دوستلۇق بۇرچىنى ئادا قىلمايدىغان، دوستلۇق ھارۋىسىنى سۆرىيەلمەيدىغان، ئەخلاقسىز، بىمەنە، لاۋزا، قالاق قىزلار ھەرگىزمۇ دوستلۇققا يارىمايدۇ. بىلىڭكى، سىز ھاياتىڭىزنى قانچىلىك سۆيگەن بولسىڭىز، دوستىڭىزنىمۇ شۇنداق سۆيۈشىڭىز، مۇھەببەت باغلىشىڭىز، ياخشى كۆرۈشىڭىز كېرەك. مىننەتسىز، شەخسىيەتسىز بىر خىل ھېسسىيات يۈرىكىدە مەۋج ئۇرالىغان كىشىلەرلا چىن دوستلۇق شارابىدىن بەھرىلىنەلەيدۇ، ئۆزىنىڭ بەختى ئۈچۈن سائادەت ئىشىكىنى ئاچالايدۇ. يەنە يامان خۇيلۇق، بەتقىلىق، ئەخلاقسىز، قىلغان ئىشىنى مىننەت قىلىدىغانلارنى ھەرگىز دوست تۇتماڭكى، ئۇلاردىن سىزگە زەرەر يەتسە يېتىدۇكى، ھەرگىز مەنپەئەت يەتمەيدۇ. ھېچقانداق روھىي تەسەللىسىگە، دوستلۇق لەززىتىگە چۆمەلمەيسىز. بۇ رىياكار دوستلاردىن ساداقەتمەنلىك كۈتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ساداقەتمەنلىكتىن ئايرىلغان دوستلۇق قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ھېچقانداق ئاساسى بولمايدۇ، ئاخىر ۋەيران بولىدۇ. شۇڭا، دوست تاللاشقا دىققەت قىلىشىڭىز، مىجەزى چىقىشىدىغان، كۆڭلى

يېقىن، قەلبىمىدە ساداقەتمەنلىك ئۇرۇقلىرى بىخ ئۇرغان، بىلىملىك، ئەخلاقلىق كىشىلەرلا سىزنىڭ دوستىڭىز بولۇشقا لايىقكى، بۇنىڭدىن ئۆزگە كىشىلەر سىزگە دوست بولۇشقا يارىمايدۇ. بۇنى ھېچقاچان يادىڭىزدىن چىقارمىغايسىز.

دوستلۇق بۇرچىنى بەجا كەلتۈرۈش دوستلۇق ئۇلىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم بولۇشىغا ئاساس بولىدۇ. دوستىڭىزنىڭ دوستىنىمۇ قەدىرلەپ، دۈشمىنىڭىزگە قول بەرمەڭ، بۇمۇ يەنىلا دوستىڭىزغا بولغان ساداقىتىڭىز بولۇپ قالىدۇ. دوستتىن كۆرگەن بىرەر پايدىنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق، ئۇنى يادىدا چىڭ تۇتۇش كېرەك. دوستتىن بىرەر خاتالىق سادىر بولۇپ قالسا سەممىي تۈزىتىش پىكرى بېرىش، كۆڭلىگە ئالماسلىق، ئەپۇ قىلىۋېتىش، ئۆزرە سورىسا دەرھال قوبۇل قىلىش، ئۆتكۈزگەن بۇ خاتالىقنى ئۇنىڭ يۈزىگە سالماسلىق كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولۇپ قالسا دوستىڭىزنىڭ كۆڭلى ئازار يەيدۇ، ئاسانلىقچە كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. دوستىڭىزنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ياخشى بىلىۋېلىپ، شۇ بويىچە دوستلۇق قىلىسىڭىز بولىدۇ، شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ دۇنيادا قۇسۇرسىز ئادەم بولمىغىنىدەك، قۇسۇرسىز دوستمۇ بولمايدۇ. بۇ قۇسۇر دەل دوستلارنىڭ سەممىي ياردىمى ئارقىلىقلا ئۆز يولىدا تۈزىتىلىپ كېتىدۇ. مانا بۇمۇ دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىكنىڭ خاسىيىتى بولسا كېرەك.

بىر كۈنى بىر تونۇشۇم ئۆزىنىڭ ئۆزۈن يىللىق بىر دوستىدىن شىكايەت قىلىپ مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: ئۇزۇن يىللىق دوستۇم ئىدى. بىر نان تاپساق تەڭ يېيىشىپ، بىر يوتقاندا يېتىپ - قوپۇپ دېگۈدەك ياخشى ئۆتكەنىدۇق. ئۇ قايغۇرسا مەنمۇ قايغۇراتتىم، ئۇ خۇشال بولسا مەنمۇ خۇشال بولاتتىم، ھەر قانداق ئىشقا تەڭ كۆڭۈل بۆرەتتۇق، تەڭ

قىلالىتتۇق، شۇڭا ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشلارمۇ بىزگە ئاسان تۇيۇلاتتى، بىز قىلالمايدىغان ئىش يوقتەك بىلىنەتتى. بىز بۇنىڭدىن ئون يىل مۇقەددەم مۇشۇنداق نامراتلىقتىن ئۆتمۈۋېرىمىزمۇ دەپ، بىر - بىرىمىزنى يۆلەپ تىجارەت قىلدۇق، پايدا بولسا تەڭ كۆردۇق، زىيان تارتساقمۇ تەڭ كۆتۈردۇق، ھەممە ئىشىمىز راۋان يۈرۈشۈپ كەتتى. دوستلۇقىمىز بەك چىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر - بىرىمىزگە ساداقەتمەن بولغاچقا، ئىشىمىزدىن چاتاق چىقمايتتى. باي بولدۇق، مال يۆتكەپ سېتىش ئۈچۈن سەرسەك بولمايتتى، شۇڭا بىرلىكتە مەبلەغ توپلاپ بىر شىركەت قۇردۇق، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زاۋۇت قۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش ئىشىمىز باشلىنىپ كەتتى، زاۋۇت قۇرۇلدى، مەھسۇلاتمۇ ئىشلەپچىقىرىلدى، ئەمما مېنىڭ كونا دوستۇمنىڭ بۇ چاغدا نىيىتى بۇزۇلغىلى تۇردى، قەستەنگە ئېرىدىن ئاجرىشىپ بىر بالىسىنى يېتىم قىلدى، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەتتى. مەن بىر نەچچە قېتىم نەسىھەت قىلسام ئۇنىمىدى. كېيىن «دوست يىغلىتىپ ئېيتار» دېگەندەك قاتتىق گەپ قىلدىم. شۇ چاغدا ئۇ: «نېمەڭگە چوڭ سۆزلەيسەن؟ ئەينى چاغدا مەن بولمىغان بولسام سەن قىلىنمۇ ئورنىدىن تەۋرىتەلمىگەن بولاتتىڭ!» دەپ گۈركىرىدى. ئۇ قىلغان ئىشلىرىنى مىننەت قىلدى، شۇ چاغدىلا بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە مال - مۈلۈكنى بۆلۈشۈپ دەرھال باشقا ئىشقا تۇتۇش قىلدىم، شىركەتنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەردىم. ئۇ ھەشەمەتچىلىك قىلىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا ۋەيران بولۇپ كەتتى. ئەمما، مەن ئۇنىڭغا يەنىلا قىيالمايۋاتىمەن، ئۇنىڭغا ياردەم قولۇمنى سۇنايمىكىن دەيمەن. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئارىمىز ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ كەتكەن، ياردەم قىلساممۇ بەرىبىر قوبۇل قىلمايدۇ ھەم قاتتىق ھار ئالىدۇ،

قانداق قىلسام بولار؟ دەپ مەندىن سورىدى. مەنمۇ بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمىدىم. بۇ دوستلار مال ـ مۈلۈك بۆلۈشۈپ ئازارلاشمىغان بولسا، چوقۇم بىرەر يول كۆرسەتكەن بولار ئىدىم، مەن ئامالسىز بېشىمنى چايقىدىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى دەل دانالارنىڭ: «دوستلار ئۈچۈن سېخىيلىق يولىنى تۇت، نېمە بولسا ئۇلارغا چاچ. ئەگەر دوست ئۈچۈن جېنىڭ لازىم بولسا، ئۇنىڭغا جېنىڭنى تەقدىم قىل. ئۇلار بىلەن كۆڭلۈڭنى خۇشال قىل، كېيىنكى خاپىلىقنىمۇ ئۇنتۇما. قارا، ئېگىز ئاسمان ھەر يېڭى چىققان ئايدىن ئاداۋەت تىغى يېمىدىمۇ؟!» دەپ ئېيتقىنىدەك بولغانىدى.

دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئېسىل ئەخلاقى ۋە ئەڭ ئەتىۋارلاشقا تېگىشلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما، مۇشۇ ئون ـ يىگىرمە يىل مابەينىدە بۇ ئېسىل ئەخلاق ئۆز يولىدا جارى قىلدۇرۇلمىدى. شۇنداقلا تۇرمۇش ئادەتلىرىگە زامانىۋى تۇسىنىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىشىگە ئەگىشىپ بۇنداق تۇرمۇش ئادىتىنىڭ تېمىغىمۇ دەز كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىزلار ئارىسىدا دوستلۇق شەكىل بولسىمۇ، ئۇنىڭغا زور مىقداردا شەخسىي مەنپەئەت ئارىلىشىپ كەتكەچكە، مەنپەئەت ئالدىدا تۆكىنى تەتۈر ئۆرۈيدىغان ئەھۋاللا كۆپ يۈز بەرگەچكە، جەمئىيەتتە «قىزلارنىڭ دوستى يوق» دەيدىغان گەپ خېلىلا ئەۋج ئېلىپ قالدى. بۇنىڭغا مانا مۇشۇنداق ساداقەتسىز ۋە غەرەزلىك، مەنپەئەت ئالدىدا دوستلۇقتىن كېچىدىغان «دەرىجىگە توشمايدىغان دوستلۇق» ئارىلىشىپ قالغاچقا، غەرەزسىز، دوستى ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىدىغان ساداقەتمەن دوستلار ناھايىتى ئاز بولغاچقا، مانا مۇشۇنداق گەپنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولغان.

راستتىنلا زامانىمىزدا قىزلارنىڭ دوستى يوقمۇ؟ كەسكىن

www.uyghurkitap.com

قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! زامانىمىز قىزلىرىدىكى دوستلۇق پاك ئوبرازى دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك ئەقىدىسى يۈرىكىگە سىڭمىگەن، مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان بەزى قىزلارنىڭ قولى بىلەن سەل ـ پەل خىرەلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىرەلىك دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىككە ھېرىسمەن، قەلبى چىن دوستلۇق ئەقىدىلىرى ۋە رىشتىسى بىلەن باغلانغان گۈزەل ئەخلاقلىق، لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك قىزلىرىمىزنىڭ قولىدا يەنىلا ئۆز ئورنىنى تېپىپ ۋايىغا يېتىش سەپىرىنى باشلىدى. دوستلۇق گۈللىرى ھەر تەرەپتە پورەك ئېچىپ، دوستلۇق ئۇچۇن ئۆزىنى بېغىشلىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىپ كەلمەكتە.

بۇ دۇنيادا ھاياتلىقنى جۇشقۇنلۇققا تولدۇرغۇچى چىن دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك ياشىسۇن. چىن دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىككە تولغان يۈرەكلەر ياشىسۇن. دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك شارابىدىن مەست بولغان، ئۇنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقان روھى ساغلام كىشىلەر ئۆلمىسۇن!

## ئون بىرىنچى ئەڭگۈشتەر

## قويۇق ئۆرپ ـ ئادەت دۇنياسىدا ياشاڭ

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مۇزىكىلىرى بىر مەھەل چەتكە قېقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى جاز چالغۇلىرى بىلەن ئورۇندالغان دىسكو مۇزىكىلىرى، ئۇسسۇللىرى ئىگىلەپ، غەلىتە بىر خىل تەتۈر ئېقىم پەيدا بولغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل خەلق سەنئىتى ۋە سەھنە سەنئىتى كۈچلۈك «يىلتىز ئىزدەش» قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەسلىگە قايتىپ ۋە راۋاجلىنىپ، بۈگۈنگىچە سەھنىلىرىمىزدە، رېستورانلاردا، ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمىزدە ياڭراپ، بىزنى ئۆزىنىڭ چەكسىز سېھرىي كۈچى بىلەن شادلاندۇرۇپ، مۇڭلاندۇرۇپ كەلمەكتە.

خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى قىز ـ ئوغۇللىرىمىزنىڭ كىيىنىشى ۋە ياسىنىشى بارغانسېرى غەلىتىلىشىپ، ھەتتا مۇشۇ كىيىم ـ كېچەك ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشنىڭ ئىجادچىلىرى بولغان ياۋروپالىقلارنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشمەكتە. ئۇلارنىڭ تۇرقىغا بىر قاراشتىلا ئۇلارنىڭ نە ئۇيغۇر قىزى، نە چەت ئەللىك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدۇق. تۇرقىلا ئەمەس، شەھەر كوچىلىرىدا كېتىۋاتقان ھالىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق جەھەتلەردىنمۇ بۇنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت يىل ئىلگىرىكى ياشلارنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ

قالغانلىقىمۇ بارغانسېرى ئاشكارا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بەلكىم بۇمۇ زامان تەرەققىياتىنىڭ بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان بىر مۇھىم باسقۇچى بولۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. نېمىلا بولمىسۇن، بۇنداق چاقماق تېزلىكىدىكى ئۆزگىرىش بەرىبىر نورماللىقتىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە ئانچە ـ مۇنچە ئويلىنىپ قويۇشقا تېگىشلىك دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، بىز ئۇيغۇرمىز، ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بۇ ھەقىقەت ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. ئۇيغۇرنىڭ بەلگىسى ئۆز تىلىنى بىلىش، ئۆز ئۆرپ ـ ئادىتىدىن، قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن خەۋەردار بولۇش، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى بىلىش، قەدىرلەش ۋە ئۇنى سۆيۈش، ئۆز خەلقىنى سۆيۈش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك. بەلكىم بۇنداق تەتۈر ئېقىممۇ مىللىي مۇزىكىلىرىمىزنىڭ ئۆلمەس سېھرىي كۈچى ئالدىدا جاز مۇزىكىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتىگە ئوخشاش قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز يوقىلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. دۇنيادىكى ھەممە ئىش مۇمكىنچىلىكلەر ئىچىدە دەپ ئويلايمەن.

موڭغۇل يازغۇچىسى مىگچىبى لۇلۇلۇ بۇنىڭدىن ئون يىللار مۇقەددەم زور زىلزىلە قوزغىغان «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىنىڭ مۇقەددىمىسىدە: «يىپەك يولىدا نۇرغۇن مىللەتلەر ياشاپ مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ئەمما بۇنىڭ ئىچىدە يالغۇز ئۇيغۇرلارلا مەدەنىيەت جەھەتتە سىستېما ھاسىل قىلالىغان. بۇنىڭ سىرى نېمە؟» دەپ يازغان.

مانا بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكى مەركىزىي ئاسىيا ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكى، شۇنداقلا يىپەك يولى بويلاپ نۇرغۇن ئەل ۋە خەلقلەرگە تارقالغان ناھايىتى

قەدىمكى ۋە شانلىق مەدەنىيەتتۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنە جەھەتتە ئاجايىپ مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولۇپ كەلگەن. سىرتقى تەسىرنىڭ بىردىنلا كۈچلۈك بولۇپ كېتىشى شۇ تەسىرنىڭ يەنە شۇ تېزلىك بىلەن يوقىلىدىغانلىقىدىن ياكى سۇسلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق كۆپۈك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە قاراپ، قىزلىرىمىزدىكى غەيرىي نورمال كىيىنىش، ياسىنىش، غەيرىي نورمال پىسخىك ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش، قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى زورلاپ غەربچىلەشتۈرۈشلەرنىمۇ دەۋرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەي، يەنە ئۇيغۇرنىڭ ئەسلىي روھىي ھالىتى ۋە تۇرمۇش ئادىتى، قىممەت قارىشىغا قايتىپ كېلەمدىكىن، دەپ ئويلايمەن.

ئەي قىز! دەۋر ئېقىمىدا قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قويۇق ئۆرپ - ئادەت دۇنياسىدا ياشاڭ! ئۆزىمىزگە خاس مىللىي ئۆرپ - ئادەت، كىيىنىش ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆزلۈك ئېڭىنى ساقلاپ، ئەسلىدىكى روھىي ھالەتكە قايتقىنىڭىزدىلا، سىز ھەقىقىي مەنىدىكى ئۇيغۇر قىزى، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ياراملىق تەربىيەچىسى بولالايسىز. مەن بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىگە بېرىپ سودا قىلىدىغانلاردىن، ئوقۇۋاتقانلاردىن شۇ جايلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرىمەن. بۇ مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ھازىر ئەسلىگە قايتىش دولقۇنى ئومۇمىيۈزلۈك كۆتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ مىللىي ئەنئەنىنى قېزىش، ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، قويۇق مىللىي پۇراقنى گەۋدىلەندۈرۈش، مىللىيلىقنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق دۇنياغا يۈزلىنىش كەيپىياتى ئومۇمىيۈزلۈك كۆتۈرۈلگەن. مىللىي ئۆرپ - ئادەت مۇھىتى نىسبەتەن قويۇق بولغان ئۆزبېكىستاننى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بۇ دۆلەت

www.uyghurkitap.com

ھازىر زامانىۋىلىق ئىچىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر تۇرمۇشىغا قايتقاندەك قويۇق ئۆرپ ـ ئادەت دۇنياسىغا ئايلانغان. كىچىكلەرنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەتلىشى، چوڭلارنىڭ كىچىكلەرنى ئىززەتلىشى، قىزلارنىڭ ئوغۇللارغا كۆرسىتىدىغان ھۆرمىتى، مېھرىبانلىقى، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلىشى، ئاياللارنىڭ ئەرلەرنى ھۆرمەتلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن شەھەرلەرمۇ خۇددى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكىگە ئوخشاشلا قويۇق مەھەللىۋى تۈس ئالغان. ھەتتا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۇنىۋېرسىتېتلاردىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناھايىتى مېھرىبانلىق ۋە ئەدەپ بىلەن سالام ـ سەھەت قىلىشىۋاتقانلىقىنى، ئەھۋال سورىشىۋاتقانلىقىنى، بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئوغۇللارنىڭ ئۇچىسىغا يارىشىملىق كاستۇم ـ بۇرۇلكا، بېشىغا بادام دوپپا كىيىپ يۇرۇشكەنلىكىنى، قىزلارنىڭ ئەتلەس كۆڭلەك، گىلەم دوپپا كىيىپ كېپىنەكتەك ياسىنىپ يۇرۇشكەنلىكىنى، ھەتتا تاكسى شوپۇرلىرىنىڭمۇ يارىشىملىق بادام دوپپا كىيىپ خېرىدار كۈتۈۋاتقان مەنزىرىسىنى ھەممىلا جايدا كۆرگىلى بولىدىكەن. بىزنىڭ بۇ يەردە بولسا قىزلىرىمىزنىڭ ئۇچىسىدىكى ئەتلەس كۆڭلەك، بېشىدىكى گىلەم دوپپىسىنى بىر كېچىدىلا بىرەر شەيتان سالدۇرۇپ ئېلىپ كەتكەندەك تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتتى، خۇددى مۇزېيلارغا تىزىپ قويىغان تارىخىي بۇيۇمدەك، ھېيتلاردا تېلېۋىزور ئېكرانىدا دىكتورلىرىمىزنىڭ ئۇچىسىدا كۆرىدىغان بولۇپ قالدۇق. بەزىدە سەھنىدە ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈنۈپ قالىدۇ. بىر كىيىمنىڭ نوقۇل سەھنە كىيىمىگە ئايلىنىپ كېتىشى ئۇنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىلىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمىسىمۇ، ئۇنىڭ «بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان» ئەتىۋارلىق بۇيۇمغا

ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟ ئەتلەس كۆڭلەك بىلەن گىلەم دوپپىنى قىزلىرىمىز كىيمىسە باشقىلار كىيىپ بەرمەيدۇ، كىيىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۆز قىزلىرىمىزغا ياراشقاندەك يارىشىپ كەتمەيدۇ، ھەتتا ئويلاشماي كىيىپ سالغاندەك تەسىرات بېرىپ قويىدۇ. بۇ كىيىملەرنى قىزلىرىمىز كىيمىسە، ئۇ پەقەت سەھنە كىيىمى، ساياھەتچىلەر قىزىقىپ ئېلىپ كېتىدىغان «غەيرىي كىيىم»گە ئايلىنىپ كېتىدۇ، خالاس!

كىيىم شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئادەمنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، مىجەز - خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقى تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلانماقتا. ئەلۋەتتە، ئادەم كەڭ، ئازادە كىيىنسە، يۈرۈش - تۇرۇشى، ھەرىكىتى تەمكىن، ئېغىر - بېسىق، روھلۇق كۆرۈنىدۇ. بەدەنگە چىپپىدە كېلىدىغان كىيىم - كېچەكلەر گەرچە ئادەمنى تېتىك كۆرسەتسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ناھايىتى سۇنئىي، نازۇك، تېنى ئاجىز، زەئىپ كۆرسىتىپ قويىدۇ. مانا بۇ يەكەنلەردىنلا دەۋرىمىز قىزلىرى ئۆزلىرى كىيىۋاتقان كىيىملەرنىڭ شەكلى، پاسونىغا قاراپ، ئۇنىڭ سىرتقى تەسىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىپ باقسا بولىدۇ. شۇنىڭغا ماس ھالدا يەنە چاچ شەكلى، ياسىنىش قاتارلىقلارمۇ شۇ قىزنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى ھامان ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنداقلا شۇ قىزنىڭ ئۆزىنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭمۇ ئوخشاش بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرى قىزلىرىمىزغا شۇنداق يارىشىدۇكى، سەرۋى قامەتلىك، تېتىك، خۇشخۇي، مۇلايىم، ياخشى خۇلقلۇق كۆرسىتىدۇ. ماڭغاندا خۇددى كېپىنەكلەر ئۇچۇۋاتقاندەك تەسىر بېرىدۇ. پۈتۈن تۇرقى خۇددى بىر دەستە گۈلگىلا ئوخشايدۇ. مىنىڭ ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق

يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيگەن قىزلىرىمىز سەھرا چىراي دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ، كەمسىتىلىۋاتىدۇ، بۇنداق كىيىملەرنى كىيىدىغانلار شىددەت بىلەن ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ.

ئەي قىز! سىز ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي تونۇغانىكەنسىز، ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەنىكەنسىز، چوقۇم قويۇق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت دۇنياسىدا ياشاڭ! ئەتىگەن تۇرغىنىڭىزدا ئاتا ـ ئانىڭىزدىن: «ياخشى ئۇخلاپسىلەرمۇ؟» دەپ ئەھۋال سوراڭ، ياتىدىغان چاغدا، «خەير، ياخشى چۈش كۆرۈڭلار» دېيىشنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ؛ ئاتا ـ ئانىڭىزغا ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىڭىزدە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى بېرىڭ؛ ئوغۇللار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا خۇشخۇيلۇقىڭىز، مېھرىبانلىقىڭىز، كۆيۈمچانلىقىڭىز ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىڭ؛ چاي قويۇش، مېھمان كۈتۈش قائىدە ـ يوسۇنلىرى، مېھماننى ئىززەتلەش سۆزلىرىنى ئۆگىنىۋېلىڭ؛ مەھەللىۋى تۇس ئالغان كونا قائىدە ـ يوسۇنلارنىمۇ ئامال بار ئۆگىنىۋېلىڭ؛ ئۆگىنىپ بولالمىغان تەقدىردىمۇ خەۋەردار بولۇپ قېلىڭ؛ شەخسىي تازىلىققا دىققەت قىلىڭ. بىلىڭكى، ئۇيغۇر قىزلىرى ئەزەلدىن پاكىزلىقى، خۇش پۇراقلىقى بىلەن ئۆينىڭ زىننىتى، ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆڭۈل قۇۋانچى بولۇپ كەلگەن؛ ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادار، دوستلارغا ساداقەتمەن بولۇڭ، يامان يولدا ماڭماڭ، پەزىلەت گۈللىرىنى چىرايدا ئەمەس، قەلب تۆرىدە ئېچىلدۇرۇڭ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىڭىزنىڭ پاكلىقىنى ھەر قانداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندىمۇ ساقلىيالايسىز؛ مېھمان بولغاندا، باشقىلاردىن كۆڭۈل سورىغاندا، خەيرخاھلىق قىلغاندا خۇشخۇي، شېرىن سۆزلۈك، مېھرىبان بولۇڭكى، باشقىلار سىزدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولۇپ كەتسۇن. يەنە نۇرغۇن ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەت دۇردانىلىرىمىز خەلقىمىز دۇنياسىدا ياشاشقا ھېرىسمەن

بولسىڭىزلا، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى ئەمەلىيىتىڭىزدە جارى قىلدۇرغاچ ئۆگىنىپ كېتەلەيسىز ۋە بۇ ئېسىل خىسلىتىڭىز بىلەن باشقىلارغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتەلەيسىز. مۇشۇ خىسلىتىڭىز بىلەنمۇ باشقىلارنىڭ ئۈلگىسى بولالايسىز.

ئەي قىز! ئۆزىڭىزنى تونۇغان، ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەن هالدا قويۇق ئۆرپ ـ ئادەت دۇنياسىدا ياشاشقا ئادەتلىنىڭ!

قىزلىرىمىز مارجان ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك تۈيغۇ بېرىدىغان «قىرىق تال» چاچ ئۆرۈش ئادىتىمۇ يوقاپ كېتەي دەپ قالدى ۋە زامانغا يۈزلەنگەنلىكى جايلاردا ئاساسەن يوقاپ كەتتى. گىلەم دوپپا ۋە ئەتلەس كۆڭلەككە ماسلاشتۇرۇلىدىغان بۇنداق چاچ ئۆرۈش ئادىتىنىڭ شۇنچە تېزلىك بىلەن يوقاپ كېتىشى بىزنى تېخىمۇ ئېچىندۇرماي قالمايدۇ. شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىمكى، مىللىي كىيىم ـ كېچەك ۋە ياسىنىش ئادىتى بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان روشەن بەلگىلەرنىڭ بىرىدۇر. قىزلىرىمىزدىكى «قىرىق تال چاچ» ئۆرۈش قائىدىسىمۇ خۇددى بىز قىزلىرىمىزغا سۇنۇۋاتقان «قىرىق بىر ئەڭگۈشتەر» گە ئوخشاشلا، خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى شەكىللەندۈرگەن مۇقەددەس سان چۈشەنچىسىنىڭ ئۇيغۇر روهىيىتىدىكى ۋە كىيىم ـ كېچەك هەم تەرق ـ تۇرقىدىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئەنە شۇنداق بولغاچقىلا، بۇ ئەنئەنە بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەدىرلىشىمىزگە، ساقلاپ قېلىشىمىزغا تامامەن ئەرزىيدۇ. قىزلىرىمىزنىڭ جۈرئىتى بۇنىڭغا يېتەمدىكىن!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئون ئىككىنچى ئەگۈشتەر

## ئەنئەنىدە چېلىك تۇرۇپمۇ دۇنياغا يۈزلەنگىلى بولىدۇ

ھازىر نۇرغۇن ياشلىرىمىز ناھايىتى ئېسىل مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى دەۋردىن قالغان، كونا، ۋاقتى ئۆتكەن نەرسىلەر دەپ قارىغاچقا، كىيىنىش، يۈرۈش - تۇرۇش، تۇرمۇش ئۇسۇلى، پىسخىكىسى، قىممەت قارىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن تۈپتىن ئۆزگىرىش قىلىش، غەربلىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، مەدەنىيەت جەھەتتە چاكىنىلىشىش ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇش ئارقىلىقمۇ دۇنياغا يۈزلەنگىلى، دەۋر قەدىمى بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگىلى، زامانىۋىلاشقىلى، ئۆز - ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ سۆزلىرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە نۇرغۇن مىساللار ئالدىمىزدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ يېتىپتۇ.

ياپونىيە بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت، شۇنداقلا مىللىي ئەنئەنىسى ئىنتايىن كۈچلۈك دۆلەت. سىز ياپونىيەگە بېرىپ قالسىڭىز، ياپون ئائىلىرىنىڭ كەينىگە ياستۇق تېڭىلغان ئازادە تونىنى كىيىپ، چېچىنى تۇرۇپ، شىپىرلاپ ماڭغىنىچە تىنماي ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى، قەدەمدە بىر مۇلايىملىق بىلەن تەزىم قىلىپ، ئېرىغا ھۆرمەت، بالىلىرىغا ھىممەت كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئەتراپلىق تەربىيەلەۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسىز، بۇنداق كۆرۈنۈشلەر ئۇلارنىڭ كىنولىرىدىمۇ كۆپ كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئەرلىرىنىڭ بولسا بېلىدىن پوتا باغلىنىدىغان كەڭ تون، پۇتىغا ياغاچ ئاياغ كىيىپ تەمكىن قەدەم ئېلىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى، يانغا ئېچىلىدىغان يەڭگىل ئىشىكتىن كىرىپ، سېلىنچا ئۈستىگە قويۇلغان كىچىك شىرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ياكى بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغانلىقىنى، گەپ ـ سۆزدە، مۇئامىلىدە ياپون مىللىتىگە خاس جەڭگىۋارلىق، جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇرغانلىقىنى، تۇرمۇش ئادىتىنىڭ خاس پۇرىقىنى بىر قاراشتىلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ... شۇنداق بولغاچقا، ياپونلارنى پۈتۈن دۇنيادىكىلەر بىلىدۇ، بىر قاراشتىلا بۇلار ياپونكەن دەپ قالىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەت، ئەنئەنىدە چىڭ تۇرغاندا ئارقىدا قالىدىغان ئىش بولسا، مانا مۇشۇ قويۇق ئۆرپ ـ ئادەت دۇنياسىدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي روھىنى يارىتىۋاتقان ياپونلار ئارقىدا قالغان بولسا بولاتتى. ھالبۇكى، ئەمەلىيەتتە ياپونىيە ئىقتىسادىي كۈچ جەھەتتە ھازىر دەرىجىدىن تاشقىرى بىردىنبىر چوڭ دۆلەت ئامېرىكىدىنلا كېيىن تۇرىدۇ. ياپونىيەنىڭ يېنىك سانائەت ۋە ماشىنىسازلىق، كىمىسازلىقتا ئوخشاش ئېغىر سانائىتى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى ئۇلارنىڭ كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىۋاتقان بۇ مەھسۇلاتلىرىغا ئېھتىياجلىق. مانا مۇشۇ نەتىجىلەر ياپونلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى ئۆز جايىدا جارى قىلدۇرغانلىقىدىن، مىللىي روھىنىڭ تۇرتكىسىدە ئۆزلىرىنى ئىلغار پەن ـ تېخنىكا بىلەن قورال لاندۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇۋېرىپ ئارقىدا قالغان بولسا، دۇنياغا يۈزلىنەلمىگەن بولسا، ياپونلار شۇنداق بولاتتى. ئەمما، ئۇلار ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇۋېرىپ دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەنگىلى بولىدىغانلىقىنىڭ ئەڭ شانلىق ئۈلگىسىنى ياراتتى.

قايسىبىر ئالىم: «قايسى نەرسىنىڭ خاسلىقى كۈچلۈك بولسا، ئۇنىڭ دۇنياۋىلىقىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ» دەپ ئېيتقانىكەن.

ئىندىيانلارنىڭ گۈلخان ئەتراپىنى چۆرگىلەپ ئوينايدىغان ئۇسسۇلى پەقەت ئۇلارغىلا خاس بولغاچقا، بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ، ھازىرقى چاقماق ئۇسسۇلى، دېمەك بۇ ئۇسسۇللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس بولۇپ قالغان. يەنە ھىندىستان، كورېيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كىنولىرى مەملىكىتىمىزدە كەڭ كۆلەمدە قويۇلۇپ قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە دېگەندە، ئۇلارنىڭ كىنولىرىدا مىللىي خاسلىقىنىڭ، ئۆرپ - ئادەتنىڭ، قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىپادىلىنىۋاتقانلىقىدە. ئەگەر بۇلاردا ئامېرىكىنىڭكىگە ئوخشاش ئىلمىي فانتازىيەلىك فىلىملەر ياكى كۆپ مەبلەغ سېلىنغان قورقۇنچلۇق فىلىملەر بولغىنىدا بۇنچىلىك قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشەلمىگەن، بۇنداق فىلىملەرنى كۆرگۈسى كەلگەن كىشىلەر قانداقتۇر كورېيە، ھىندىستانلارنىڭكىنى ئەمەس، ئەلۋەتتە ئامېرىكىنىڭكىنى كۆرگەن بولاتتى.

ھاسىلكالام شۇكى، قىزلىرىمىزمۇ ساپ ئۇيغۇرنىڭ پەرزەنتىسى، روھى بىلەن ياشاپ، ئۇيغۇرنىڭ يارىشىملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ ياشىسا، ئۆزىمىزگە خاس تۇرمۇش ئۇسۇلىنى زامانغا ماسلاشتۇرسا، بۇنىڭ قەيېرى بولمايدىكەن؟ ياۋروپاچە ياسىنىپ، ئۆرپ - ئادەتكە دىققەت قىلماي، ياۋروپاچە روھىيەتكە ئەسىر بولۇپ ياشىسىمۇ ئۇلار بەرىبىر ياۋروپالىق بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ يىلتىزى، ئەسلى بەرىبىر ئۇيغۇر، ئۇيغۇر چوقۇم ئۇيغۇرغا خاس روھىيەت بىلەنلا ئۇيغۇر بولالايدۇ. بۇ نۇقتىنى قىزلىرىمىز ئېنىق چۈشىنىشى، بىردەملىك ئالدىراڭغۇلۇققا بېرىلىپ كەتمەسلىكى، مۇستەھكەم ئىرادە ۋە تەۋرەنمەس روھ بىلەن مىللىي خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى،

خاسلىق ئارقىلىق ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ، ھەرگىز مۇ «تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال» بولۇپ قالماي، خۇددى لۇتپۇللا مۇتەللىپ يازغاندەك: «بوياق بىلەن بويىغۇچە تېشىڭنى، بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى» بولۇشى، تاشقى زىننەتلىرىنىڭ ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئەمەس، ئىچىنىڭ بىلىمگە توشقانلىقىدىن، قەلب گۈزەللىكىدىن، ئۆزىگە ئىشىنىش روھىدىن، غەيرەت ـ شىجائىتىدىن، جاسارىتىدىن، قانداق ئىشلارنى قىلالىغانلىقىدىن، قانداق نىشانغا يەتكەنلىكىدىن پەخىرلىنىشى كېرەككى، چاكىنا ئوي ـ خىيال، چاكىنا مەدەنىيەت، چاكىنا قىلىق بىلەن «مەدەنىيەتلىك» بولغانلىقىدىن پەخىرلەنمەسلىكى، ئەكسىچە بىزار بولۇشى، بىزارلىق ئىچىدە ئويلىنىشى، ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلىشى كېرەك.

ئەنئەنە، قويۇق ئۆرپ ـ ئادەت بىز نېمىنى تەلەپ قىلساق شۇنى بېرەلەيدۇ، ئۇنىڭدىن نېمىنى ئىزدىسەك شۇنى تاپقىلى بولىدۇ. زامانغا يۈزلەنگىلى، دۇنيا ئەھلىگە ئۆزىمىزنىڭ قەدىمدە شانلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ياراتقان، مەدەنىيەت ئاساسى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى كۈچلۈك ھەم قويۇق بولغان ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۇرۇپ قويغىلى، تەرەققىي قىلغىلى، قۇدرەت تاپقىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلغىلى، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ. مانا بۇ پىكرىمگە سۆيۈملۈك قىزلىرىمىز نېمە دەيدىكىن؟

مەن بىر تۇغقىنىمنىڭ بىر دوستىنى تونۇيتتۇم، بۇ قىز ئىلگىرى مەلۇم بىر دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزگەندىن، كېيىن مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئىنگلىز تىلىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىم ئىگىلەشتىكى قىزغىنلىقى ۋە

تىرىشچانلىقى بىلەن تېزلا ئىلگىرىلەپ كەتتى، خەنزۇچە سۆزلەش، ئىنگلىزچە سۆزلەشتە بولسۇن، ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشى ناھايىتى تېز بولدى. مۇشۇنداق سەۋىيەگە يەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدىن كەتكۈسى كەلمەي، بىر مۇنچە يار ـ يۆلەكلىرى ئارقىلىق مەلۇم بىر مەكتەپتە خىزمەت قىلىپ قالدى. ئۇ بۇ جەرياندا چەت ئەللىكلەر بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ، ئۆزىنىڭ تىل سەۋىيەسىنى خېلىلا ئۆستۈرۈۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇچىسىدىن ئۇيغۇرغا خاس كىيىملەر سېلىنىپ كەتتى. پۈتۈنلەي غەربلىشىپ كەتتى، كاۋبوي ئىشتان ـ چاپان، مۈرىسىدە دائىم ئېسىلىپ تۇرىدىغان بىر سومكا قاچان قارىسىڭىز تۇراتتى. تېخى بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي كاۋبوي ئىشتىنىنىڭ تىزلىرىنى يىرتىۋالاتتى، قانداقتۇر كىيىۋالغان جىلىتكىلىرىنىڭ مۈرىلىرى يىرتىق تۇراتتى، قىزلارغا خاس كاستيۇم ـ يوپكا كىيمەيتتى، قاتتىق ئىسسىق بولغان كۈنلەردىمۇ ئۆزىنى بىخستىپ شۇنداق كىيىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ باشقىلارنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتەتتى. مەن بىر كۈنى ئۇنىڭدىن نېمىشقا زورلاپ تۇرۇپ مۇشۇنداق كىيىملەرنى كىيىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ھازىرقى «زامانىۋىلىقنى چۈشەنمەيدىغان قىزلار» بىلەن ئوخشاش كىيىنىشنى خالىمايدىكەن، ناۋادا شۇنداق كىيىنىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ «ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغان زامانىۋى ئاڭغا ئىگە زىيالىي» ئىكەنلىكى گەۋدىلەنمەي قالىدىكەن، زامانىۋى ئادەم بولالمايدىكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ قىزنىڭ چۈشەنچىسىدىكى زامانىۋىلىق تولىمۇ ئاددىي بىر چۈشەنچە ھالىتىدە بولۇپ، ھەرگىزمۇ ماھىيەتكە يېتەلمەيتتى، زامانىۋىلىشىشنىڭ ماھىيىتى نېمە، دېگەن سوئالغىمۇ ئۇ ئوڭلاپ جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئانچىكىم ئىنگلىز تىلىنى بىلىش ۋە كىيىم

ـ كىچىككىنە غەربچىلەشتۈرۈش ئۇنىڭ نەزىرىدىكى «زامانىۋىلىشىش» ئىدى. ئەگەر شۇنداق تېزلا زامانىۋىلىشىش دەرىجىسىگە يېتىدىغان ئىش بولسا، زىيالىيلىرىنىڭ كۆپى ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغان ياپونلار ۋە ئىنگلىز تىلىنى ئىككىنچى دۆلەت تىلى قىلغان ھىندىستان ۋە پاكىستانلىقلار ئەنئەنىۋى ئازادە كىيىملىرىنى تاشلاپ، مۇشۇ قىزغا ئوخشاش كىيىنگەن، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كەسكىنلىك بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرغان بولاتتى. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياپون ۋە ھىندى ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئىنگلىز تىلىنى ئانا تىلى قاتارىدا كۆرۈپ سۆيەلىگەن تەقدىردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي خاسلىقىنىڭ بەلگىسى بولمىش مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىنى رەھىمسىزلىك ۋە كەمسىتىش نەزەرى بىلەن تاشلىۋەتمىگەن، ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ خاسلىقى بىلەن ئۆز دۆلىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرغان، بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ھېلىقى «ئىنگلىزچە» قىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىزدىن ۋاز كېچىشى، ئۇنى چۆرۈپ تاشلىشى نېمىدېگەن كۈلكىلىك ـ ھە!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئون ئۈچىنچى ئەڭگۈشتەر

# ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قىبلىنامىسى

ئېسىمدە قېلىشىچە، بىزگە قوشنا بىر مەھەللىدە ئەقىدە ئىسىملىك بىر قىز بار ئىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ بىردىنبىر قىزى، شۇنداقلا قىرىق ياشقا يېقىنلاپ قالغاندا خۇدادىن تولا تىلەپ، تىلىكى ئەمەلگە ئېشىپ ئاندىن كۆرگەن ئەتىۋارلىق قىزى ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئاتا - ئانىنىڭ ئائىلە نىزامى قاتتىق، پەرزەنت تەربىيەلەشتە مول تەجرىبىسى بار ئىدى، ئىلگىرى دائىم: «قىزىمىز بولۇپ قالسا مۇنداق تەربىيەلەيتتۇق...» دېگەن ئېنىق نىشان بەلگىلىۋالغانىدى. قىزى تۇغۇلغاندىن كېيىن بۇ ئاتا - ئانىنىڭ بېشى كۆككە يەتكەندەك بولدى، ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمدى، لېكىن مۇشۇ مەستخۇشلۇق سەۋەبىدىن ئېسىنى يوقىتىپ قويۇشمىدى. دەرھال ئۇنى ئەتراپلىق تەربىيەلەشكە كىرىشىپ كەتتى. تېخى تىلى چىقمىغان بالىغا ئانىسى ئەركىلىتىپ ئوينىتىش جەريانىدا ھەرخىل قائىدە - يوسۇنلارنى سۆزلەپ بېرەتتى، ئاتىسى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بايان قىلىنغان رەسىملىك باللار ئوقۇشلۇقلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. ئويۇنىمۇ، كۈلكىسىمۇ، قايغۇسىمۇ، خۇشاللىقىمۇ مۇشۇ تەربىيە ئىچىدە بولاتتى. كىچىك تۇرۇپ چوڭلارنى كۆرسە «ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ، ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ؟» دەپ سورايتتى، قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئامانچىلىقىنى سوراپ كېتەتتى، كىچىك بىر قىزنىڭ بۇنداق قائىدە - يوسۇنلارنى چوڭلاردىن ئاشۇرۇپ

قىلىشى ئۇلارنى بەزىدە خىجىل قىلىپمۇ قويىاتتى ـ دە، ئۇلارمۇ بۇ قىزدىن ئۆگىنىپ سالام ـ سەھەت قىلىشىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ قىزنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيە شەكلىمۇ ئۆزگىرىپ باراتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ قىز ئالتە ياشقا كىرگۈچىلىك بىرىنچى، ئىككىنچى سىنىپنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدىكى تېكىستلەرنى يادقا ئوقۇيالايدىغان، ماتېماتىكىدىكى تۆت ئەمەل قائىدىسىنى مۇكەممەل بىلەلەيدىغان ھالغا يەتتى. ئۇ مەكتەپ قويىنىغا كىرىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا بىر سىنىپ ئاتلىتىلدى، يەنە مەۋسۇم توشماي تۇرۇپلا يەنە سىنىپ ئاتلىتىلدى.

بۇ قىز مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغۇچى، ئۆيدە قولى چېۋەر ياخشى قىز ئىدى. مەكتەپتىن كېلىپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە ئۆزۈن بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈشەتتى. «جېنىم دادا، جېنىم ئاپا...» دېگەن سۆزلەر ئاغزىدىن چۈشمەيتتى. ئاكىلىرىنىمۇ شۇنداق ھۆرمەتلەيتتى، «جېنىم ئاكا» دەپ ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئېرىتىۋېتەتتى، ئۇلارنىڭ چەكسىز ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ ھارمايتتى، كۈچى يېتىدىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى گۈلگە گۈل كەلتۈرۈپ قىلاتتى. ماۋۇ ئوغۇللار قىلىدىغان ئىش، ماۋۇ قىزلار قىلىدىغان ئىش دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايتتى. تاماق ئېتىشنى، ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇشنى، ئاددىي ـ ساددا، ئەمما يارىشىملىق كىيىنىشنى، قىزلارغا خاس تازىلىق ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئانىسى ئۇ قورسىقىدا چېغىدا خۇش پۇراق گۈللەرنى كۆپ پۇراپ، چىرايلىق مەنزىرىلەرنى كۆپ كۆرۈپ، ياخشى كەيپىياتىنى ئۆزۈنغىچە مۇقىم ساقلىغاچقىمىكىن، بۇ قىز بەك يېقىملىق ھەم چىرايلىق ئىدى، بويىدىن ئادەمنى مەست قىلغۇچى خۇش پۇراقلار تارىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەقىدە چوڭلارنى، ئاتا ـ ئانىلارنى، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىنى، ساۋاقداشلىرىنى چىن يۈرىكىدىن ھۆرمەتلەيتتى، سۆزلىرى شىرىن بولۇپ، ئۇ سۆزلىگەندە، ئاغزىدىن مىڭلارچە بۇلبۇللار چىقىپ سايراۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ بىرىلىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ھېكمەت ۋە كامالەتكە يەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئۆزگە ئىشىنىدىغان قەيسەر يۈرىكى بار ئىدى. راستچىللىقى، ۋاپادار، سەممىيلىكى، مۇلايىملىقى، ئۇياتچانلىقى، كەڭ قوللۇقلۇقى، ھىممەتلىكلىكى، مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنىڭ ئېنىقلىقى بىلەن ھەممە كىشىنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئالغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، بىر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا كىردى. باشقىلار ئالتە يىل ئوقۇغان ئوقۇشنى بەش يىلدىلا ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزدى ۋە بىر نۇقتىلىق دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىندى. بىر قېتىم ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى سوراش ئۈچۈن بارغانىدىم، ئۇ ئىشلەيدىغان بۆلۈمگە كىرسەم بىر نەچچە مويسىپىت كىشى ماڭا سوغدىشىپلا كىرىپ كەلدى ۋە ئەقىدە دوختۇرنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ تۆرقىدىن يىراق سەپەردىن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەقىدە ئىشلەۋاتقانىكەن، ئۇ بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشى بىلەن بۇ كىشىلەر كارىدورنى بېشىغا كىيىپ: «ۋاي جېنىم قىزىم!...» دەپ ئۆپكىدەپ يىغلاپ كېتىشتى. بىلسەم، بۇ نامرات ھاجەتمەنلەر بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى يىراق يېزىدىن كەلگەنىكەن، كېسىلى ئېغىر بولغاچقا، ھازىرقى يۇقىرى ھەقلىق داۋالاش خىراجىتىنى تۆلىيەلمەيدىكەن. ئەقىدە قاپ يۈرەكلىك قىلىپ بۇلارنى داۋالاشنى ئۈستىگە ئاپتۇ ۋە كېسەلنىڭ قارىغۇچىلىرىنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ، ئاش ـ تامىقىنى بېرىپتۇ. ئۇيلىمىغان يەردىن كەلگەن بۇ چەكسىز مېھرىبانلىقنىڭ تەسىرىدىن كېسەل تېزلا

ساقىيىپتۇ، ئەقىدە ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. بۇ ئىشقا بىر يىل بولغانىكەن، ئۇ داۋالىغان ئاغرىق ياشنىپ قالغانلىقتىن، «ئاشۇ شەپقەتچى قىزنىمنى بىر كۆرۈپ كەلمىسەم كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ» دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئوغلىنى ئالدىغا سېلىپ كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا كونىراپ كەتكەن چوڭ خالتىلار، بىر نەچچە يەشىك بار ئىدى. ئەقىدە بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرماق ئۈچۈن مۇنچە ئېغىر كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ئەقىدەنىڭ ئېرى مېنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئۇنىڭ خىزمەتتە بىھۇدە جاپا چېكىشىدىن، نەدە يوق ئاۋارىچىلىكلەرگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەقىدەگە بىمارلارغا بولغان كۆيۈنۈشىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى تاپىلاپ كەلگەنىكەن. ئەمما، كېيىن قاراپ باقسا، ئايالىنىڭ ئۆز بىمارلىرىغا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىغا، بىر تۇغقان ئاكا ـ سىڭىللىرىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنىدىغانلىقىنى، مۇشۇ كۆيۈنۈش سەۋەبىدىنمۇ نۇرغۇن ئاغرىقلارنىڭ شىپا تېپىپ ساقىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەقىدەنى ھەقىقىي «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» دەپ بىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنى توسماي، ئەكسىچە جان ـ دىلى بىلەن قوللايدىغان ھالەتكە ئۆتكەنىدى. ئۇ ماڭا بىر نەچچە قېتىم ئەقىدە توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپ، يۇرىكىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ: «مەن ئەقىدەدىن ئېمىنى ئىزدىسەم شۇنى تاپالايمەن، ئىشلەش، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇش، ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ھۆرمەت قىلىش، بۇ دۇنياغا، كىشىلەرگە ئوڭ كۆزدە قاراش ئەقىدەنىڭ ماڭا ئۆگەتكەن ئۇنتۇلماس تەربىيەسى...» دېگەنىدى.

بىر كېسەل كىشى ھۆركىرەپ يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى: «دوختۇر دېگەن ئەقىدەدەك بولسا... مەن بۇ چاغقىچە ئون قېتىم

www.uyghurkitap.com

ئۆلۈپ بولاتتىم، ئەقىدە قىزىمنىڭ چوغدەك ئىسسىق مۇئامىلىسى، مېھرىبانلىقى، كۆيۈنۈشى بىلەنلا مۇشۇ كۈنگىچە ياشاپ كېلىۋاتىمەن. ئۇنى تەربىيەلىگەن پەرىشتە سۈپەت ئاتا ـ ئانىسىنى بىر كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم، ئىككى ئېغىز رەھمىتىمنى ئېيتىۋالسام ئارمىنىم قالمىغان بولاتتى...»

يەنە بىر ئون بەش ياشلىق قىز بولۇپ، ئۇنىڭ كېسىلىگە بەزى دوختۇرلار كۆپ ياشىسا بىر ئايغىچە ياشىيالايدۇ، دەپ دىياگنوز قويغانىكەن، ئەمما بۇ قىز ئەقىدەنىڭ كۆيۈنۈپ داۋالىشى ۋە ئىسسىق مېھرىنى بېرىشى بىلەن خېلىلا ئوڭشىلىپ قاپتۇ، ھازىر ئىشتىھاسى شۇنداق ياخشى بولۇپ، يەنە ئون بەش كۈنلەرگىچە كارىۋاتتىن چۈشۈپ ماڭالايدىغان ۋە سىرتلارغا ئۆزى چىقالايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. ئەقىدە بۇ قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «بۇ ھۆرۈن قىزمۇ كارىۋاتتا كۆپ يېتىپ كەتتى، ئەمدى ئورنىدىن قوپمىسا، مېڭىپ بەزى ئىشلارنى بىزگە قىلىشىپ بەرمىسە بولمايدۇ. شۇنداقمۇ سىڭلىم؟» دەپ ئەركىلىتىشى بىلەن بۇ قىزنىڭ چىرايى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى، كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى ۋە ئىتائەتمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى. ئۇنىڭ ئەقىدەگە ئۆمۈرلۈك ئادەمگەرچىلىك قەرزىگە بوغۇلغانلىقىنى مۇشۇ روھىي كەيپىياتىدىن بىلىۋالغىلى بولاتتى. «ئاچا، سىز مېنى قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈردىڭىز، مەن بۇ ياخشىلىقىڭىزنى چوقۇم قايتۇرىمەن!...» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

بەزىدە ئەقىدەنى مۇشۇنداق سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان زادى نېمە، دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئەمدى ئاشۇ سوئالىمنىڭ تېگىگە يەتسەم، ئەقىدە كىچىكىدىن ياخشى تەربىيە كۆرگەن، ئەقلىنى تاپقاندىن كېيىن ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش، تاماق ئېتىش، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن بولىدىغان ھەرخىل مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلەپ، ئۆزىنى

تونۇپ، ئۆزىنى چۈشىنىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسىنى تىكلىگەنىكەن. ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلارغا يۈزى تۆۋەن بىر قىز سۈپىتىدە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، بىلىمنىڭ چوققىسىغا، ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ چوققىسىغا، يارامىلىق، قائىدە ـ يوسۇنلۇق بىر ئۈيغۇر قىزى بولۇشنىڭ چوققىسىغا ئىنتىلگەن ۋە ئاخىرىدا قەيسەرلىك بىلەن تىرىشىپ بۇلارغا ئېرىشكەن، غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىكەن. مەن كۆز ئالدىمدىلا چوڭ بولغان، ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتى تونۇگۇنلا يۈز بەرگەن ئىشتەك بىلىنىدىغان بۇ قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىزدەپ تاپتىم. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىش ـ ھەرىكىتى بىزنىڭ ئۈيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەخلاق قىبلىنامىسىگە ماس كېلەتتى. قىزلىرىمىز بۇ جاسارەتلىك قىزدىن ئۈلگە ئالىدىغان بولسا، يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.

يەنە مەن كۆرگەن بىر قىز بار ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، كىچىك بالىلارغا بىر نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە ئالاھىدە تالانتى بار ئىدى. بىرىنچى سىنىپتىن باشلاپ ماتېماتىكا دەرسىنى بەرگەنىدى، 3 ـ يىللىققىچە شۇنداق بېرىلىپ كېلىپ، بالىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئالاھىدە يۇقىرى كۆتۈرگەنىدى. ئۇ بالىلارغا ئۆتتەك قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان، خۇددى ئۆز ئانىسىدەك مېھرىبان بولغاچقا، بالىلار ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدى، دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشىش بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. ئەمما، بۇ بالىلار 3 ـ يىللىققا چىققاندا مەكتەپ رەھبەرلىكى 6 ـ يىللىققا ماتېماتىكا بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىنىڭ كەمچىللىكى، پەقەت ئۇنىڭلا ئەڭ مۇۋاپىق نامزات ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنى يۆتكىدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەكتەپنىڭ مەيدانىدا تۇيۇقسىز يىغا ـ زار كۆتۈرۈلدى، يىغلاۋاتقانلار بىر ـ

ئىككى ئوقۇغۇچى ئەمەس ئىدى، بىر سىنىپ بالا: «مۇئەللىم، بىزگە نېمىشقا دەرسكە كىرمەيسىز؟!» دەپ ئۇنىڭ يېنىغا ئېسىلىۋېلىشقانىدى، باشقا مۇئەللىملەر ھەر قانچە نەسىھەت قىلىپمۇ، بۇ بالىلارنى يىغىدىن توختىتالمىدى. ئاخىر مەكتەپ رەھبەرلىكىمۇ بۇ ئوقۇتقۇچىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىغا قويدى ۋە بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇردى.

ئەسلىدە بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىسسىق چىرايى، مېھرىبانلىقى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە كۆيۈمچانلىقى ئۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر قىلغان. تۇرمۇشىمىزدا ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس يۇقىرى ئەخلاق ساپاسى يېتىلدۈرگەن مانا مۇشۇنداق قىزلار ھەقىقەتەن كۆپ، بۇنداق قىزلارنى ھەر قانداق يەردە ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھۆرمەتلىگۈسى كېلىدۇ.

ئون تۆتىنچى ئەگگۈشتەر

# ۋاپادارلىق جەننەتنىڭ ئاچقۇچى

بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ تاۋار ئېڭى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر پۇلنىڭ ئازدۇرۇشى ۋە تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن دوستلۇق ۋە ساداقەتنى بىر ياققا قايرىپ قويدى، ئىشەنچلىك ئادەملەر خۇددى يەر يۇتۇپ كەتكەندەك ئازىيىپ كەتتى، قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا يېقىنلىق يىراقلىشىپ، ياخشى دوستلارمۇ بىر - بىرىگە مېھرىبان بولمايدىغان ئەھۋاللار باش كۆتۈرۈپ چىقتى. كىشىلەردىن، بولۇپمۇ پەرزەنتلەردىن ۋاپا كۆتۈرۈلۈپ، ۋاپاسىزلىق، ساداقەتسىزلىك ئەۋج ئېلىپ قالدى، شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك كۈچىيىپ، پۇلنى دوست تۇتىدىغان، ئازغىنا مەنپەئەت ئۈچۈن ۋىجداننى ساتىدىغان كىشىلەر مەيدانغا چىقىپ، ئەنئەنىۋى ۋاپادارلىق ھاۋاسىنى مالىمان قىلىپ بۇلغىۋەتتى.

ھالبۇكى، خەلقىمىز ئارىسىدا پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاپادار ئوغۇل، ۋاپادار قىز بولۇپ جەمئىيەتكە چىقىشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدىغان ئەنئەنە ھېلىمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىرقى مۇرەككەپ رېئاللىقتا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەرزەنتلەرگە بولغان ۋاپادارلىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتتە ۋاپادارلىقنى تەشەببۇس قىلىش دەۋر تەقەززا قىلىدىغان زۆرۈرىيەت بولۇپ قالدى.

بولۇپمۇ، ۋاپادارلىقنى قەدىمدىن ئۇلۇغ بىلىپ كەلگەن خەلقىمىز ئۈچۈن، مۇشۇ ۋاپادارلىقنى جارى قىلىشتا ئاكتىپ ھېسابلانغان قىزلىرىمىزنىڭ ۋاپادار بولۇشىنى تەكىتلەش، ۋاپادار بولۇشقا يېتەكلەش، ئۇلاردىكى ۋاپادارلىق، كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق ئارقىلىق ئۆز ئورنىنى تىكلەش ھەممىدىن بەك مۇھىم بولۇپ قالدى.

ئىلگىرى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئۈلگە ئېلىپ تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئوغۇللارغا قارىغاندا قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا، ساۋاقداشلىرىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا كۆيۈنۈشى، مېھرىبانلىقى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدىكەن. بۇ نىسبەت قىزلارنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا قاراپ، يەنى تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ۋە تولۇق ئوتتۇرىدا تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىكەن. خەلقىمىز ئارىسىدىمۇ قىزلار مېھرىبان، ۋاپادار، كۆيۈمچان بولىدۇ، دەيدىغان ئەقىدە ناھايىتى كۈچلۈك. شۇڭا، ھەر قانداق ئاتا ـ ئانا قىز پەرزەنت كۆرگەندە قايغۇرمايدۇ، بەلكى خۇشال بولىدۇ، قىزلىرى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ ئوغلى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشىمۇ، ئەمما قىزلىرىنى خارلايدىغان، پەس كۆرىدىغان ئەھۋاللار يوق دېيەرلىك، مانا بۇنىمۇ قىزلارنىڭ كۆيۈمچان، ۋاپادار بولۇشىنىڭ خاسىيىتىدىن بولغان دەپ ئېيتىش مۇمكىن. بىر ئائىلىدە بىر نەچچە ئوغۇل ۋە بىر نەچچە قىز بولغان بولسا، ئوغۇللار تەربىيەسىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، سىرتتىن ناچار ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغانلىقى، ۋاقتىدا تۈزىتىۋالمىغانلىقى سەۋەبلىك ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىدىغان، ئاھ ئۇرغۇزىدىغان ئىشلار كۆپ يۈز بېرىشى مۇمكىن، ئەمما شۇ ئائىلىنىڭ قىزلىرىدا بۇنداق ئەھۋال ئاندا ـ ساندا كۆرۈلۈشى ياكى مۇتلەق كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. بۇلارمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك

كۆزىتىش نەتىجىسىدىن چىقىرىلغان يەكۈن بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئائىلىلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن.

قىزلىرىمىز يارىلىشىدىن ۋاپادار يۈرەك بىلەن يارالغانىكەن، ئۇنداقتا بۈگۈنكى ۋاپادارلىق بارغانچە سۇسلاپ كېتىۋاتقان رېئاللىقتا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋاپادارلىقنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش، ئۇلارغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنىڭ ۋاپادارلىق جەھەتتىن تەربىيەلىنىشىگە، يېتىلىشىگە پۇختا ئاساس سېلىش، كۆزقارىشىنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولۇش، ۋاپادارلىقنىڭ دۇنيانىڭ مەنىۋى ئۇلى ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈش كېرەك. بىزنىڭ قىزلىرىمىز ئوغلۇق، سىرتقى تەسىرنىڭ غىدىقلىشى سەۋەبىدىن ئائىلىسىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا، دوست ـ يارەنلىرىگە غەيرىي خىياللاردا بولۇپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ۋاپادارلىق بۇلاقلىرىنىڭ كۆزىنى ئېچىۋېتىدىغانلا بولساق، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىن ۋاپادارلىق چەشمىلىرى بۇلدۇقلاپ چىقىپ، دۇنيانى چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەتكە، ۋاپادارلىق جەننىتىگە ئايلاندۇرالايدۇ.

ئەي قىز! قىزلاردىكى ۋاپادارلىق ئەڭ ئالدى بىلەن ئەلگە، ۋەتەنگە، تۇغۇلغان يۇرتىغا، خەلقىگە، كونكرېت ئېيتقاندا، ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، كەڭ يېيىلغان ئاۋامغا بولۇشى كېرەك. ۋاپادارلىق مۇنداقچە ئېيتقاندا، باشقىلارغا خۇشلۇق يەتكۈزۈش، باشقىلارغا بەخت يارىتىش ئارقىلىق ئۆزى شۇ خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر ئۇيغۇر قىزى كەلگۈسى ياراملىق ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئانىلىرىدۇر، ئانا بولغۇچى چوقۇم پەرزەنتىگە: «ئاتاڭنىڭ ئوغلى بولغۇچە ئەلنىڭ ئوغلى بول»، «ئەل رازى، خۇدا رازى» دېگەنگە ئوخشاش ۋاپادارلىق تەربىيەسىگە ئائىت سۆزلەر بىلەن تەربىيە بېرىشنى بىر كۈنمۇ توختاتماسلىقى، ئۇيغۇر خەلق

ئېغىز ئىجادىيەتلىرىدە بارلىققا كەلگەن نۇرغۇنلىغان داستان ۋە چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى بولغان ۋاپادارلىقنى سىڭدۈرۈشى كېرەك. چۈنكى، خەلقىمىز ۋاپادارلىقنى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، ھەر قانچە بىلىملىك، پۇلدار بولغان بىلەنمۇ ۋاپاسى بولمىسا بىكار، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بىر ئىنتايىن بىلىملىك كىشى بولۇپ، نۇرغۇن نەتىجىلەرنى ياراتقان، ئاجايىپ زور شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ كىشىنىڭ يا يۇرتىغا، يا ئاتا ـ ئانىسىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ياخشىلىقى، ۋاپاسى بولمىسا، بۇنداق كىشىنىڭ مىڭ قابىلىيىتى بولسىمۇ تەگمىسە، ئادىمىيلىك جەھەتتىن ئالغاندا ئۇنىڭ بىر يېرى كەمتۈك بولغان ھېسابلىنىدۇ. بىر باي بولۇپ، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ بىرەرىگە قىلچىلىك پايدىسى بولمىسا، ئەل ـ يۇرتقا مۇشۇ بايلىقى ئارقىلىق ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ كۆڭلىنى بىلدۈرمىسە، بۇنداق ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان بايلىقنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ ۋاپادارلىق مانا مۇشۇنداق نازۇك مەسىلىلەرگە بېرىپ چېتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەقىقىي، چىن ئىنسانىي پەزىلەتنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى رولى ئىنتايىن چوڭ ھېسابلىنىدۇ.

كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئانىلىرى ھېسابلانغان قىزلار مەيلى ئوتتۇرا مەكتەپ ياكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولسۇن، ۋەتەننىڭ، خەلقىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇپ يېتىشى، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۇنىڭ بىلەن چەمبەرچاس باغلىشى، ۋەتەنگە ھەقىقىي ۋاپادار بولۇشنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى، ئەلنىڭ گۈللىنىشى، تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان روھ شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. مانا مۇشۇنداق بىر قانچە باسقۇچتىن كېيىنلا قىزلار باشقىلارغا ۋاپادارلىق تەربىيەسى بېرىش ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساس سالالايدۇ. ئاندىن ئاتا ـ ئانىغا، قېرىنداشلارغا،

ئائىلىگە ۋاپادار بولۇش، ۋاپادار بولۇشنى پەزىلەتلىك ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئۈنسىز تەربىيەسى، كىتاب ـ ماتېرىياللاردىكى ۋاپادارلىق مەزمۇن قىلىنغان ھېكايە، رومان، ئۇنىۋېرسال ئوقۇشلۇقلار ئارقىلىق يېتىلدۈرۈشى، بۇ ئارقىلىق قىزلارغا خاس كۆيۈمچانلىق ناۋاسىنى ياڭرىتىپ، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چەككۈدەك، ئىچى كۆيگۈدەك، ياراملىق ئادەم تەربىيەلەشكە لاياقەتلىك توشقۇدەك ھەقىقىي بىر ئۇيغۇر قىزىغا خاس سۈپەت ۋە ساپا يېتىلدۈرسە، بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن نەتىجە، ساۋابلىق ئىش بولۇپ سانىلىدۇ.

ئەي قىز! بىلىڭكى، ۋاپادارلىق مەڭگۈ ئۆزۈلمەيدىغان ھايات كۈيىدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا ئىدى، غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ، لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ، تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ، رابىيە بىلەن سەئىدىدەك بىر ـ بىرىگە ۋاپادار ئاشىق ـ مەشۇق تىپلىرىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ شۇنداق مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ كۈي بولغانلىقى سەۋەبلىك تا ھازىرغىچە نۇرغۇن ياشلىرىمىزنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ كەلمەكتە. يەنە ئاتا ـ ئانىسىغا، قېرىنداشلىرىغا، ئائىلىسىگە ۋاپادار تالاي كىشىلىرىمىزنىڭ ھېكايەتلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلىپ، بىزنى ۋاپادار بولۇشقا، ۋاپادارلىق كۈيىنى ئەبەدىلئەبەد ياڭرىتىپ، بۇ سېھىرلىك كۈي ئارقىلىق جاھاننىڭ تېخىمۇ مېھىر ـ مۇھەببەتلىك بولۇشىغا ئاز ـ تولا تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇلۇغ شائىرىمىز ئەلىشىر نەۋائىي ۋاپادارلىق ھەققىدە مۇنداق دۇردانىلەرنى قالدۇرغان: «جاھاننىڭ گۈلشىنى ۋاپا گۈلىنىڭ يوقلۇقىدىن زىنىنەتسىزدۇر. ئادەم ئەۋلادى گۈلى ۋاپا بۇيىنىڭ يوقلۇقىدىن خۇشبۇي ئەمەستۇر. ۋاپانىڭ چىرىغى ھەممە قاراڭغۇ ئۆينى يورۇتمايدۇ ۋە زامانىنىڭ بىۋاپالىرىنىڭ كۆڭلى بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. ۋاپا

نەرگەز گۈلىدۇركى، دەۋراننىڭ گۈلزارلىقىغا كۆز سالمايدۇ. ۋاپانىڭ كۆڭلىگە ھەسرەت ۋە ئۆچمەنلىك يوشۇرۇنالمايدۇ. ۋاپا پاك يارالغان بىر مەھبۇبدۇركى، پاك كۆڭۈلدىن باشقىغا يېقىنلىقى ۋە ئۇلپىتى يوق. ئۇ پاك يارالغان بىر تىلەكتۇركى، پاكىز يارالغاندىن باشقىسىغا مەيلى ۋە رىغبىتى يوق. ئۇ بىر قىممەتلىك گۆھەردۇركى، ئىنسانىيەتنىڭ تاجىغا زىننەتتۇر. ۋاپاغا ھايا بىلەن يەتكىلى بولىدۇ، ھاياغا ۋاپا بىلەن يەتكىلى بولىدۇ.»

دەۋرىمىزدىكى ۋاپادارلىق مەنزىلى ئۈزۈنغا سوزۇلغان تاغ جىلغىسىغا ئوخشاش سۈس تۇمان قوينىغا يېنىك چايقالماقتا. تۇماننىڭ تارقىلىپ كۈننىڭ ئاپتاپ جامالىغا يېتىشىگە ئازلا ۋاقىت قالدى. ئۇزاققا قالماي ۋاپاسىز تۇمانلار تارقىلىپ، ۋاپادار ئاپتاپ ئۆز قامىتىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئالەمنى پارلاق نۇرغا پۈركەيدۇ. سىز شۇ تاپتا ئۈستىبېشىڭىزنى سۈس تۇمانلارغا ئورىغان ھالدا كەلمەكتىسىز، ئەي قىز! ۋۇجۇدىڭىز تاغدىن ئەسكەن مەيىن شامالنىڭ تەسىرىدە بارغانچە تۇماندىن پاكىزلانماقتا، قامىتىڭىز بارغانچە لاتاپەتكە تولماقتا، ئايدىڭ بولۇپ كۆرۈنمەكتە. يۈرىكىڭىزگە سىڭدۈرگەن ۋاپادارلىق ئۈستىڭىزگە قونۇۋالغان ۋاپاسىزلىق تۇمانلىرىنى ئۆز رىغبىتى بىلەن ھەش - پەش دېگۈچىلا قاياقلارغىدۇر يوق قىلىۋەتتى.

مانا مۇشۇ تۇماندىن پاك بولغان ۋاقتىڭىزدا سىزدىن شۇنداق بىر ھارارەت تارقالدىكى، بۇنىڭ تەپتىدىن يۈرەكلەر شۇررىدە ئېرىپ كەتتى، چەكسىز مېھرىبانلىق قۇچىقىدا كىشىلەر ئاراملىق ئەللەيلەندى. ئەتراپىڭىزدىكى كىچىكلەرگە ئۆز ئانىسىدەك، چوڭلارغا ئۆز سىڭلىسىدەك مۇئامىلە قىلىشىڭىز ۋە راستچىل، ۋاپادارلىقىڭىز بىلەن تېزلا ئاۋام ئارىسىدا شۆھرەت قازاندىڭىز، يۈكسەك ئابرۇي، ئىناۋەتكە ئىگە بولدىڭىز. يولدا

ماڭغاندا مىڭلىغان كۆزلەر سىزگە ھەۋەسلىنىپ قاراشماقتا، مىڭلىغان يۈرەكلەر تاتلىق سىزىمغا جور بولماقتا، كىشىلەرنىڭ سىزگە ئىچى كۆيمەكتە، يىگىتلەرنىڭ يۈرىكى كاۋاپ بولۇپ، ئىشق چۆللىرىدە سەرسان بولماقتا.

ۋاپادارلىقنى كۈچ قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن ھاياتىڭىزدا ھەممىگە ئېرىشتىڭىز، بەختىڭىزنى تاپتىڭىز، ئۆزىڭىز سۆيگەن يىگىت سىزگە توختىماي مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ قولىقىڭىزغا پىچىرلىماقتا. كىچىككىڭىزدە ئانىڭىز، مومىڭىز سۆزلەپ بەرگەن ۋاپادارلىق ھەققىدىكى ساماۋى چۆچەكلەر، ۋاپادارلىققا تولغان ئوتلۇق قوشاقلار يۈرىكىڭىزگە شۇنداق سىڭىپ كەتكەنىدىكى، مۇشۇ خىيالىي دۇنيادىن بىردەممۇ نېرى بولمايتتىڭىز، ۋاپادارلىق كۈيىنى ياڭرىتىپ، بۇ كۈيدىن باشقىلارنى مەستخۇش قىلماي، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرمەي قالمايتتىڭىز. چىن ۋاپا ئەھلى ئىكەنلىكىڭىزنى خەلقئالەم بىلىپ كەتتى. ۋاپادارلىق كۈيى سىزدىن تاراپ مىڭلىغان يۈرەكلەرگە ئېقىپ كىردى...

ۋاپادارلىق ئەنە شۇنداق مۇقەددەس كۈيگە ئوخشىغانىكەن، ۋاپادارلىق گېپى ئۆز ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغان قىزلىرىمىزنىڭ ئۇنى يېڭى روھ بىلەن داۋاملاشتۇرۇشى، بۇ كۈيگە جور بولۇشى ۋە يېڭى مەزمۇن قوشۇپ بېيىتىشى تولىمۇ قىممەتلىك، ئەلۋەتتە!

قارىشىۋاتقان، قوچاقلاپ كۆرۈشمەن دېسەڭ بەزى قورقۇنچاقلار ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقان، شۇلارمۇ ئوغۇل بالا بولۇپ قاپتۇ ــ ھە... مەن ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالسامچۇ، چاڭ چىقىرىۋەتكەن بولاتتىم...

ــ شۇڭا پاقىغا قۇيرۇق بەرمەپتىكەن خۇدايىم...

ئىككىنچى كۆرۈنۈش:

يەنە ئاپتوبۇس ئىچى، يەنە ئىككى قىز. ئۇلار سىنىپىدىكى، تەڭ قارارلىق سىنىپلاردىكى ئوغۇللار بىلەن ئىشتانىنىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ قانداق چاقچاقلارنى دېيىشكەنلىكى، قايسى ئوغۇل قانداق سەت گەپ قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ سەت گەپ بىلەن قانداق جاۋاب قايتۇرغانلىقى، يېڭىلا دەرسكە كىرگەن ياش ئوقۇتقۇچىسىغا بولمىغۇچ چاقچاقلارنى قىلىپ خىجىل قىلغانلىقلىرىنى، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ بېقىشنى تېخى كۆڭلىنى ئىزھار قىلغانلىقلىرىنى ئايانماي سۆزلىشەتتى.

ــ ئاداش، ــ دېدى بىرى يەنە بىرىگە، ــ قاراپ باقسام، ئوغۇل بالا دېگەنمۇ تايىنلىق نېمىكەن، بىز ئوغۇل بالا دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىشىپ كېتىشىدىكەن تېخى.

ــ ئوغۇل بالىنىڭ ئىچىدىمۇ ئوغۇل بالا بار، لېكىن ھازىر ئوغۇللار غىتمەكلىشىپ كەتتى، سېرىقئاش يەپ، پىۋىنى تولا ئىچىپ تۇگىشىپ كەتتى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىمۇ يوق دېگىنە.

ــ شۇڭا ھازىر قىزلار نوچىلىشىپ كەتتۇق.

ــ زامانە ئاخىر بولمىغاندۇ ئاداش... ــ بىرى شۇنداق دېدى - دە، يەنە بىرىنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ بولۇپ قىقاس سېلىپ كۈلۈپ كەتتى.

ــ ئاغزىڭغا تاش - تۇپراق!... ــ دەپ كۈلۈپ يالغاندىن خۇيلاندى يەنە بىرى.

مەن تولا توۋا دەپ ياقامنى چىشلەيتتىم، ئازابلىق خىياللارغا بۆلۈنۈپ تولغىناتتىم.

ئۈچىنچى كۆرۈنۈش:

مەلۇم ئىدارىگە پىراكتىكىغا كەلگەن بىر قىز ئوقۇغۇچى مۇنداق دەپ بەردى: بىر كۈنى بىر ساۋاقدىشىمنىڭ زورلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئىشىكتىن كىرىشىمىزگىلا ئۇنىڭ دادىسى ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى ـ دە: «كەلدىڭىزمۇ قىزىم؟» دەپ ئەھۋال سورىدى، ماڭىمۇ باش لىڭشىتىپ قىزغىن كۆرۈشتى. ئەمما، ساۋاقدىشىم چىرايىنى سەت پۈرۈشتۈرۈپ مېنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا تارتىپ ئەكىرىپ كەتتى ـ دە: «بۇ قېرى يۈزىنى داپتەك قىلىپ يەنە ماڭا گەپ قىلىۋاتىدا؟» دەپ تىللىغىلى باشلىدى. «ئۇ سىزنىڭ دادىڭىز بولغاندىكىن ئەلۋەتتە گەپ قىلىدۇ ـ دە» دېسەم، «مەن ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشمىگىلى بىر ئاي بولغان، گەپ قىلغۇممۇ يوق ئىدى بۇ قېرىغا!...» دېدى، ئاندىن يەنە «كاۋبوي ئىشتان ـ چاپان، ساياھەت ئايىغى، يەنە فىرانسىيەنىڭ پوپايكىسىنى ئالاتتىم، ئاران ئىككى مىڭ نەچچە يۈز سوم كېتەتتى، شۇنىمۇ توختاپ تۇر، دەپ بەرمىدى پىخسىق، ئەگەر بەرگەن بولسا، يېرىمىغا كىيىم ئېلىپ، يېرىمىغا ئون نەچچە كۈن ئۆيگىمۇ كىرمەي دىسكوخانىلاردا راسا ئويناپ كېلەي دېگەنىدىم...» دېدى. مەن بۇ ساۋاقدىشىمنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاغزىمنى ئاچقانچە تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ ماڭا: «ئاچا، مەن بۇ قىزدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇ پەقەت كېيىنلىكىنى ئويلىمايدىكەن. مەن مەكتەپتىمۇ غەلىتە ياسىنىپ يۈرىدىغان بىر نەچچە ئوغۇل بىلەن دائىم بىللە يۈرگەنلىكىنى، قوپال، سەت گەپلەر بىلەن چاقچاقلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم، بۇ قىزدىن نە قىزلارغا خاس نازۇكلۇقنى، نە جەلپكارلىقنى تاپقىلى بولمايدۇ، بۇلارنى كۆرۈپ توۋا دەيمەن» دېگەن سۆزلىرىنى

ئاڭلاپ، مەنمۇ تووۋا دېدىم.

تۆتىنچى كۆرۈنۈش:

مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىچىدە كېتىۋاتىمەن. ئاتمىش نومۇرنىڭ قولى بولۇپ قالغان نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ئەتراپىمدىن ئۇياق ــ بۇياققا ئۆتۈشمەكتە. ئوغۇللارنىڭ، قىزلارنىڭ كىيىنىش، يۈرۈش ــ تۇرۇشىدىكى غەيرىيلىكلەرگە ھەيران بولۇپ يېنىمدىكى مەن ئىزدەپ بارغان ئوقۇتقۇچىدىن:

ــ مەكتىپىڭلاردا غەلىتە كىيىنىدىغانلار نېمىدېگەن كۆپ؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ ۋاي تاغەي، مەنمۇ بۇلتۇر چەت ئەلدىكى ئىككى يىللىق ئوقۇشۇمنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلسەم، نامەلۇم بىر يەردىن مۇشۇنداق كىيىنىدىغانلارنى تىك ئۇچاردا ئەكېلىپ تاشلاپ قويغاندەك كۆپىيىپ كېتىپتۇ. قارىمامسەن، ئۇلارنىڭ چاچلىرىغا؟ ــ دېدى ئۇ مېنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇپ.

ئەلۋەتتە، بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئۆزىنىڭ ئىستىقبال يولىنى ئېچىش ئۈچۈن تىنىمسىز تەر تۆكۈۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس، غەيرەت ــ شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، بىلىم ۋە ھىممەت چوققىسىغا قاراپ تىنماي ئىلگىرىلەۋاتقان قىزلىرىمىزمۇ ھەم ئاز ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس سۈلكەت ئاتا قىلغان نازۇكلۇق ۋە خەلپىكارلىقنى تاپماق ئىنتايىن تەسلىشىپ كېتىپتۇ. نازۇكلۇق ۋە جەلپىكارلىق جەزبىسىنى يوقاتمىغان قىزلىرىمىز خۇددى ھايۋانات باغچىسىدىكى يولۋاسلاردەك ئاز ۋە قىممەتلىك بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

بەشىنچى كۆرۈنۈش:

مەن باشقا ئالىي مەكتەپلىرىمىزنى كەزمەكتىمەن، ئۆرۈمچىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنى ئايلانماقتىمەن. ئىدارە ــ ئورگانلاردىكى تونۇش ــ بىلىشلەر، توي ــ تۆكۈن سورۇنلىرى، دوختۇرخانىلار،

ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر... نى كەزمەكتىمەن، قىزلىرىمىزنىڭ، خانىملىرىمىزنىڭ نازۇكلۇق ھەم جەلپكارلىقىنى ئىزدەۋاتىمەن، ئەمما ناھايىتى ئاز ئۇچرىتىۋاتىمەن، شۇنداقتىمۇ بىر خىل بېسىپ بولغۇسىز ئۈمىد شامى ئاجىز نۇرى بىلەن قەلبىمنى خىرە يورۇتماقتا. بۇ نۇرنىڭ تېخىمۇ ئۇلغىيىدىغانلىقىغا ئىشىنىۋاتىمەن، قىزلىرىمىزغا نازۇكلۇق ۋە جەلپكارلىق گۈللىرىنىڭ تاقىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كېزىۋاتىمەن. ناھايىتى ئۈمىدۋارمەن!...

ئالتىنچى كۆرۈنۈش:

ناھايىتى زىبا بىر قىز بىلەن تاسادىپىي پۇرسەتتە ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنى تۇرقىغا قاراپ مەن تېخى ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇغان قىز ئوخشايدۇ دەپتىمەن. زامانغا لايىق پاسوندىكى تىكىلگەن ئەتلەس كۆڭلىكى ئۇنى بىر دەستە گۈلگىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

— ئۇنىۋېرسىتېتنى بەش يىل ئىلگىرى پۈتكۈزگەنىدىم. مەكتەپتە كەسپىمنى ياخشى ئوقۇش بىلەن بىللە خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچىدە خېلى پۇختا ئاساس سېلىۋالدىم، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — تېخى ياش بولغاچقا، داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى، ئاتا ـ ئانام قارشى تۇردى، شۇنداقتىمۇ ئامال تېپىپ ئاسپىرانتلىق ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەكتەپ مېنىڭ نەتىجەمگە ئاساسەن فاكۇلتېتتا ئېلىپ قالدى ۋە ھەپتىسىگە تۆت سائەت دەرس ئۆرۈنلاشتۇردى. مەن بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدىم. ئىنگلىزچە سەۋىيەمنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئامېرىكىنىڭ توفىئىل ئىمتىھانىغا قاتناشتىم، بىرىنچى قېتىمدا ئازراق نومۇر كەم قېلىپ ئۆتەلمىدىم، بىر نەچچە

www.uyghurkitap.com

نومۇرنىڭ كەم قىلىشى مېنى تېخىمۇ ئۈمىدلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ تىرىشتىم ۋە بۇ يىل بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتتۈم.

مەن بۇ قىزنىڭ جاسارىتىگە ھەيران ۋە قايىل بولۇپ قارىدىم.

— ئەمدى ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇيدىغان بولدۇم، تەييارلىقلىرىم پۈتۈپ قالدى، يولدىشىم ۋە بالام مېنىڭ كەينىمدىن، بىرەر يىلدىن كېيىن چىقىدۇ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن ئىلگىرىمۇ كۇرس ئېچىپ خېلى كۆپ پۇل تاپقانىدىم، مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىكى قاتىلاڭچىلىق تۈپەيلىدىن بۇ ئىشىم سەل ئاقساپ قالدى. ئامېرىكىغا بېرىپ ئىشلىرىمنى سەل - پەل ئورۇنلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە ئاز - تولا سودا ئىشى قىلمىسام بولمايدۇ.

مەن ئۇنىڭدىن نېمە سودا بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىنى سورىدىم.

— ئاساسەن ئەقىل سودىسى، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — تەتقىقات مېۋىلىرىمىزنى سېتىپ بېرىش، ھەمكارلىشىش، شۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزنى ۋەتەندىكى كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ چىقىش. مانا بۇ ھەم تېخنىكىدا يېڭىلىق ئېلىپ كېلىدىغان، ھەم ئىقتىسادقا ئېرىشكىلى بولىدىغان ئەڭ ياخشى سودا ئۇسۇلىدۇر.

مەن ئەمدى بۇ قىزغا قايىل بولماي تۇرالمىدىم. تۇرقىغا، زىلۋا قامىتىگە تولىمۇ ياراشقان ئەتلەس كۆڭلىكىگە قايتىدىن بىر قاراپ چىقتىم. مېنىڭ بۇ ھەرىكىتىم ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىگەندەك تۇيغۇ بېرىپ قويدىمىكىن، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن ئۇچىسىنى كۆرسىتىپ:

— تۇرقۇمغا قاراپ گەپلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتىسىز - ھە؟ — دېدى تەمكىنلىك بىلەن، — ئىشەنسىڭىز، مەن سەھرادىكى ئۇيغۇر قىزلىرىدەك مۇشۇنداق كىيىنىۋاتقىلى ئون يىلدىن

ئاشتى. دەسلەپتە ئالىي مەكتەپكە كەلگەن يىلى مەنمۇ «مودا» كىيىنەتتىم، تۇرقۇمدىن ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىم چىقمايتتى. شۇ تەرىقىدە بىر يىل ئۆتتى، مەن خەنزۇ تىلىغا بىرلەشتۈرۈپ ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم. تىل بىلىمىم ئاشقانسېرى يەنە ئېھتىياجىم كۈچىيىپ باراتتى. يېرىم يىلغا قالمايلا خېلى تېز ئىلگىرىلىدىم، شۇ جەرياندا ئوقۇتقۇچىمنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ئەنگلىيەلىك بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، سۆزلەش قابىلىيىتىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كۈندە ئالاقىلىشىپ تۇراتتىم. شۇ تەرىقىدە بىر ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز بۇ ئىنگلىز قىز:

— بىلسەم، سىز مۇشۇ يەردىكى يەرلىك مىللەت ئىكەنسىز، مەن مۇشۇنداق ئىكەنلىكىڭىزنى تېخى تۇنۇگۈنلا بىلدىم، — دېدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىمنى، ئائىلە كېلىپ چىقىشىمنى، قىزىقىشىمنى، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە شۇنچىلىك قىزىقىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بەردىم.

— مەن سىلەرنىڭ تارىخىڭلاردىن، مەدەنىيىتىڭلاردىن خەۋەردار، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — مەن دۆلىتىمىزدە چېغىمدا بىر تۈركىلوگنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى خېلى ئەتراپلىق سۆزلەنگەنىكەن. مەن مۇشۇ قىزىقىشىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇ مىللەتنىڭ ھازىرقى ھالى قانداقتۇر، دەپ ھەۋەس قىلىپ كەلگەنىدىم، ئەمما كۆرگىنىم كىيىم - كېچەك ۋە مەدەنىيەتتە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ياۋروپالىشىۋاتقان، ئۆزىنىڭ مىللىي خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان، مىللىي مەدەنىيىتىنى قەدىرلىمەيۋاتقان مىللەت بولدى.

ئىنگلىز قىز يەنە نۇرغۇن سۆزلىدى، ئەمما ئۇ چاغدا سەۋىيەم

تازا يۇقىرى بولمىغاچقا، تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگەنىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى قەدىرلەش، مىللىي ئەنئەنىنى ساقلاش جەھەتلەردە سۆزلەۋاتقانلىقىنى غۇۋا ئاڭقىرالىدىم. يەنە بىرىم يىل ئۆتكەندە بولسا بىز مۇشۇ تېمىدا سۆزلىشىپ قالدۇق. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئەركىن پىكىرلىشەلەيدىغان ھالغا يەتكەنىدىم. ئۇ مەندىن:

— ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەڭ يارىشىملىق كىيىمى قايسى؟

— دەپ سورىدى.

— ئەتلەس كۆڭلەك، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— باش كىيىملىرىدىنچۇ؟

— گىلەم دوپپا! — دېدىم تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ. سىرىق چاچلىق بۇ قىزنىڭ يۈزىگە ھەيرانلىق ئالامەتلىرى يامرىدى.

— ئەمىسە... سىز بىر ئۇيغۇر قىزى تۇرۇقلۇق نېمىشقا شۇ كىيىملەرنى كىيمەيسىز؟! — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن ئېيتىلغان بولسىمۇ، ماڭا بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ئاڭلاندى.

مەن ئېغىر خىيال باسقان ھالدا بۇ قىزنىڭ ياتىقىدىن چىققتىم. ئۇدا ئىككى كۈن ئويلاندىم، بىز قىزلارنىڭ يوقىتىپ قويۇۋاتقان نەرسىلىرىمىز نېمە، دەپ ئويلىدىم. ئويلىغانچە نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر كاللامنى چىرمىۋالدى. مەن ئىلگىرى ياخشى ئۆگىنىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلىسەم ۋە نەتىجە يارىتسام، چوقۇم بىر شەرەپلىك ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئوبرازىنى، جاسارىتىنى نامايان قىلالايمەن، دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما بۇ ئويۇم ئەمدى خاتا بولۇپ چىققانىدى. ئاخىر مەن چامادانىمنىڭ تېگىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۇرغان ئەتلەس كۆڭلىكىمنى ئالدىم ۋە ئۇنى دەزماللاپ تەييارلىدىم، گىلەم دوپپام يوق ئىدى، ئۇنىڭدىن بىرنى سېتىۋالدىم. بۇ كىيىملەر ئىلگىرى ماڭا باشقا

كىيىملەر قاتارىدا ئادەتتىكى كىيىملەردەكلا تۇيۇلۇپ كەلگەنىدى. ئەمما، بۈگۈن كۆزۈمگە باشقىچە كۆركەم، چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئەتىسى سىنىپقا كېپىنەكتەك ئۇچۇپ كىردىم، قىز ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ھەيران قېلىشتى، ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمدىن بىر نەچچىسى ئالايىتەن يېنىمغا كېلىپ تەبرىكلەپ قويۇشتى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ ھەيران بولدى، ئەمما ئارتۇق گەپ قىلمىدى. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئىنگلىز قىزنىڭ ياتىقىغا چاپتىم. ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا ھەيران قالدى، بېسىپ بولمايدىغان بىر ھاياجان بىلەن مېنى چىڭ قۇچاقلىدى. قاتتىق ھاياجانلانغاچقا، ئاغزىغا گەپ كەلمەيتتى. بىر ھازادىن كېيىن:

— ياخشى، مانا مۇشۇ ئىشىڭىز بولىدۇ، مانا مەن ئەمدى ھەقىقىي بىر ئۇيغۇر قىزىنى كۆردۈم! — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق كىيىنىشنى تاشلىماي كېلىۋاتىمەن. ئويلاپ كۆرۈڭ، بىز زىيالىي تۇرۇپ مۇشۇنداق قىلىشنى باشلاپ بەرمىسەك، بىزنىڭ كىيىملىرىمىز بەش كۈندىلا ئۇنتۇلۇپ كەتمەمدۇ؟

مەن بۇ قىزنىڭ تىرەن پىكىرلىرىگە ئەسىر بولۇپ، ئارىدىن بىر سائەت ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قاپتىمەن. مەن ئۇنىڭغا يەنىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تىلەپ يولۇمغا ماڭدىم. ئەمدى كۆڭلۈم خېلىلا يورۇپ قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون ئالتىنچى ئەڭگۈشتەر

# ئىپپەت ۋە نومۇس يوقالماس ئەڭگۈشتەر

«قىز» دېگەن ئاتالغۇنى ئاڭلىغان ھەر قانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ كۆز ئالدىغا نومۇسنى ساقلىغان، ھايالىق، ئۇياتچان، مەسۇم، ئىپپەت پەردىسىگە چۈمكەلگەن، ۋۇجۇدىدىن گۈزەللىك تۆكۈلۈپ تۇرغان لاتاپەتلىك بىر ئىنسان كېلىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىسىدە تاكى تالالىق قىلىپ بولغۇچە ئاتا ـ ئانا قىزىنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشىنى، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، روھىي كەيپىياتىنى، ئىشقىلىپ قىزىنىڭ سۆلكىتىگە، لاتاپىتىگە، ئابرۇي ـ ئىناۋىتىگە ۋە قىزلىق نازاكىتىگە ئازراقلا يامان تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشلاردىن چەكلەپ، قاتتىق نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ، قىلدىن قىيىق كېتىشىگە ھەرگىز يول قويمايدۇ. خۇددى «پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك» ئاۋايلاپ، سەگەك بولۇپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇنداق نازۇك، قول تېگىپ كەتسىلا چېقىلىپ كېتىدىغان جانان چىنىدەك زىل قىزلارنىڭ بىردىنبىر لاتاپىتى ۋە قەدىر ـ قىممىتى ئۇلارنىڭ پاكلىقىنى ۋە ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساقلىيالىغان ياكى ساقلىيالمىغانلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، ئىپپەت ۋە نومۇس قىزلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ۋە قىممەتلىك بولۇپ، شۇ قىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇس كۆزقارىشى ناھايىتى ئېنىق ۋە قاتتىق بولۇپ، يىگىتلەر چوقۇم تۈنجى خوتۇنلۇققا ئىپپەت ـ نومۇسلۇق، يۈزى ئېچىلمىغان قىز ئالىدۇ. بۇ يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قاتتىق نازارىتىدە بولىدۇ. پەقەت يۈزى ئېچىلمىغان قىز تۈنجى تەسىرات ئارقىلىق ئېرىگە مۇھەببەت ۋە ئەقىدە باغلاپ، ئۆمرىنى ئېرى بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ، جاپا چەكسە تەڭ چېكىپ، ھالاۋەت كۆرسە تەڭ كۆرۈپ، تەڭ خۇشال بولۇپ، تەڭ قايغۇرۇپ ئۆتۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى قىلىنىدۇ. بۇنىڭ كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسى بارلىقى مىڭ يىللاردىن بۇيانقى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ئۆتكەن بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇش پىسخىكىسىنىڭ تولۇق نامايان بولۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شەرق مۇتەپەككۇرلىرىدىن شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر قابۇس ئۆزىنىڭ مەشھۇر دىداكتىك ئەسىرى «قابۇسنامە» نىڭ «خوتۇن ئېلىش ھەققىدە» ناملىق بابىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئالغان خوتۇنۇڭ شۇنداق بولسۇنكى، يارىماس ئادەملەردىن يۈزى پاك ۋە قەلبى پاك بولسۇن، قۇرامى ئوتتۇرا ياشلىق ۋە خوتۇنلۇققا، ئۆي تۇتۇشقا لاياقىتى بولسۇن. ئۆي ئىشلىرىنى بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ھالال جۈپتىنى سۆيگۈچى، ھايالىق، نومۇسلۇق، ئۆزىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى بولسۇن. بۇ سۈپەتكە لايىق خوتۇن ئۆزىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى بولىدۇ». ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئەگەر قىز بالاڭ بولسا، ئالدى بىلەن ئۇنى ئىپپەتلىك، ئوقۇمۇشلۇق بىر تەربىيەچىگە تاپشۇر، ئاندىن كېيىن بىر مۇئەللىمگە ئوقۇشقا بەر، زۆرۈر ئىلىملەرنى ئۆگەنسۇن، ھالال ـ ھارامنى پەرق ئەتسۇن، ھەق ـ ناھەقنى بىلىۋالسۇن...»

يەنە مۇنداق بىر ھېكايەت خەلقىمىز ئارىسىدا ئېيتىلىپ

كېلىۋاتىدۇ: بىر باي سودىگەرنىڭ يالغۇز ئوغلى يىگىتلىككە تولغاندا خوتۇن ئېلىپ بېرىپتۇ. تويدىن كېيىن ئاتىسى: «ئالغان خوتۇنىڭ قىز چىقتىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ، «ياق» دەپتۇ ئوغلى. «ئەمىسە ئۇنى تالاق قىل» دەپتۇ ئاتىسى. ئىككىنچى خوتۇنى ئاپتۇ، ئۇمۇ قىز چىقماپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئوغلى قىرىق خوتۇن ئېلىپتۇ. قىرىقىنچى خوتۇنىنى ئالغان چاغدا ئوغلى يەنە قىز چىقمىدى دېيىشتىن خىجىل بولۇپ، ئاتىسى سورىغاندا «قىز چىقتى» دەپتۇ. «ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە ئۆتسەڭ بولىدۇ» دەپتۇ ئاتىسى. ئەمما، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ سودىسى زىيىنىغا مېڭىپ، مال - مۈلكى ئازلاپ، بايلىقى خوراشقا باشلاپتۇ. بۇ ھال داۋام قىلىۋەرگەندىن كېيىن ئاتىسى بىر كۈنى ئوغلىنى پىنھانغا تارتىپ: «راستىڭنى ئېيت، خوتۇنۇڭ قىز چىققانمۇ - يوق؟» دەپ قاتتىق سوراققا تارتىپتۇ، ئوغۇل ئىلاجسىزلىقتىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئاتىسى: «قىز ئالغان خوتۇن ئۆيىنىڭ بەرىكىتى، قىزلىقى يوق كىرگەن خوتۇن ئۆيىنىڭ بەرىكىتىنى يوقاتقۇچىدۇر ئوغلۇم، سەن قاچان قىز تېپىپ خوتۇن ئالمىغۇچە بۇ ئۆيىنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلى كەسكىن قارارغا كېلىپ يەنە بىر خوتۇن ئېلىپتۇ، بۇ خوتۇنى ھەقىقەتەن ئىپپەت پەردىسى ئىچىدىكى يېڭى ئېچىلغان بىر دەستە ئەتىرگۈلدەك نازاكەتلىك ھەم ئىپپەتلىك، پاك قىز ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سودىسى يۈرۈشۈپ، ئۆيىنىڭ بەرىكىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپتۇ.

دېمەككى، ئىپپەت ۋە نومۇس پۈركەنجىسى قىزلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي قەدىر - قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، بۇنداق قىزلارنىڭ مۇتلەق كۆپى ھاياتلىق، ئەدەپ - ئەخلاقلىق كېلىدۇ، بويىدىن نازاكەت گۈللىرى

تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، جەرەندەك سەگەك بولىدۇ. بۇنىڭ پسىخىك ئاساسى ۋە ماتېرىيال ئاساسىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، قىزلىرىمىز ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان مۇھىم ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خەلقىمىزنىڭ مۇقەددەس ئەخلاقى زىيانغا ئۇچراپ، قىزلىرىمىزنىڭ ئىپپەت ۋە نومۇر پۇركەنجىسى مۇستەھكەم ئىرادە ۋە ئېتىقاد بولماسلىق، پەزىلەت غۇنچىسىنى يۇرىكىدە ئېچىلدۇرالماسلىق، ئۆزىنىڭ قىزلىق نازاكىتى ۋە قەدىر - قىممىتىنى جايىدا ساقلىماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن رەھىمسىزلىك بىلەن يىرتىپ تاشلانماقتا. بولۇپمۇ قىزلىرىمىزغا بېرىلگەن ئىرادە ۋە ئېتىقاد تەربىيەسىنىڭ كۈچلۈك بولمىغانلىقىدىن، ئاتا - ئانىلارنى قاتتىق ئازابلاۋاتقان ۋە جەمئىيەتتە داۋالغۇش پەيدا قىلىۋاتقان مۇشۇنداق پاجىئەلەر تەكرار - تەكرار يۈز بېرىۋاتماقتا. سەييارە تېببىي داۋالاش ئورۇنلىرىدا قىزلىق پەردىسىنى سىلىش ئوپېراتسىيەسى قىلىشنىڭ راۋانلىششىغا ئەگىشىپ، قىزلىق ئىپپەت - نومۇسىنى بۇلغاپ بولغان «داردىن قاچقان مايمۇنلار» باھاسىز بولغان بۇ ئەتىۋارلىق نەرسىنى ناھايىتى ئەرزان باھادا سالدۇرۇپ، ئۆزلىرىنى «ھەقىقىي قىز» ساناپ، قىزلىق ئىپپەت - نومۇسنىڭ، قىزلىق قەدىر - قىممەتنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈپ، يىگىتلەرنىڭ كۆزىنى بوياپ، ۋاقتىنچە ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالماقتا. قىزلىق ئەدەپ - ئەخلاق، شەرم - ھايانى رەھىمسىزلىك بىلەن دەپسەندە قىلماقتا.

قارىغۇلارچە پۇلغا چوقۇنۇش ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، كىشىلىك قەدىر - قىممەتنى، ئەخلاقنى دەپسەندە قىلىش ھېسابىغا ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى دەپسەندە قىلىش، خورلاش كەلگۈسىدىكى «ئانا»لىق مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان قىزلىرىمىز ئۆتكۈزگەن

كەچۈرگۈسىز جىنايەتتۇر! ئامېرىكىدەك «يۈكسەك دېموكراتىيە»، «جىنسىي ئەركىنلىك» كەڭ ـ كۆلەمدە ئەۋج ئېلىپ كەتكەن دۆلەتتە قىزلىق ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان نەرسە قاتارىدا كۆرۈلۈپ كېلىنگەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە ئادەملەرنىڭ ياتلىشىش، تەبىئەتتىن ياتلىشىش، ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ھەقىقىي مۇھەببەت گويا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ دۆلەتتە ئاخىر: «قىزلار، ئىپپەت ـ نومۇسۇڭلارنى ساقلاڭلار!» دېگەن چۇقان كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس جەمئىيەتلەر قۇرۇلۇپ، قىزلارنى تۈركۈم ـ تۈركۈم قوبۇل قىلىپ، ئىنسانىي ئەخلاق، مۇھەببەتنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلمەكتە. ئەمما، بىزدە بولسا ئەمدىلا ئىقتىسادىي ئىسلاھات يولغا قويۇلۇۋېدى، ئەخلاق شىددەت بىلەن بۇزۇلۇشقا يۈز تۇتتى، بۇنى ئامېرىكىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇزۇلۇش ۋاقتىنىڭ قىسقىلىقى ۋە بۇزۇلۇش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. بۇنداق بۇزۇلۇش قىزلارنىڭ قىزلىق ئىپپەت ـ نومۇس چۈمپەردىسىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئائىلىۋى ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا...

بەزى قىزلىرىمىز نېمىشقا ئاسانلا ئىپپىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ؟ باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپمۇ؟ پۇلنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيمۇ؟ ياكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئائىلىسىدىكىلەرنى «بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش» ئۈچۈنمۇ؟ ياكى سۆيگۈنىنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئالدىنىپمۇ؟ ياكى باشقا سەۋەبلەردىنمۇ؟...

يۇقىرىدىكى سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى ئىپپىتىنى يوقىتىپ قويغۇچى قىزلارنىڭ ئاساسىي باھانە ـ سەۋەبلىرىدۇر. ھالبۇكى،

بۇلارنىڭ ھەممىسى بەرىبىر باھانە ـ سەۋەب، خالاس! ئەمما، ئۇنداق باھانە ـ سەۋەبلەر بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بۇ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئالدى بىلەن قىزنى ئوبدان تەربىيەلەپ پەزىلەت غۇنچىسىنى ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە ئېچىلدۇرالمىغان ئاتا ـ ئانىلاردا، ئۇنىڭدىن قالسا ئىسمىنى تاپقاندىن باشلاپ مۇشۇ جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى ھەقىقىي تەربىيە ۋە چۈشەنچىگە ئىگە قىلالمىغان شۇ قىزنىڭ ئۆزىدە! ئەگەر قىزنىڭ يۈرىكىدە ھەقىقىي مەنىدىكى پەزىلەت غۇنچىسى ئېچىلغان بولسا، ھەرقانچە ئېغىر چېلىقىشلارمۇ شۇ قىزنىڭ ئالدىدا قىيىنچىلىق ھېسابلانمايدۇ، بەلكى شۇ قىز ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىسى ۋە قەيسەرلىكىگە تايىنىپ بۇنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ. ئىپارخان قانداق قىلىپ ئىپپىتىنى ساقلىيالىدى؟ ئەينى دەۋردىكى خانلارنىڭ خانى، كۈچ ـ قۇدرىتى چەكسىز چيەنلۇڭ خان نېمىشقا ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلدى؟ شۇنچە كۈچلۈك خان ھەر قانداق مەجبۇرلاش ۋاستىسىنى قوللىنىپ بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلىگەن بولاتتى، ئەمما ئىپارخاننىڭ يۈرىكىنى بويسۇندۇرالمايتتى، يۈرىكىگە ئېرىشەلمەيتتى. خاننىڭ مەقسىتى بولسا بۇ جاھان رەناسى بولغان تەڭداشسىز ساھىبجامال ئىپارخاننىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە يەنىلا ئىپارخاننىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قەيسەرلىكى، ئىپپىتىنى جان تىكىپ قوغداشتەك قەيسەرانە روھى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. نۇزۇگۇمچۇ؟ بۇ ئايالنىڭ مەردانە قوشاقلىرىغا ئۇنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساقلاش يولىدىكى قەيسەرانە كۈرەشلىرى قوشۇلۇپ، ئۇنى بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى ئىپپەت سىمۋولىغا ئايلاندۇردى. ئەگەر ئۇ ئىپپىتىنى ساقلىمىغان تايىنى يوق ئايال بولسىدى، ئۇنىڭ نامى تارىخقا پۈتۈلمىگەن، موللا بىلال نازىمىمۇ ئۇنىڭ توغرىسىدا

مەخسۇس بىر داستان يېزىپ يۈرمىگەن بولاتتى. بىز ئۇنىڭ يادلايدىغىنىمىز، قەدىرلەيدىغىنىمىز، دىل تارىمىزنى چېكىدىغىنى يەنىلا ئىپپەت ـ نومۇس پۈركەنجىسى ئىچىدىكى قىزلىق (ئاياللىق) لاتاپەتتۇر.

ئېيتىلىشىچە، بۇرۇن بىر سودىگەرنىڭ چايغا سېلىپ ئۇتلىغۇەتكۈدەك چىرايلىق بىر خوتۇنى بولغانىكەن. بىر كۈنى شەھەر هاكىمى بۇ ئايالنىڭ كامالەتكە يەتكەن جامالىنى كۆرۈپ نىيىتىنى بۇزۇپتۇ ـ دە، سودىگەر باشقا شەھەرگە سودىغا كەتكەن پۇرسەتتە هېلىقى نازاكەتلىك ئايالنى ئىزدەپ ئۇلارنىڭ بېغىغا كەپتۇ. ئايالغا باغنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى تاقاشنى بۇيرۇپتۇ. ئايال هاكىمنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ كەپتۇ. «ھەممە دەرۋازىنى تاقىدىڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ هاكىم. «باغنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى تاقىۋەتتىم، ئەمما بىر ئىشىكنى تاقىۋېتىشكە ئامالسىزمەن» دەپمۇ ئايال. «قايسى ئىشىك ئۇ؟» دەپتۇ هاكىم. «ئۇ ئىشىك ئېرىمغا بولغان ساداقەت ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت ئىشىكىدۇر» دەپتۇ ئايال. بۇنى ئاڭلاپ هاكىم يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك خىجىل بولۇپتۇ ۋە: «خاپا بولماڭ سىڭلىم، مەن قاتتىق ئېزىپتىمەن. سىز ھەقىقەتەن ئىپپەتلىك ئايالكەنسىز» دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

مۇھىم مەسىلە قىزلىرىمىز ئىپپىتىنى تېنى ئارقىلىقلا ئەمەس، يۈرىكىدە، روھىدا قوغدىشى، ئۇنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم ئىرادە ۋە قەتئىيلىككە تولغان ئېتىقاد روھىنى ئويغىتىشىدۇر. ئىپپەت ۋە نومۇس يۈرەكتە قوغدالسا، نېپىز ۋە ئازادە كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەنمۇ ئۇنى مۇستەھكەم قوغدىغىلى بولىدۇ، بۇ روھ يوق قىزنى قەپەس ئىچىگە سولاپ قويغان تەقدىردىمۇ ئۇ بىر ئامال قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى بۇلغايدۇ.

دوختۇرخانىمىزدا ئۇزۇن مەزگىل داۋالانغان بىر بىمار بىلەن

مۇشۇ توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالغىنىمدا، ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: مەلۇم بىر ئائىلىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ قىلىقلىرى چىقىشقا باشلاپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كېچىكىپ بايقاپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىڭ تۇتۇشقا باشلاپتۇ. «دوستلىرىمنىڭكىدە قونۇپ قالىمەن»، «ئاچامنىڭ ئۆيىگە بارىمەن» دېيىشلىرىگە يول قويمايدىغان بولۇپتۇ. ئەمما، يەنىلا بۇ قىزنىڭ يامان گېپى كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان دادىسى ئائىلىدە بۇ قىزىغا نىسبەتەن قاتتىق تۈزۈم بەلگىلەپ بېرىپ، ئۇنىڭ خىزمەتتىن چۈشۈپ ئون مىنۇتقىچە ئۆيگە كىرىپ بولۇشىنى، ھېچقانداق يەرگە بېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۆيدە جىم ئولتۇرۇشىنى بۇيرۇپتۇ. ئەمما، بۇنداق چىڭ تۇتۇشنىڭمۇ ئۆزۈن ئۆتمەيلا كارغا كەلمەيدىغانلىقى ئاشكارىلىنىپتۇ. قىز ئىدارىدە ئىشلەۋېتىپ، بەزىدە ئاغرىپ قالدىم دەپ، بەزىدە ئىدارىنىڭ سىرتتا بېجىرىدىغان بەزى ئىشلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئېلىۋېلىپ، يەنىلا ئويناپ يۈرۈۋېرىپتۇ. بۇ ئىشمۇ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا كېچىكىپ مەلۇم بولۇپتۇ. ئۇ تېخىمۇ قاتتىق نازارەت ئاستىدا قاپتۇ، مىدىر ـ سىدىر قىلىشقا ئىمكانى بولماپتۇ. ئەمما، بۇ قىز يەنىلا يول تېپىپتۇ، ئۆيى كىچىك بولغاچقا، بۇ ئائىلىدىكىلەر دائىم سىرتتىكى مۇنچىدا يۇيۇنىدىكەن، ئاتا ـ ئانىسى ھەر قانچە چىڭ تۇتقان بىلەنمۇ بۇ قىزنىڭ ھەپتىدە ئىككى قېتىم مۇنچىغا كىرىشىگە يول قويىدىكەن. بۇ قىز ئوينىشى بىلەن ئەر ـ ئاياللار بىللە چۈشىدىغان مۇنچىغا چۈشۈپ، بۇزۇقچىلىقىنى شۇ يەردە قىلىپ تۈگىتىدىكەن ـ دە، ھېچ ئىشنى كۆرمىگەندەك يۈرىدىكەن. بۇ ئىشمۇ ناھايىتى كېچىكىپ مەلۇم بوپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ناھايىتى ھەسرەتلەنگەن ھالدا: «قىز

دىگەنىنىڭ ئىنسابىنى بەرمىسە، تۆمۈر ساندۇقتا سىلىپ ياققان تەقدىردىمۇ بىكار ئىكەن» دىيىشىپ ئازابلىنىپ يىغلىشىپتۇ.

بۇ ھىكايىنى ئاڭلاپ مەنمۇ ئازابلىنىپ كەتتىم، ئەتراپىمدىكى باشقا بىمارلارمۇ ئازابلىنىپ كەتتى. بۇ قىزمۇ ئاز ئۆتمەيلا ئانا بولىدۇ، مۇشۇ ئەخلاقى، نومۇسىنى ساقلىماسلىقى بىلەن ئانا بولۇپ قالسا، ئۇ تۇغۇپ چوڭ قىلغان بالا قانداق بولۇپ يېتىلەر؟ ئۇنىڭ بىرەرى قىزى بولۇپ قېلىپ، چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ يۈزىنى ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپراق تۆكسە، شۇ چاغدا ئۇ قانداق قىلار؟ دىگەندەك ئەندىشىلىك خىياللاردىن تا بىر ھەپتىگىچە قۇتۇلالمىدىم.

قىزلىق ئىپپەت ـ نومۇس چۈمپەردىسىنىڭ قىزلىرىمىزنى چىڭ چۈمكەپ تۇرۇشى شۇ قىزنىڭ قانچىلىك قەدىر ـ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەرسە، بۇ چۈمپەردىنى يىرتىپ تاشلاش شۇنچىلىك جاھالەتتىن، خارۇزارلىقتىن، پۈتمەس ـ تۈگىمەس بەختسىزلىكتىن دالالەت بېرىپ تۇرىدۇ. قىزلىرىمىز پەزىلەت غۇنچىلىرىنى يۈرىكىدە ئېچىلدۇرالىغانلا بولسا، ھەر قانچە ئېغىر، مۇشەققەتلىك كۈنلەردىمۇ بۇ چۈمپەردە ئىچىدە بىر دەستە گۈلدەك پورەك ئېچىپ تۇرالايدۇ. ئۇنىڭ خۇش پۇرىقىدىن كىشىنى مەستخۇش قىلالايدۇ...

## ئون يەتتىنچى ئەگگۈشتەر

## پاكلىقىڭىز بىلەن ئۇلۇغسىز

ئەي بەختلىك قىز! بىلىڭكى، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش كىشىگە ھۇزۇر، ئەركىنلىك، خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدۇ. پاك ـ دىيانەتلىك كىشى ھەر قانداق بوران ـ چاپقۇندىمۇ تەشۋىشلەنمەي، تەۋرىمەي، مەردانە تۇرالايدۇ، ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى يىل ساناپ ئەمەس، بەلكى تۆھپە ساناپ ئۆتكۈزۈشنى بىلىدۇ. پاكلىق، پاكىزلىق، ئىپپەت ـ نومۇسنى ساقلاش، قەلب پاكلىقى بىلەن قىزلار ئەڭ ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، قىزلار مۇھەببەت مەسىلىسىدە، يىگىتلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشنى بىلسىلا، ۋىجدانى بۇلغانمايدۇ، ھەر قانداق چاغدا يۈزى يورۇق بولىدۇ، تۇرمۇشتا قىزلارغا نىسبەتەن بەخت دېگەن شۇ، قەدىر ـ قىممەت دېگەن ئەنە شۇ. پۇل ھەرگىزمۇ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتتىن، نومۇستىن ۋە پاكلىقتىن، ئىپپەت نومۇستىن ئۈستۈن تۇرالمايدۇ. ھەقىقىي ئار ـ نومۇسلۇق، ئىنسابى بار قىز ھەرگىز باشقىلارنىڭ پۇلنى دەستەك قىلىپ ئۆزىنى ئاياغ ئاستى قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ئۇنداق خىلدىكى قىزلار ئۆزىنىڭ ئادەمىيلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان، ھارام پۇل ئۈچۈن ھەر قانداق ئىپلاسلىقلارنى قىلىشتىن يانمايدىغان يامان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغان، ئۆزلىرىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىنى ئۇنتۇغان، ئۆزىنى خورلۇققا بىلىپ تۇرۇپ تۇتۇپ بەرگەن جىنايەتكارلاردۇر!

ئەي قىز! تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىز كۆيلەپ ناخشا ـ

قوشاقلارغا قېتىلىۋاتقان، تىللاردا داستان قىلىنىۋاتقان، ئۇلارنىڭ ۋىجدان، ئىمان، ئېتىقاد ئوتىدا يانغان، ئىپپەت ـ نومۇسنى قوغداش يولىدىكى باتۇرانە ھاياتى تېخىچە بىز ئەۋلادلار تەرىپىدىن ئىزدىنىلىۋاتقان جەسۇر قىز ـ ئاياللىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. بۇنىڭدىكى خاسىيەت زادى نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ پاكلىق، ئىپپەت ـ نومۇسنى ساقلاش، ئۆزىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسنى خەلقىمىزنىڭ ئار ـ نومۇسى بىلەن چەمبەرچاس باغلىيالىغانلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بىز تىللاردا داستان قىلىنىۋاتقان نۇزۇگۇمچۇ؟ ئۇنىڭ ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتى، قالدۇرغان قەيسەر، ئىسيانكارلىققا تولغان قوشاقلىرى ھېلىھەم بىزنىڭ يۈرەك تارىمىزنى چېكىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ پاكلىق يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى، ئىپپەت ـ نومۇسنى ساقلاش يولىدىكى باتۇرانە كۆرەشلىرى مۇشۇ خەلقىمىز قاچانغىچە مەۋجۇت بولسا شۇ چاغقىچە ياشايدۇ. يەنە نۇرغۇن سىيمالىرىمىز، ئىپپەت ـ نومۇس، پاكلىقنى ساقلاش يولىدا قەھرىمانانە كۆرەش قىلغان قىزلىرىمىز بىزگە شانلىق ئۈلگىلەرنى تىكلەپ بەرگەن.

قىزلارنىڭ پاكلىقى چىن مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئەگەر پاكلىق بولمىسا قىزلارنىڭ ھەر قانچە لاتاپەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ بىر تىيىنغا ئەرزىمەس بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر قىزلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ئالىمىدىكى پۈتۈن دۇنيا دەپ ئېيتساق، پاكلىق شۇ دۇنيانىڭ نەق كۆزى، يۈرىكى، يۈرەكتىن ئايرىلغان ۋۇجۇد جانسىزلانغىنىغا ئوخشاش، ناپاك قىزمۇ ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

يېقىندا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر دېلو دىققىتىمىزنى تارتىشى كېرەك: سۆيگىنىگە ناھايىتى سادىق بىر قىز بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنىڭ جايىدىلىقىدىن، چىرايىنىڭ گۈزەللىكىدىن، خۇش مۇئامىلىسى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقىدىن، ئۆزىگە تولىمۇ ماس كېلىدىغان، باشقىلارنىڭ زوقى كەلگۈدەك سۆيگىنىنىڭ بارلىقىدىن ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس

قىلىدىكەن. ئەمما، بۇ قىز يىگىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، يىگىتىنىڭ بەزى ئىشلىرىنىڭ سەل - پەل چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، يىگىتىنى بۇ ئىشتىن توسماقچى بولۇپتۇ. ئەمما، قېنى قىزىپ تۇرغان يىگىت قىزنىڭ بۇ قىلغانلىرىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن قىلىقىنى توسۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا قاتتىق رەنجىپ، بۇ قىزغا قارىماي قويۇپتۇ. قىزنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق ئۆچرىشىش تەلەپلىرى قوپال ھالدا رەت قىلىنىپتۇ. قىزنىڭ دىلى ئازار يەپتۇ، نېمىشقا ئاشۇنداق قىلغاندىمەن، دەپ پۇشايمان يېمەكچىمۇ بوپتىيۇ، يەنە تېزلا ئېسىنى يىغىپ، ئىشلارنىڭ جەريانىنى، ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان ئاقىۋىتىنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. ياشتا چوڭ، ئىچ گېپىنى دېيەلەيدىغان ئاياللارغا يىگىتى بىلەن ئۆزى ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇلار قىزنى يىگىتكە ئوبدان نەسىھەت قىلىپ بېقىشنى، ئەگەر يىگىتنىڭ بولمىغۇر تەلىپىگە قوشۇلغاندا ئىنتايىن يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، بۇ «ئامانەت»نىڭ كېيىن بەربىر ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، پەقەت توي قىلغاندىلا بۇ ئامانەتنى تاپشۇرالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشنى ئېيتىپتۇ. قىز يىگىتنى تېپىپ بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەپتۇ. ئەمما، بۇ يىگىت بۇ چاغدا بەكلا بىزەڭلىشىپ كەتكەنىكەن. ئۇ قىزنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىزنىڭ كۆزىگە تىكەندەك قادىلىپ تۇرۇپ: «سەن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامايدىغانسەن؟ بۇ دېگەن قانداق زامان، بىلىپ قوي، ئۈچۈر دەۋرى! ئۇ نېمەڭنى نېمە ئۈنچە ئەتىۋارلاپ كەتتىڭ!» دەپ ھۆرپىيىپتۇ. قىز يەنە چۈشەندۈرۈپتۇ. لېكىن، يىگىتنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، يەنە نىيىتىنى بۇزۇپتۇ. قىلغۇلۇقۇمنى قىلىمەن، دەپتۇ، قىزنى يەنە ھېلىقى ئىشقا زورلاپتۇ، قىز ئۇنىماپتۇ، ئۇنىمىسا ئۇرۇپتۇ،

ئەمما قىز يەنىلا ئۇنىماپتۇ، يىگىت مەجبۇرلاپتۇ، ئۇنىماپتۇ؛ يەنە تاياق يەپتۇ. ئاخىر بولمىغاندا قىز يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ يىگىتنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىپتۇ ۋە ساقچىخانىغا بېرىپ دېلو مەلۇم قىلىپتۇ. بېشى يېرىلغان يىگىت يەنە خۇپسەنلىك قىلىپ قىزغا قارا چاپلىماقچى بوپتۇ، ئەمما قەيسەر قىز ئاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشكارىلاپ، يىگىتنىڭ رەزىللىكلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ بېرىپتۇ. پاكىت ئالدىدا ھېلىقى يىگىت ئاغزىنى ئاچالماي قاپتۇ. ئاخىر يىگىتكە «ئەمەلگە ئاشمىغان باسقۇنچىلىق جىنايىتى» ئارتىلىپتۇ ۋە شۇ بويىچە جازا ئىجرا قىلىنىشقا بۇيرۇلۇپتۇ. مۇخبىر بۇ قىزنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ كەسكىنلىك بىلەن مۇنداق دەپتۇ: «مېنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىممۇ مۇھىم، قىزلىق ئىپپەت ـ نومۇسۇم ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم، مەن ئىپپەت ـ نومۇسۇم بولغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي قىز بولالايمەن، چىن مۇھەببەتكە ئېرىشەلەيمەن ۋە قەدىرلىنەلەيمەن. ئۇنى يوقىتىپ قويسام، مەن خەس ـ لاتىدىنمۇ قەدىرسىز بولۇپ قالمامدىمەن؟!».

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا مانا بۇ ۋەقە مەلۇم بىر ئىدارىدە ئۆزلۈكىدىنلا مۇھاكىمە تېمىسى بولۇپ كەتكەن. قىزنىڭ قىلغىنى توغرىمۇ، يىگىتنىڭ قىلغان ئىشى توغرىمۇ؟ دېگەن سوئال بويىچە كىشىلەر تەبىئىيلا ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ كېتىپتۇ. «مودا، ئەركىنلەشتۈرۈش» ئېقىمىدىكى بىر نەچچەيلەن بولسا قىزنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ قىلغىنى خاتا، يىگىت ئۇنىڭ سۆيگىنى بولغاندىكىن، «ئامانىتىنى» كېيىن تاپشۇرسىمۇ تاپشۇرىدۇ، بالدۇر تاپشۇرسىمۇ تاپشۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل يىگىتنىمۇ رەنجىتمەي، ئىشنى سىلىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆز مۇھەببىتىنى ساقلاپ قالغان بولسا، كەلگۈسىدە نېمىگە تەشنا بولغان بولسا ئۇ شۇنىڭغا ئېرىشەلىگەن بولاتتى،

دېيىشىپتۇ. يەنە بىر گۇرۇھتىكىلەر: قىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغىنى توغرا، ئەگەر ئۇ «ئامانىتىنى» تاپشۇرۇپلا قويغان بولسا، يىگىتى ئۇنىڭغا ئىرىشىۋالغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭغا قارىماي قويىدۇ، قىز ئىككىلا تەرەپتىن زىيان تارتىپ، ئۆمۈرلۈك بەختىنى قۇربان قىلىۋېتىدۇ. مانا مۇشۇ يامان ئاقىۋەتنى ئويلاشقاندا، قىزنىڭ قىلغىنى توغرا، بۇ ھەم ئەخلاق جەھەتتىن توغرا، يەنە بىر جەھەتتىن قىزلىق قەدىر ـ قىممەتنى ساقلىغان تەرەپتىن ئېنتايىن توغرا، قىزنىڭ بۇ قەيسىرانە روھىنى مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدۇ، ئەگەر ھەممە قىزلىرىمىز مانا مۇشۇ قىزغا ئوخشاش روھقا ئىگە بولغان بولسىدى، جەمئىيەت كەيپىياتى بۇنچىلىك بۇزۇلۇپ كەتمىگەن، قىزلىرىمىزنىڭ ئەخلاقى بۇلغانمىغان، ئۇلارنىڭ شەنىگە داغ چۈشمىگەن بولاتتى، دېيىشىپتۇ. ئىككى گۇرۇھ تازا قورساق ئۇرۇشى قىلىپتۇ، ھېچكىم ھېچكىمنى قايىل قىلالماپتۇ، بىر ـ بىرىدىن چوڭقۇر پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چۈشۈپتۇ، ئەمما ھېچقايسىسى ئاقىلانە بىر خۇلاسە چىقىرالماپتۇ. مۇنازىرە داشقازان قاينىغاندەك ۋاراقشىپ قايناپ توختىماپتۇ. ئاخىرىدا ئۇلار: بۇنداق مۇنازىرىلىشىۋەرسەكمۇ بولمايدىكەن، ئەڭ ياخشىسى، ئاقىل، كۆپنى كۆرگەن، ھەق ـ ناھەق كۆزقارىشى ئېنىق بىر ئادەمنى تاپايلى ـ دە، بۇ مەسىلىنىڭ ئەڭ توغرا جاۋابىنى ئاڭلايلى ۋە مۇنازىرىنىڭ خۇلاسىسى قىلايلى، دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ھەممىسى ھۆرمەتلەيدىغان، كۆپنى كۆرگەن، تۇرمۇش تەجرىبىسى مول، بالا ـ چاقىلىرىنى ئوبدان تەربىيەلىگەن بىر كىشىنى تېپىپ مۇنازىرىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار قىلىپتۇ. بۇ پېشقەدەم كىشى مۇنازىرىنى بىردەم دىققەت كۆرگەندىن كېيىن تەمكىنلىك بىلەن: «قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، زېدىلەنگەن ئۆرۈكنى يېيىشنى ياخشى كۆرەمسىلەر ياكى شاختىن يېڭىلا ئۈزۈلگەن

ئۆرۈكنىمۇ؟ بازاردا قايسى خىل ئۆرۈك قىممەتلىكرەك سېتىلىدۇ؟» دەپتىكەن. ھەممىسى: «ئەلۋەتتە زېدىلەنمىگىنى» دېيىشىپتۇ. «ھەببەللى، دەپتۇ پېشقەدەم كىشى، ئۆرۈكنىڭ زېدىلەنمىگەنلىكى ئۇنىڭ ئۆز قەدىر - قىممىتىدۇر، قىممىتىنى ساقلىغانلىقىدۇر، ئۆرۈكنىڭ زېدىلىنىشى ئۇنىڭ سېسىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۇ خۇددى سىلەرنىڭ قىز ئامانىتىنى، بالدۇر بەرسىمۇ، كېيىن بەرسىمۇ بەرىبىر بېرەتتى، ئۇنىڭدىن كۆرە بېرىۋەتسىمۇ بولاتتى، دېگىنىڭلارغا ئوخشاش ئىشتۇر. بۇ قىز بالدۇر بېرىۋەتكەن بولسا سېسىق ئۆرۈكتىن پەرقى قالمىغان بولاتتى، شۇنداقمۇ؟» دەپتىكەن، يىغىلغەن تەرەپتىكىلەرمۇ ھەقىقەتەن يىغىلغەنلىكىگە تەن بېرىپ «شۇنداق» دېيىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.

مۇنازىرە قىلىشقۇ ياخشى ئىش، مۇنازىرىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سۆزلەرنىڭ ئورامىدىنلا كىشىلەرنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان كۆزقارىشىنى ئېنىق بىلىۋالغىلى، كىشىلەر روھىيىتىنىڭ قانداق ھالەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. مانا مۇشۇ مۇنازىرىدىكى بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ قىزنىڭ ئىپپىتىنى ساقلىمىسىمۇ بولاتتى، بەرىبىر ئۇنداق بولغاندىكىن، مۇنداق بولغاندىكىن، دېيىشلىرىدىنلا بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە ئەخلاق مەسىلىلىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلانمىساق، بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلمىساق زادى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. ئەخلاق بۇلغانغان، ئىجتىمائىي كەيپىيات بۇزۇلغان جايدا بۇزۇقچىلىقتىن باشقا ھەر قانداق ئىش روناق تاپالمايدۇ.

پەقەت پاكلىقتىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك گۆھەر بىلەنلا قەدىرلىكسىز، پاكلىقىڭىز بىلەنلا ئەڭ ئۇلۇغسىز، ئەي قىز!

## ئون سەككىزىنچى ئەگگۈشتەر

## ئىپپەت قۇربانى

ئەي قىز! مەن مانا ھازىرلا سىزگە يۈرىكىڭىزنى لەرزىگە سالغۇچى، دىل تارىڭىزنى چەككۈچى ئىپپەت ـ نومۇسنىڭ قۇربانى، جەسۇر قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى ئىپارخان ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ بېرىمەن، ئۇ ۋۇجۇدىڭىزغا كۈچ، ئۈمىد، روھىي ئىلھام بېغىشلىيالىسا، سىزنى ئەقىل جەھەتتىن يېتەكلەپ، چەكسىز سېھرىي كۈچى بىلەن قەلبىڭىزدە زىلزىلە پەيدا قىلالىسا ئەجەب ئەمەس!

نەزىرە مۇھەممەد سالىھ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ» دېگەن كىتابىدا ئىپارخاننى مۇنداق سۈپەتلەر بىلەن تەسۋىرلەيدۇ: «گۈزەللىكى بىلەن كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلسا، باتۇر ۋە قەيسەرلىكى بىلەن دىللاردا ھۆرمەت ۋە قايىللىق تۇيغۇسى ئويغاتقۇچى ئۇيغۇر قىزى ئىپارخان 18 ـ ئەسىردە شىنجاڭدا ئۆتكەن (توغرىسى 1734 ــ 1762 ـ يىللىغىچە ياشىغان) چوڭ ـ كىچىك غوجىلاردىن كىچىك غوجا غوجا جاھاننىڭ خانىمى، ئاپاق غوجىنىڭ ئەۋلادى (يەنى ئاپاق غوجىنىڭ ئىنىسى كارامەتۇللا غوجىنىڭ ئەۋرىسى). بەزى تارىخىي كىتابلاردا ئىپارخاننىڭ ئەسلىي ئىسمىنىڭ نۇر ئەلانۇر خېنىم ياكى مەمۇرە ئەزىزەم ئىكەنلىكى يېزىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىپارخان لاتاپەت بابىدا تەڭداشسىز گۈزەل بولغانلىقى ۋە تېنىدىن تەبىئىي ھالدا ئىپار ھىدى كېلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن 〈 ئىپارخان 〉 دېگەن

www.uyghurkitap.com

نام بىلەن ئاتالغان. جەڭگە ماھىر بۇ گۈزەل باتۇرلۇقتا داڭق چىقارغان غوجا جاھانغا ياتلىق بولغان. 1760 ـ يىلى (توغرىسى 1758 ـ يىلى) ئاپاق غوجا ئەۋلادىدىن بولغان غوجا بۇرھانىدىن بىلەن غوجا جاھان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان. ئۇلارنىڭ سانى ۋە تەسىر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىغان. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن چىڭ سۇلالىسى جاۋخۇي باشچىلىقىدىكى چوڭ قوشۇننى توپىلاڭچىلارنى تىنجىتىشقا ئەۋەتكەن. ئادەم سانى جەھەتتىكى چوڭ پەرق تۈپەيلىدىن غوجىلار مەغلۇپ بولۇپ، غوجا جاھان ئۆلتۈرۈلگەن. ئىپارخان بولسا ئەسىر سۈپىتىدە بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىلغان. ئىپارخاننىڭ گۈزەللىكىدىن ھەيرانۇھەس قالغان چيەنلۇڭ خان ئىپارخانغا مەپتۇن بولۇپ قالغان».

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئىپارخان» ناملىق ماقالىلەر ۋە دىراممىلار كىرگۈزۈلگەن كىتابتىكى ئەينى دەۋردىكى تارىخىي رېئاللىق ئېچىپ بېرىلگەن ماقالىلەردىكى مەزمۇنلارنى يىغىنچاقلىغاندا مۇنداق ۋەقەلەر كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ:

چيەنلۇڭ خان پۈتكۈل ئاسىيا گۈزەللىكى ۋە قەھرىمانلىقى بىلەن شۇ زامانغىچە كۆتمىگەن بىر شۆھرەت قازانغان بۇ ئۇيغۇر مەلىكىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن سەۋرسىزلىنەتتى.

كۆرۈشۈش كۈنى ئىپارخان ئۆز ئېتىقادى بويىچە ئىبادەت قىلىدۇ، ئوردا يوسۇنى بويىچە ياسانماي، ئۇرۇش قىلغان چاغدىكى زېرىھلىق ساۋۇت، بېشىغا دۇبۇلغا كىيىپ، خان سارىيىغا مەغرۇر قەدەم تاشلىغىنىچە ئۇدۇللا كىرىدۇ. سورلۇك ۋە ھەيۋەت بېزەلگەن ئوردا ئۇنىڭ ئېتىقادقا تولغان ۋە ئارمان ـ ئىنتىقام

ئوتىدا ياتقان يۇرىكىگە ھەسرەت ۋە قورقۇش سالالمايدۇ. بارلىق ئوردا ئەركانلىرى يىغىلغان بۇ سورۇندا ئىپارخان دادىل قەدەم تاشلاپ كىرىپ خانغا تەزىم قىلمايدۇ. بۇ ئىش قاتتىق غۇلغۇلا قوزغايدۇ. بۇ ئىش سۈرۈشتۈرۈلگەن، ئۇ «مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇدۇڭلارمۇ؟ بىز پەقەت بىر ئاللاغا سەجدە قىلىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە ئېگىلمەيمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. خان ھۇزۇرىدا چوڭ ۋەقە ھېسابلىنىدىغان بۇ ئىتائەتسىزلىكتىن پۈتۈن ئوردا ئەھلى ھەيرانلىقتا ۋە قورقۇشتا چۆمىدۇ. بۇ ئىش خانلىقتا قارشى چوڭ بىر ھەرىكەت ھېسابلىناتتى، ئۇنىڭ جازاسىمۇ پەقەت ئۆلۈم ئىدى. خان ئىپارخاننىڭ ھۆسن ـ جامالىغا ئادەتتىن تاشقىرى مەپتۇن بولۇپ كەتكەچكە، ئارتۇقچە سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇشقا رايى بارمايدۇ. خان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «خۇش كەپسىز» دېيىشىگە، ئىپارخان سېپىغا ھەرخىل قىممەتلىك گۆھەر ـ ياقۇتلار قۇيۇلغان شەمشىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ: «ئەي مۇرۇۋۋەتلىك شاھ، بۇ مېنىڭ كۆرۈشۈش سوۋغام، بۇنى سىنىڭ ئادالەتنى ياقلىشىڭ ئۈچۈن بەردىم!» دەيدۇ. خان ئىپارخاننىڭ گۈزەل جامالىغا جاسارەت ۋە باتۇرلۇق قوشۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئالالماي قالىدۇ.

ئىپارخان شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىنى كىتاب ئوقۇش، ئوردا ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ. خاننىڭ ئانىسى ئىپارخاننىڭ ئوردىدا تۇرۇۋېرىشىنىڭ تەھلىكىسىنى چۈشىنىپ، ئۇنى يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىش ھەققىدە خانغا كۆپ قېتىم گەپ قىلغان بولسىمۇ، خان بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىپارخان دائىم خاندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن تىپىرلاپ

كېتىۋاتقان خانغا: «ئەگەر ماڭا يېقىنلاشساڭ ھەم سېنى، ھەم ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىمەن» دەپ تەھدىت سېلىپ، خانىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىشىنى ئۈنۈملۈك توسىدۇ.

ئىپارخاننىڭ ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەللىكى خاننى پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالغان بولۇپ، كۆزى باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى. خان ئىپارخانغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك چارىلەرنى قىلىپ باقىدۇ، ئەمما كارغا كەلمەيدۇ. خان ئاخىر ۋەزىرلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بېيجىڭدا چاھار بېغى بولغان، جامائەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر ئۇيغۇر مەھەللىسى قۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئىپارخان يۇرتىدىن تولىمۇ يىراق بولغان بۇ شەھەردە خاتىرجەم، كۆڭلى توق، خۇشال يۈرەلەيتتى ۋە تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتەتتى. خان قەشقەردىن ئەڭ مەشھۇر مىمارلارنى ئەكەلدۈرۈپ، ئىپارخان ئۈچۈن ئۇيغۇر مىمارلىق ئۇسلۇبىدا بىر مەھەللە بەرپا قىلىدۇ. خان ئىپارخاننىڭ ئۇيغۇر مەھەللىسىگە يەرلەشتۈرۈلگەن ھەمشىرىلىرىنىڭ ئازادە تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن، چاھار باغ ئىچىنى زامانىسىنىڭ ئەڭ گۈزەل ماتېرىياللىرى بىلەن بېزەيدۇ. ئىپارخان خانغا: «مېنىڭ يۇرتۇمدا غولى تۈمۈردىن، يوپۇرمىقى كۈمۈشتىن بولغان دەرەخ بار، شۇنى سېغىندىم» دەيدۇ. كۆپ سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ دەرەخنىڭ جىگدە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن دەرھال ھارۋا بىلەن غەربىي رايوندىن (يەنى ئۈچتۇرپاندىن) ئەكەلدۈرىدۇ ۋە باغقا تىكتۈرىدۇ. ھەممە تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن خاننىڭ كۆڭلى تىنىپ ئىپارخانغا ئۆيلىنىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. بۇ تەكلىپ ئىپارخان تەرىپىدىن قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. خاننىڭ ئىپارخانغا بۇ دەرىجىدە مەپتۇنلۇقى خاننىڭ ئانىسىنى تەشۋىشكە سالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خان ئانا خانغا قورقۇنچلۇق پىلانلارنى

كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. شۇ قاتاردا ئىپارخاننىڭ ھۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ: «يا توي قىلسۇن ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرسۇن» دەپ تەھدىت سالىدۇ. ئىپارخان پەقەتلا: «ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، يەنە ئازراق ۋەزىپىلىرىم بار. ئىنتىقام ئالماي تۇرۇپ ئۆلۈشنى خالىمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چيەنلۇڭ خاننىڭ چېگىدېدىكى ئەجدادلار قەبرىگاھىنى تاۋاب قىلغىلى چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان پۇرسەت دەپ بىلگەن خان ئانا بىر كۈنى ئىپارخانغا ساختا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ، ئۇنى «رەسىملەر سارىيى» نى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. رەسىملەرنى كۆرۈۋاتقان ئىپارخاننىڭ دىققىتىنى بىر پارچە رەسىم ئالاھىدە تارتىدۇ. بۇ بەدەخشان ئەمىرى مۇزەپپەر سۇلتانشاھنىڭ غوجا جاھاننىڭ كاللىسىنى مەنچىڭ قوماندانىغا تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقان كۆرۈنۈش تەسۋىرلەنگەن رەسىم ئىدى. ئىپارخان بۇ رەسىمنى كۆرۈۋېتىپ دەھشەتلىك غەليان كۆتۈرىدۇ. خانا ئانا: «سېنى بىزگە دۈشمەن قىلغان، سەن ئەڭ ئۇنتۇيالمايدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ سېنى ھازىر دۆلىتىم ۋە ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بۇ ئوردىدىن يوق قىلماقچىمەن!» دەپ خىزمەتكارلىرىنى چاقىرىدۇ. ئىپارخان: «مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، پەقەت ئىنتىقام ئالالمىغانلىقىم ئۈچۈن بەك ئۆكۈنىمەن. ماڭا بىر ئاز ۋاقىت بەر، تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇۋالاي. مەن ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم، مەن ھەممىنى بىلىپ تۇرغان» دەيدۇ. خانا ئانا خىزمەتكارلىرىنى چاقىرتىپ، ئىپارخاننى يىپەك رومال بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ.

ئىپارخان ئۆز ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلاپ باش ئەگمەسلىك بىلەن بىللە، ھاياتىدا مەنچىڭ ئوردىسى يوسۇنى بويىچە كىيىنىپ باقمىغان، باشتىن - ئاخىر ئۇيغۇر ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە سادىق بولغان. ئۇ جەسۇر، مەغرۇر، قورقۇمسىزلىقى

تۆپەيلىدىن بۆگۆنكى كۆندە خەلقىمىز ئارىسىدا، جۆملىدىن پۆتكۆل جۇڭگودا بىر ئېپپەت سىمۋولى بولۇپ قالدى. ھازىر ئىپارخان ئۆز قولى بىلەن يازغان دەپ قارىلىۋاتقان مۇنداق مىسرالار دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن:

ھەر نە كۆتمىشتۇر قارارىم،
مۆشكۆلى رەنجۇ ئۆلۇم.
قان يۇتۇپمەن ھەر دەقىقە،
دەردتە ئۆتمىشتۇر كۆنۆم.

بەزلىبان تەرك ئەتكۆزۆشتۇر،
قەستى ۋەتەن خان ئالدىدا.
كەچمىكىم ۋىجدان ئەمەس،
جاندىن كېچىش خان ئالدىدا.


www.uyghurkitap.com

ئون توققۇزىنچى ئەڭگۈشتەر

## نومۇسنى يوقىتىش كەچۈرگۈسىز جىنايەت

سىز بەلكىم فىرانسىيەنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى مۇپاسساننىڭ «دونداق» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ھېكايىنىڭ باش پېرسوناژى بولغان دونداق يىراق - يېقىنغا سېسىق نامى پۇر كەتكەن پاھىشە ئايال، ئۇنى كۆپ كىشى كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ. ھالبۇكى، مۇشۇنداق ئىپپەتتى بۇلغىنىپ كەتكەن بىر پاھىشە چېغىدا فىرانسىيەنى دەپسەندە قىلىۋاتقان گېرمانىيەلىك ئوفىتسېرغا نومۇسىنى ساتمايدۇ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن دۆلىتىنىڭ ئار - نومۇسى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئومۇمىيۈزلۈك بۇلغىنىشقا يۈز تۇتقان بۈگۈنكى كۈندە، بەزى يولدىن چىققان قىزلىرىمىزنى دونداقنىڭ ئورنىغا قويۇپ دەڭسەپ كۆرىدىغان بولساق، قىزلىرىمىزدا ئۇنداق روھ، كۆزقاراش، ئاڭنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىر نەچچە يىلدىن بېرى بارغانچە ياخشى چىقىۋاتقان «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 3 - سانىدا مەن بىلەن غايىۋى پىكىرداش قىز دىلبەر رەھمىتۇللانىڭ «قۇرت چۈشكەن ئەقىدىلەر» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسى ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتە قىزلىرىمىزنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ يۈرەك ساداسىنى بىزگە ئاڭلاتتى.

«يىلدا بىر قېتىم چوڭ زالغا چۈشۈپ، بىر ئاي ئىشلەپ چېنىقىش نۆۋىتىم بار ئىدى. شۇ چاغلاردا بىرىنچى قەۋەتتىكى زالنىڭ ھاجەتخانىسىدا كەچلىكى پات ـ پات ئۇچرىشىپ قالىدىغان، چىرايلىق ياسىنىۋالغان، قوللىرىدا ئالىي دەرىجىلىك تاماكىلارنى چېكىشىپ ئۆز ئارا سۆھبەتكە چۈشۈپ كېتىدىغان 〈ئۈچكە ھەمراھ〉 ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم.

— ئاداش، تۈنۈگۈن نەچچە پۇل تاپتىڭ؟ — سورىدى قىزچاق ئا.

— بەش يۈز يۈەن، ئەسلى ئالتە يۈز يۈەن دېيىشكەن، ئەتىگەن ئورۇندىن تۇرغاندىلا بەش يۈز يۈەن بېرىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى، بوپتۇلا دېدىم، — جاۋاب بەردى قىزچاق ب.

— ئۇمۇ بوپتۇ، ئىشقىلىپ بىكار يۈرگەندىن ياخشى، — رىغبەتلەندۈردى قىزچاق ئا.

— لېكىن چىرايىغا قارىساڭ چىرايلىقراقمۇ ئەمەسكەن، نەق خوتەندىن كەلگەن ئوخشايدۇ، — مەنسىتمەسلىك بىلەن تاماكىسىنى پۈۋلىدى قىزچاق ب.

— ھەي ئاداش، سەت بولسۇن، چىرايلىق بولسۇن، ئۇيغۇر بولسۇن، خەنزۇ بولسۇن، پۇلى چىرايلىق بولسىلا بولدى. بىر كېچە ئۆتسە، ئەتىسى ئۇلارنى كىم تونۇيتتى.»

دىلبەر رەھمىتۇللا ئېچىنىش ئىچىدە يەنە مۇنۇ قۇرلارنى يازىدۇ: «ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، مەن كەچلىك ئىسمېنا ئىشلەۋېتىپ پەسكە چۈشۈش ئۈچۈن لىفىت ئالدىغا كەلگىنىمدە، بىر قانچە ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ قىزلىرىنىڭ لىفىت ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ھەم خىزمەت قائىدىسى بويىچە مەن ئاۋۋال ئۇيغۇرچە سالام بەردىم. مېنىڭ سالىمىمنى قايتۇرۇپلا بىر قىز ماڭا قاراپ جىددىي ھالدا:

— بىزنى چوڭ ئىشىكتىن ئەمەس، باشقا ئىشىكتىن سىرتقا

ئېلىپ چىقىپ قويسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغىنىمدا:

— بىز مېھمانخانىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى ئايرىم خانىدا ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرغانىدۇق، بىرى ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ قويدى. بىز دەرھال قېچىپ چۈشكەن بولساقمۇ، چوڭ زال ۋە ئىشىك ئالدىدا ساقچىلار بار ئىكەن، چىقالماي يۈرىمىز، — دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى.

مەن ئۇلارنى يان ئىشىكتىن، يەنى بىز خىزمەتچىلەر چىقىدىغان ئىشىكتىن ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ قويۇۋاتقان ۋاقتىمدا، ئۇ قىزلاردىن بىرى ماڭا:

— قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمىز. ئىككى ئاي بۇرۇن ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ قېلىپ ئىككى مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلەپ قايتىپ چىققانىدىم. بۈگۈن خۇدايىم بىزنى ساقلىدى، سىزگە ئۇچراپ قالدۇق. رەھمەت سىزگە، — دەپ مەن بىلەن رازىمەنلىك ئىلكىدە خوشلاشتى.

مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شۇلارنى ئويلاپ قالدىم: مەن ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن قۇتقۇزۇپ قالدىم؟ ئۇلارنىڭ داۋاملىق مىللەتنىڭ نومۇسىنى سېتىشى ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ئۆزگىرىپ بۇ ئىشلاردىن ساۋاق ئېلىشى ئۈچۈنمۇ؟ ئۆز سوئالىمغا ئۆزۈم جاۋاب بېرەلمەي قىينىلاتتىم...»

بۇنداق سوئاللارغا بىزمۇ جاۋاب بېرەلمەي قىينىلىپ تۇرۇپ قالدۇق. ئەخلاق تارازىسىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى، مەنىۋى دۇنيانىڭ پۇچەكلىشىشى، مىللىي ھېسسىيات، مىللىي ئەنئەنە ۋە ئەخلاق قارىشىنىڭ ئوچۇق ئاسماندا چاقماق تېزلىكىدە سۇسلاپ كېتىشى بىزنى جاۋاب بېرىش ئىنتايىن قىيىن بولغان تېگى يوق سوئاللار قايىنىمىغا ئېلىپ كىرىدۇ...

مەن قىزلارنىڭ ئىپپىتىنى ساقلاش ۋە ساقلىغاندىمۇ قانداق ساقلاش مەسىلىسىنى ناھايىتى كۆپ ئويلاندىم، كاللامدا نۇرغۇن

سوئال تۇغۇلاتتى، كۆپىنچە جاۋاب تاپاتتىم، ئەمما بەزىلىرىگە جاۋاب بېرىشكىمۇ ئامالسىز قالاتتىم. مەن مېنى قىيناۋاتقان بۇ سوئاللارنىڭ تېگىگە يېتىش مەقسىتىدە بالىلار تەربىيىسى ۋە قىزلار مەسىلىسى مۇتەخەسسىسى بولغان بىر خانىمنى ئىزدەپ باردىم، ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى، تۇغۇلغان سوئاللىرىنى، بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى، يەنە نۇرغۇن جاۋاب بېرەلمىگەن سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سۆزلەپ كەتتىم، ئادەتتىكى چاغلاردا بۇنداق ھۆرمەتلىك خانىملاردىن تارتىنىپ بولسىمۇ بەزى گەپلىرىمنى دېيەلمەيتتىم، ئەمما بۇ قېتىم توختىماي سۆزلىدىم، مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مېنىڭ سۆزۈم تۈگىگەندىن كېيىن پېشقەدەم خانىم ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماي بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى، پېشانىسىدىكى يول - يول قورۇقلار بىردىنلا كۆپىيىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى، چىرايلىق بۇرنى بىردىنلا سەل - پەل ئۆزىراپ كەتتى، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ۋەخىزمەت تەجرىبىسىنى مېنىڭ سۆزلىرىم بىلەن دەڭسەپ كۆرۈپ، تەپەككۇرىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

— قىزىم، قىز بولۇپ يارىلىش ئىنتايىن خاسىيەتلىك ئىش، — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، — ھەۋۋا ئانا يارىتىلغاندا ئۇنىڭ جۈپتى ئادەم ئاتىلا ئەمەس، پۈتكۈل كائىنات تەنتەنە قىلغانمىش، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ھەربىر قىز بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، بۇ دۇنيا بىر قېتىم باھار ئەييامىغا، تەنتەنە ساداسىغا جور بولىدۇ، مېھرىبانلىققا، كۆيۈمچانلىققا تولىدۇ. مانا بۇ بىر خاسىيەتتۇر قىزىم، ئەمما بۇ خاسىيەتنىڭ سېھرى گېپىڭىزدىن قارىغاندا تۈگەپ كېتىۋاتقاندەك، بۇ نازاكەتلىك بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك، كىشىنى مەھلىيا قىلغۇچى گۈلنىڭ پۇرىقى يوقاپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. ئەپپەت قىزلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى خاسىيەتلىك

گۆھەردۇركى، بۇنى يوقاتقان، بۇنى ساقلاش ھۈنىرىدىن خەۋەرسىز قىز بۇ دۇنيانىڭ ئېغىر گۇناھكارىدۇر، كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىدۇر.

— بىز ئىلگىرى ئەخلاقىنى بۇلغىغان قىزلارنى گۇناھى ئۆزى بىلەنلا دەپ بىلگەنىدۇق، ئەمەلىيەتتە ئۇ باشقىلارنى بۇلغىغۇچىدۇر، باشقىلارغا ۋابا تارقاتقۇچىدۇر. شاللاق بىر قىز بار دەيلى، ئۇ ئازغىنا مەنپەئەت ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنى دەپ ئەتراپىدىكىلەرنى بۇلغىسا، بۇنىڭ ۋابالى ناھايىتى نۇرغۇن كىشىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. سودا قىلىپ زىيان تارتقان كىشىنىڭ زىيىنى پەقەت ئۆزىگىلا بولىدۇ، ئەمما بۇنداق ئەخلاق سودىسىنىڭ زىيىنى پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە ئەۋلادلارغا چېتىلغان بولىدۇ. ھەي قىزىم، ھازىرقى ياش ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرىنى قانداق تەربىيەلەۋاتىدۇ، بۇ زادى قانداق تەربىيەلەش ئۆزى؟ تاشقى جەھەتتىن شەكىل ئۇچۇن بېرىلگەن تەربىيەنى بىز تەربىيە دەپ ئېيتمايمىز، تەربىيە دېگەننى قىزنىڭ يۈرىكىگە سىڭدۈرۈپ بېرىش كېرەك ئەمەسمۇ، بىزنىڭ ۋاقىتلىرىمىزدا ئانىمىز بىزنى قاتتىق تەلەپ بىلەن تەربىيەلەيتتى، شۇ قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىساق زادىلا بولمايتتى، تەلەپكە يېتىش ئۇچۇن ئايانماي تىرىشاتتۇق، تەلەپكە يەتكەندە بولسا ئانىمىزنىڭ قىلغان بۇ تەربىيەسى ئاللىقاچان يۈرىكىمىزگە ئورنىشىپ كەتكەن بولاتتى. قىز بالىنى مانا مۇشۇنداق تەربىيەلەش كېرەك قىزىم. جەمئىيەت قانچىلىك تەرەققىي قىلسۇن، تەربىيە ۋە ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىقلا بالىلارنىڭ ئەخلاق بايلىقىنى زور دەرىجىدە بېيىتقىلى، بولۇپمۇ قىزلىرىمىزنىڭ ئىرادە ۋە ئېتىقاد ئېڭىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

— بەلكىم «ئامانىتى» نى ساقلىيالمىغان قىزلار: «سۇدا بېلىقنىڭ ئىزى قالماس...» دېگەن بىمەنە ماقالغا ئېسىلىۋېلىشى مۇمكىن. تەندە ئىز قالمىغىنى بىلەن بەرىبىر يۈرەكتە، كۆڭۈلدە

www.uyghurkitap.com

ئىز قالىدۇ. تەندە قالغان ئىزنى بىر ئاماللار قىلىپ ئۆچۈرگىلى بولىسىمۇ، يۈرەكتىكى ئىزنى ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ. يۈرەكتىكى ئىز شۇنداق ئىزكى، ئۇنىڭ تەسىرىدىن شۇنداق قىڭغىر يولغا دەسسەپ قويغان قىزلار مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ ھەم روھىيىتى شۇنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ، بۇنداق قىزلار كەلگۈسىدە ئانا بولۇپ ھەر قانچە كۆچەپ باققان تەقدىردىمۇ، پەرزەنتلىرىنى ئەخلاقىي كامالەتكە يەتكەن قىلىپ تەربىيەلىيەلمەيدۇ، بىر يېرىدىن بولمىسا بىر يېرىدىن بۇ ئىشنىڭ چاتىقى چىقىدۇ، ئەخلاق جەھەتتىن پۇچۇق بولغان بۇ پەرزەنتلەر چوڭ بولغاندىن كېيىن يەنىلا ھاياتىدىكى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىڭغىر يولغا دەسسەپ، جەمئىيەتنى بۇلغايدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەخلاقسىزلىقلىرى مانا مۇشۇنداق رول ئوينايدۇ. بەلكىم تاسادىپىي بۇزۇلۇپ كەتكەن قىزلار ئۆزلىرىنى ئاقلاپ: «بىز تاسادىپىي شۇنداق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بىزنىڭ ئەخلاقىمىز ياخشى، مىجەزىمىزنى باشقىلار ياقتۇرىدۇ، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىمىز» دەپ يەنە ئۆزىنى ئاقلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئاشۇ ئەخلاقىمىز ياخشى دەۋاتقان قىزلارنىڭ ئەخلاقى پۈتۈنمۇ؟ ئەگەر پۈتۈن بولغان بولسا ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇپ كېتەرمىدى؟ ھەرگىز ئۇنداق بولمايتتى، بەلكى ھەر قانچە قىيىن شارائىتتىمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيتتى، باش ئەگمەيتتى، ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويمايتتى. مانا مۇشۇلار ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىردىنبىر ئىسپات ئەمەسمۇ؟

مەن بۇ خانىمنىڭ يېنىدىن ناھايىتى ئېغىر خىيالغا بۆلەنگەن ھالدا قايتىپ چىقتىم. خانىمنىڭ چوڭقۇر مەنىلەرگە تولغان سۆزلىرى، مۇلاھىزىلىرى ئارقىلىق كاللام پاللىدە يورۇپ

كەتكەندەك بولدى. دەرۋەقە، ئەقىللىق قىزلىرىمىز ئۆزىنى قانداق كونترول قىلىشنى، ھەر قانداق ئىشلارنىڭ ئۆز يولىدا بولۇشىنى، ئەخلاقتىن ھالقىپ كەتمەسلىكنى ئوبدان چۈشىنىدۇ، چۈشەنگەنىكەن، ھەر بىر قەدىمىنى دەڭسەپ باسىدۇ، قىلغان ئىشىدا خاتالىق كەتكۈزمەيدۇ، ئۆز ئامانىتى تاكى ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىت بىلەن تۇرمۇشلۇق بولغۇچە ئۆزىدە بولىدۇ. بۇ جەرياندا قانداق قىلىشنى بىلىدۇ، يىگىتىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ، كېيىنكى بەختلىك تۇرمۇشقا، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا ھەسسە قوشىدۇ. ئىپپەتلىك ۋە پاك بولۇش ھەقىقەتەن قىممەتلىك ھەم ھەقىقەتەن قەدىرلىك. بۇ جاھاندا پاك بولماي ئۆتكەن قىزلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

نەزىرە مۇھەممەد سالىھ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى بىر پەيلاسوپ: 〈 ئەگەر ئائىلىلار تۈزەلسە، جەمئىيەت تۈزۈلىدۇ، جەمئىيەت گۈللىنىدۇ 〉 دەپ ئېيتقانىكەن. دەرھەقىقەت، ئائىلىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن ئۇدۇل تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتە، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزگۈچى ئائىلىلار ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا، مىللەتنىڭ نۇرلۇق كېلەچىكىنى يارىتالايدىغان، ئېتىقادلىق ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرەلەيدۇ. بىز ئىنسانىيەت تارىخىدا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان تالاي بۈيۈك ئىمپېرىيە، قۇدرەتلىك خانىدانلىقلارنىڭ پاجىئە سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىگەن ئائىلىلار ھالاكىتى دەپ ئېيتالايمىز. چۈنكى، ھەر ۋاقىت ئۆز يىلتىزىدىن ئۇزۇق ئېلىپ، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى ئۈستىدە ئويلانمىغان ئادەمنىڭ تىككەن كۆچەتلىرىگىمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش بەرىكەتسىزلىك ۋە يوقىلىش ئاقىۋىتى پۈتۈلگەن بولىدۇ».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

يىگىرمىنچى ئەگگۈشتەر

## پەزىلەت غۇنچىسى يۈرىكىڭىزدە ئېچىلسۇن

ئەي قىز! شۇنى بىلىڭكى، پەزىلەت غۇنچىسىنى ھەقىقەتەن يۈرىكىدە ئېچىلدۇرالىغان قىزلار ھەر قانچە قىيىن شارائىتتىمۇ، بېشىغا ھەر قانچە ئېغىر كۈن كەلسىمۇ ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويماي، ئۆزىنىڭ قىزلىق ئىپپەت - نومۇسى ۋە غۇرۇرىنى ساقلاپ قالالايدۇ. پەقەت پەزىلەت غۇنچىسىنى يۈرىكىدە ئېچىلدۇرالىغان قىزلارلا بولسا، بۇ سۇلماس غۇنچە ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ قوغدىغۇچىسى بولالايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق ماددىي قالىقان ئىرادە يالقۇنىدا تاۋلانغان مەنىۋى قالقان ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

بەزى تەتقىقاتچىلار گېزىت - ژۇرناللار ئارقىلىقلا تۇپلىۋالغان ماتېرىياللىرىنى بازارغا سېلىپ، ئاتالمىش قىزلارنىڭ ئالدىنىپ قېلىشىنى، قانداقتۇر قىزلاردىكى شەرت - شارائىت بىلەن ھېسابلاشماي ماددىي نەرسىگە ئۆزىنى ئۇرۇش، شۆھرەتپەرەسلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك بولۇش، شاللاقلىقتا چېكىدىن ئېشىش، روھىي ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىگە بىرەر يۆلەنچۈك تېپىش ئارزۇسىدا بولۇش، لايىق تاللاشتا بىر تەرەپلىمىلىك كۆزقاراشتا بولۇش، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئارزۇ - ھەۋەسلەردە بولۇش... دېگەندەك پارچىلاپ تەھلىل قىلىپ، قىڭغىر يولغا كىرىپ قالغان ئاشۇ قىزلارنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن شۇ يولغا ماڭغانلىقىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەھلىل قىلماي، ماددىي

پوستىغىلا دىققەت ـ نەزىرىنى ئاغدۇرغان. قىزلىرىمىز زادى نېمە سەۋەبتىن ئالدىنىپ قالىدۇ، ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ، ئىپپەت ـ نومۇسىنى خار قىلىدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جاۋابى پەقەت بىرلا: ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ شۇ قىزلارنى تەربىيەلىشى يېتەرلىك بولمىغان، ئېتىقاد، ئىرادە تەربىيەسى بېرىلمىگەن، قىسقىسى ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرىنىڭ پەزىلەت گۈللىرىنى ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە ئېچىلدۇرالمىغان. ئەگەر قىزلارغا بولغان ھايا ـ نومۇس، ياخشى ـ يامان، قەدىر ـ قىممەت تەربىيەسى كىچىكىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇلغان بولسا، بۇ قىزلار قەتئىي ئىرادىلىك، ئېتىقادلىق، مەنىۋىيىتى تولۇق، ئۆزىگە ئىشەنگەن، ئىپپەت ـ نومۇس كۆزقارىشى روشەن بولۇپ چوڭ بولاتتى ۋە تۇرمۇشتا ھەر قانچە قىيىنالسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلاپ، ئىككى قولىغا تايىنىپ زاغرا نان يېسە يەيتتىكى، ھەرگىز بىردەملىك راھەت ـ پاراغەت، خۇشاللىق ئۈچۈن ئىپپىتىنى بۇلغاپ، غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىپ، نومۇسىنى سېتىپ ئولتۇرمايتتى.

ئەي قىز! بىلىپ قېلىڭكى، پەزىلەت غۇنچىسىنى يۈرىكىڭىزدە ئېچىلدۇرماقچى بولىدىكەنسىز، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ بىر لاتاپەتلىك، ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان روھ ۋە ئىرادىگە ئىگە جەلپكار قىز ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىپ، ئۆزىڭىزنىڭ غايە مەنزىلى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. ئۆز ئاتا ـ ئانىڭىزنى، بولۇپمۇ ئانىڭىزنى پەزىلەت ئۈلگىسى قىلىپ تاللاپ، گۈزەل خۇلق ۋە نەمۇنىلەرنى ئۆگىنىڭ، قىزلارغا خاس تۇغما ئالاھىدىلىكىڭىزگە ئاساسەن تارتىنچاقلىق، نومۇسچانلىق ۋە كۆيۈمچانلىقنى ئۆزىڭىزگە سىڭدۈرۈڭ، بۇنىڭ بىلەن خاسلىقىڭىز تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلسۇن. قانداق ئىشلارنىڭ پەزىلەتلىك ئىش، قانداق ئىشلارنىڭ ئۇياتلىق ئىش

ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟ ئۇنداقتا باشقىلارنىڭ قوپال، ناشايان گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئۆزىڭىزنى يىراق تۇتۇڭ، ئەگەر باشقىلار قىلىپ سالغان تەقدىردىمۇ دەرھال تۈزىتىشكە ئەسكەرتىش بېرىڭ، شۇندىلا ئۇنداق كىشىلەر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا سەت گەپلەرنى ئىككىنچىلەپ ئاغزىغا ئالمايدىغان بولىدۇ. سىز ھەر قانداق چاغدا ئاتا ـ ئانىغا كۆيۈنىدىغان بىر كۆيۈمچان يۈرەك يېتىلدۈرۈڭ. شۇنداق قىلغاندىلا ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ مەكتەپ تەربىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بەرگەن تەربىيەلىرى خۇددى قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىزگە ئاسان سىڭىدۇ ۋە سىزنىڭ پەزىلەت تەربىيەسىنى ئاسان قوبۇل قىلىشىڭىز ۋە كامالەتكە يېتىشىڭىزدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئۆزىڭىزنى ۋە باشقا قىز ساۋاقداشلىرىڭىزنى بىر ھەپتە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كۆزىتىپ بېقىڭ، ئەمەلىيەتتە قىزلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنلا قىزلارغا خاس خاراكتېر ۋە خۇسۇسىيەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. قىزلاردا نومۇس قىلىش، ئىزا تارتىشتەك پىسخىك ھالەت ئوغۇللارغا قارىغاندا خېلى گەۋدىلىك بولىدۇ، قىزلار ساۋاقداشلىرىغا كۆيۈنۈش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش، ھېسداشلىق قىلىش جەھەتتىمۇ ئوغۇللاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ بۇنداق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشكە ئىلھام بېرىشىڭىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئەي گۈزەل قىز! بىلىڭكى، قىزلارنىڭ پەزىلەتلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولغىنى ياخشى، بۇنداقلارنىڭ بەزىلىرى گەرچە ئانچە گۈزەل بولمىسىمۇ، مۇشۇ يېقىملىق خۇي ـ پەيلى بىلەن ئادەمگە ناھايىتى يېقىملىق ۋە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئەلۋەتتە، قىزلار ئوغۇللار قىلغان بەزى ئىشلارنى قىلسا بولمايدۇ، ئوغۇللار چاژا قۇرۇپ ئولتۇرسا ئەدەپسىزلىك ھېسابلانمايدۇ، لېكىن قىزلار

ھەر قانداق يەردە ئىككى تىزىنى جۈپلەپ ئولتۇرسا ئەدەپ ھېسابلىنىدۇ. قىزلارنىڭ ئىسسىق، يېقىملىق، خۇش چىراي بولغىنى ياخشى، سوغۇق، قوپال، توڭ قىزلاردىن خۇدايىم پاناھ بەرسۇن. ھەر قانداق كىشىنىڭ ئالدىدا ئېغىزىڭىزدىن قوپال، سەت گەپ چىقىپ كەتمىسۇن، سەت گەپ قىلىش قىزلارغا نىسبەتەن ئاجايىپ نومۇسلۇق ئىشتۇر. باشقىلار سەت گەپ قىلىۋاتقان ياكى ئاغزىدىن نىجاسەت ئېقىتىپ تىللىشىۋاتقان بولسا، ئۇلارنىڭ يېنىدا بىردەممۇ تۇرماڭ. ئۆيگە بىرەر ئادەم كىرگەن بولسا ئەدەپ بىلەن: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاكا (ئاچا) ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟» دەپ سالاملىشىڭ. قىزلار تاماق يېگەندە ئاز ـ ئاز، ئالدىرىماي يېيىشكە ئادەتلىنىشى كېرەك، قىزلارغا نىسبەتەن ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ يەۋېلىش، ئالدىراپ يېيىش، ئېغىزىغا كۆپ نەرسىلەرنى سېلىۋېلىش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. كوچا ـ كويىلاردا بىر نەرسە يەپ مېڭىشمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

ئەي قىز! ھەر ۋاقىت پەزىلەتلىكىڭىزنى ساقلاپ، پەزىلەتتە باشقىلارغا ئۈلگە بولغايسىز. تاكى جەمئىيەتتە كىشىلەر سىزگە ھەۋەس قىلىپ: «بۇ كىمنىڭ قىزىدۇ، نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ، ئەجەب ئەدەپلىك قىزكىنا» دەپ ئېغىزىنى چاكىلدىتىپ قالسۇن. سىزدىن ھەرگىز ئەدەپسىز قىلىقلار سادىر بولۇپ قالمىسۇن، ئەگەر سىزدە كىچىككىنە ئەدەپسىزلىك سېزىلىپ قالسا، شۇ ھامان شەنىڭىز بۇلغىنىدۇ، ئابرۇيىڭىزنى مىڭ قىلغان بىلەنمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيسىز. سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى چىڭ ساقلىيالىسىڭىزلا، ئۆزىڭىزنىڭ ئىنسانىي قىممىتىڭىزنى، بولۇپمۇ قىزلىق قەدىر ـ قىممىتىڭىزنى قولىڭىزدا تۇتالايسىز، ئەڭگۈشتەر قولىڭىزدا بولىدۇ، بۇ ئەڭگۈشتەرنى قولىڭىزدىن بېرىپ قويدىڭىزمۇ، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىڭىزنى يەرگە ئۇرىسىز! ئەڭگۈشتەر قولىڭىزدا چاغدا

گۆھەردەك قىممەتلىكسىز، ئۇنى تارتقۇزۇپ قويدىڭىزمۇ، خۇددى كىيرەكسىز ئەسكى ـ تۇسكى نەرسىلەردەك قىممىتىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىز. ئۇ چاغدا بېشىڭىزنى تاشقا ئۇرغىنىڭىز بىلەنمۇ پاكلىقىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيسىز.

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتاتتىم. بىز ئولتۇرىدىغان بىنانىڭ ئالدىدا بىر دوستۇم ئۆڭسىلى ئۆچكەن هالدا تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن ئامان ـ ئېسەنلىك سورىشىپ ئۆيگە باشلىدىم. ئالدىغا چاي قۇيۇپ، قانداق تائامغا كۆڭلى تارتىدىغانلىقىنى سورىدىم. دوستۇمنىڭ ماڭا دېمەكچى بولغان تىلىنىڭ ئۇچىدىلا گېپى بار ئىدى، ئۇ ماڭا ئاستاغىنا قارىۋەتكەندىن كېيىن مىڭ تەستە:

ــ بولدى ئاۋارە بولمىغىن، تامىقىڭغا ئىشتىهايىم يوق، ــ دېدى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، ــ ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، ئۆتۈنۈپ قالاي، يېنىمدا بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسەڭچۇ... ــ دېدى.

مەن ئۇنىڭ بۈگۈن باشقىچە بولۇپ قالغانلىقىنى هېس قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىگە ياۋاشلىق بىلەن قوشۇلۇپ يېنىدا ئولتۇردۇم.

ئۇ ماڭا قاراپ شۇنداق تەستە ئىككى ئېغىز گەپ قىلدى، ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى، سىڭلىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى، يەنە يىغلىدى. مەن زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى هەر قانچە قىلىپمۇ بىلەلمىدىم.

ــ ساڭا زادى نېمە ئىش بولدى، ئوچۇق دېمەمسەن؟ ــ دېدىم.

ئۇ يەنە بىر ئاز كۆز يېشى قىلغاندىن كېيىن سەل ـ پەل ئۆزىنى بېسىۋالدى ـ دە، سۆزلەپ كەتتى.

ئۇنىڭ مەنمۇ بىلىدىغان ناهايىتى نازاكەتلىك بىر سىڭلىسى

بار ئىدى، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىرىشكەن خىزمەت ئورنىمۇ ئىنتايىن ياخشى ئىدى. ئەنە ئاشۇ سىڭلىسى ئۆز نازاكىتى بىلەن نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ تامىقىنى چاكىلداتقانىكەن، نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇپ، ھەر قانچە تىرىشىپ بېقىپمۇ ئېرىشەلمىگەنىكەن. ئىككى يىل ئاۋۋال ئۇ ئېگىز بويلۇق، ئىنگلىز تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، ئائىلە شارائىتى ئىنتايىن ياخشى بولغان بىر يىگىت بىلەن يۈرۈپ توي قىلماقچى بولۇپتۇ. ئەمما مۇشۇ يېقىندا ئۇ قىز يىگىتىنىڭ ھەر كۈنى تەكىتلەپ تۇرىدىغان روھ، ئىدىيە ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتە «ئەركىنلەشتۈرۈش» تەشەببۇسىغا ئالدىنىپ كېتىپ ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئىشتىن ئىلگىرى يىگىت قىزنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ ماڭاتتىكەن، نېمە دېسە شۇنى قىلاتتىكەن، بۇ ئىش ئۆتۈلگەندىن كېيىن يىگىت بۇ قىزغا زادىلا قارىماي قويۇپتۇ. قىز كۆتۈپتۇ، يىگىتنى ئىزدەپ بېرىپتۇ، ئەمما يىگىتنىڭ سوغۇق تەلەتىگە قارىغىلى بولمايدىكەن، مۇئامىلىسىنىڭ توڭلۇقىدىن بەدەنگە تىترەك ئولىشىدىكەن. قىز ئەمدى بۇ بىلىملىك يىگىتكە يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ، كەينىدىن كۈچۈكتەك سوكۇلداپتۇ، قىلمىغىنى قالماپتۇ، ئەمما يىگىتنى زادىلا ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەپتۇ. ئۇ ئاخىر باشقا قىزلار بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىر نەچچە قېتىم ئۇ يىگىتنىڭ باشقا قىزلار بىلەن كوچا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنىمۇ كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنداق قىلماسلىقنى ئۆتۈنسە، ئۇنداق قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قىز ئازابلىنىپ يىغلاپ، قىلغان ئىشىغا مىڭ پۇشايمان قىلىپ تۈگىشىپلا كېتىپتۇ. ئىلگىرىكى خىزمەت قىزغىنلىقىمۇ قالماپتۇ. بۇ دۇنيانىڭ رەڭدارى شۇنچىلىككەنغۇ، مەن ئەقىدە قىلسام، كىشىلەر شۇنچە بىۋاپاكەنغۇ، دەپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ،

www.uyghurkitap.com

تۈگىمەس خىيال ئۇنى چۇلغىۋاپتۇ. دوستۇم سىڭلىسىنىڭ مانا مۇشۇ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرۈپ، چىدىماي، ئازابلىنىپ ئالدىمغا دەرد تۆكۈپ بەرگىلى كەلگەنىكەن.

مەن ئۇنىڭغا سىڭلىسىنى نىمىشقا بۇ جەھەتتە چىنىق تۇتمىغانلىقىنى، ئوبدان تەربىيە بەرمىگەنلىكىنى، تەربىيەنى يۇرىكىگە سىڭدۈرمىگەنلىكىنى ئېيتتىم. دوستۇم بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئازابلانغان ھالدا:

— ۋاي دوستۇم، ئۇنى بىر دېمە، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، سىڭلىم بىزنىڭ ئۆينىڭ كىچىكى، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ چوڭ بولۇپ قالغاندا كۆرگەن ئارزۇلۇق بالىسى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئەركە چوڭ بولۇپ قالغان. نېمە قىلىمەن، دېسە قىلىپ بېرىپ، نېمە يەيمەن دېسە شۇنى يەپ كۆنۈپ كەتكەن. ئۇ بويىغا يەتكەندىن كېيىنمۇ قىزلار قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ قىلالمايتتى، قازان بېشىغا يېقىن يولاپمۇ قويمايتتى. ئۇنىڭ بىرەر كەمچىلىكىنى بىز ئېغىر ئېلىپ تەنبىھ بېرىپ تۈزەتمەكچى بولۇپ قالغۇدەك بولساق، ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىمىز ئارىغا كىرىپ بىزنى تەنقىدلەپ كېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ جىم بولۇپ قالاتتۇق.

شۇنىڭ بىلەن ۋاقىت ئۆتىۋەردى، چوڭ بولۇپ قالغاندا تەربىيە تېخىمۇ سىڭمەيدىكەن، بىز ئۇنى ئۇنداق يۇر، مۇنۇ ئىشلارغا دىققەت قىل، دەپ تەربىيە بەرسەكمۇ ئۇنىڭغا كار قىلمايتتى. تەربىيە سىڭمىگەچكە، سىڭلىم تېلېۋىزور، كىنولاردىكى رومانتىك تۇرمۇشقا بەك ھەۋەس قىلاتتى، چەت ئەللىكلەردەك ياشاشقا ھېرىس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تاپقان يىگىتىمۇ ھېلىقىدەك «مودا» يىگىت بولغانىدى. ئەنئەنە، ئۆرپ ـ ئادەت ئۇنىڭ نەزەرىدە ئادەم ئاۋارە قىلىدىغان، زامانغا لايىقلاشقان كىشىلەر رىئايە قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئارتۇقچە ئىشلار ئىدى.

مانا مۇشۇنداق بولغاچقا، سىڭلىم قىزلارغا خاس نازاكەت ۋە خۇلقتا، لاتاپەتكە، مېھرىبانلىقتا ئىگە ئەمەس ئىدى، قىسقىسى، قىزلارنىڭ ئەڭ مۇھىم قورالى بولغان پەزىلەت غۇنچىسى يۈرىكىدە ئېچىلمىغانىدى. گەرچە ھۆسن ـ جامالدا توشقان، يېشى چوڭايغان بىلەنمۇ، ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيەسى ئالغان، ئۆي ئىشلىرىغا پىشقان قىزلارغا قارىغاندا تولىمۇ خام، قىلچىمۇ تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق، سەبىي بىر قىز ئىدى. ھەتتا مۇھەببەتلىشىش دەرىجىسىگىمۇ توشمىغانىدى. مانا مۇشۇنداق يېتەرسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن ئۇ ئاسانلا ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆمۈرلۈك داغى ھەسرەتتە قالدى. ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەن ئۇنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ قىز بالىنى كىچىكىدىن ياخشى تەربىيىلەش ۋە پەزىلەت غۇنچىسىنى يۈرىكىدە ئېچىلدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىمكەن، دوستۇم.

ئەي قىز! پەقەت ۋە پەقەت پۈتكۈل ئەدەب ـ ئەخلاق، نومۇسنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى بولغان پەزىلەت گۈللىرىنى يۈرىكىڭىزدە ئېچىلدۇرغاندىلا، سىزنىڭ بەخت ـ سائادەت دەرۋازىڭىز كەڭ ئېچىلىدۇ، مۇشەققەتلەر ئاسانلىشىدۇ، پارلاق كەلگۈسىڭىز ئۈچۈن دادىل قەدەم تاشلىيالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يىگىرمە بىرىنچى ئەڭگۈشتەر

## ھەقىقىي خۇش پۇراق گۈل مانا مۇشۇنداق ئېچىلىدۇ

ئۇلۇغ شائىرىمىز ئەلىشىر نەۋائىي «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» دېگەن دىداكتىك ئەسىرىدە قىز - ئاياللار توغرۇلۇق مۇنداق دۇردانىلەرنى تىزغان: «كىتابلارغا يېزىلغان ياخشى ئاياللارنىڭ يۈز يىلدىمۇ بىرى ئانىدىن تۇغۇلماس، ئۇنداقلارغا يولۇققان كىشىگە تاج تەرك بولسۇن ۋە بۇ بەخت ئۇنىڭغا مۇبارەك بولسۇن، ئۇلارنىڭ تىللىرى ھەقنى سۆزلەيدۇ، دىللىرى ھەقنى كۈيلەيدۇ. ئىسلام ئالىملىرىغا ئۇلاردىن پايدا، ئۇممەت ۋە ئۇلارنىڭ نەپەسلىرىدىن ئەۋلىيالار مەنپەئەتدار. پەيغەمبەرلەرنى ئۇلارنى ماختىغۇچى دېسەك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ باشلىرىدا ئىپپەتنىڭ تارىدىن توقۇلغان رومallىرى بار، يۈزلىرىدە پاكلىق رەختىدىن راسلانغان چۈمبەللىرى بار». يۇقىرىقى قۇرلاردىن بىزگە كۆندەك روشەنكى، ئەلىشىر نەۋائىي تەسۋىرىدىكى ئاياللار ئوبرازى ئىپپەت - نومۇس ۋە پاكلىقنى قالقان قىلغان بولۇپ، پاك ۋە ئىپپەتلىك قىز - ئاياللارلا بۇ دۇنيانىڭ كۆركى ۋە ھايات قۇۋۋانچىسىدۇر. يەنە شەرق مۇتەپەككۇرلىرىدىن نىزامىي گەنجىۋى: «خۇلقۇڭ بىلەن جاھاننى ساز قىل!» دەپ خىتاب قىلىدۇ. بۇمۇ قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ گۈزەل خۇيلۇق، گۈزەل خۇلقلۇق بولۇشقا، مۇشۇ ئارقىلىق جاھاننىڭ ھاياتلىق تارىنى چېكىپ، يېقىملىق نەغمە - ناۋالار دۇنياسىغا ئايلاندۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى، شۇنداق ئۈممەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

كۇڭزى: «ئادەمدە مېھرىبانلىق بولمىسا قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ ئۇنىڭغا نېمە كېرىكى بار. ئادەمدە مېھرىبانلىق بولمىسا، مۇزىكىنىڭ ئۇنىڭغا نېمە كېرىكى بار» دەپ جايىدا ئېيتقان. مېھرىبانلىق ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، بولۇپمۇ دۇنيانىڭ جۇلاسى، ھاياتنىڭ قۇۋۋانچىسى ھېسابلانغان قىزلارغا تېخىمۇ مۇھىم. خۇددى فارابى بوۋىمىز ئېيتقاندەك: «روھى ساغلام بولمىغان ئادەملەر ھامان يامان ئىستەكلىرى ۋە ئادەتلىرى تۈپەيلىدىن بۇزۇلغان تەسەۋۋۇرلارغا، ئەخلاقسىز ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە قاراپ ھۇزۇرلىنىدۇ، شۇنداقلا گۈزەل قىلىقلارنى، ئىشلارنى ياقتۇرمايدۇ ياكى گۈزەللىكنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ»، شۇنداقلا بۇگۈنكى مۇشۇ بىر قاتار ئەخلاق چۈشكۈنلۈكلىرىگە ئوخشاش كۆز ئالدىمىزدىلا يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەلەرگە ئامال قىلالماي قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

قىزلىرىمىز ھازىر نېمىشقا تەبىئىي ۋە ھېسسىي گۈزەللىكنى ياقتۇرماي، سۈنئىي ۋە ئەقلىي «گۈزەللىك» كە ھەسەل كۆرگەن چۈمۈلىلەردەك ئۆزلىرىنى ئۇرۇشىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب زادى نېمە؟ ئەخلاق سېپىلى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان مۇشۇنداق بىر زاماندا، ئۈچۇرلاشقان دەۋردە، كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى كۆپىنچە پۇل ئۇستىگە قۇرۇلغان مۇشۇنداق شارائىتتا، تەبىئىي گۈزەللىك ۋە ساپ ھېسسىي تۇيغۇ بەرپا قىلىش ۋە شۇنداق مۇھىتتا ئەركىن ياشاش مۇمكىنمۇ؟... بىر ئېغىز سۆز بىلەن جاۋاب بەرگەندە تامامەن مۇمكىن! چۈنكى بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن يارامىلىق ئائىلار قولىدا ئەتراپلىق تەربىيەلەنگەن كىشىلەرنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشى، زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى، بۇ ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنىڭ قايسىسىنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەشكە زۆرۈر پايدىسى بار، قايسىسى

www.uyghurkitap.com

ئەكس تەسىر بېرىدۇ، بۇلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مۇشۇ ئاساستا پۇختا پىلان تۈزۈپ، شۇ بويىچە يېڭىچە روھقا ئىگە ياخشى تەربىيە ئالغان پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەپ چىقىش زۆرۈر. بۇ زۆرۈرىيەت ئورۇندالغاندىن كېيىن قىزلىرىمىزنىڭ پەزىلەت گۈللىرىنى يۈرىكىدە ئېچىلدۇرۇپ، مۇشۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ پاكلىقى، ئىپپەت - نومۇسلۇق بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئارقىلىق، مىللىي ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت دۇنياسىنى شەكىللەندۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ قېنىمىزدا مىڭ يىللار مابەينىدە چۆكمە بولغان قويۇق ئۆرپ - ئادەت گېنى بولغانلىقى ئۈچۈن، قىزلىرىمىزغا بۇ جەھەتتە كۆڭۈل بۆلمىگەنلا بولساق، بۇ ئارزۇيىمىزنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ روھىغا يۈز كېلەلەيمىز، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان دۇردانىلىرىغا ئەمەل قىلالايمىز.

مەن بىر قىزدىن بۇ ھەقتە سورىغىنىمدا، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى: «مېنىڭچە، بۇ توغرىسىدا ھەممە يۈكنى ئاتا - ئانىلارغىلا يۈكلەپ قويۇشقا بولمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئاتا - ئانىلىرىمىز پەقەت كىچىككىمىزدىن بىزنى ئەتراپلىق تەربىيەلەپ قاتارغا قوشسا، ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇشىمىزغا، بىلىم ئىگىلىشىمىزگە ئۇل سېلىپ بەرسە، ئېسىمىزنى تاپقاندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىمىزنى تەربىيەلەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىمىزنى يېتىلدۈرسەك، بۇنىڭ ئۈنۈمى ھەممىدىن يۇقىرى بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، چوڭ بولۇپ قالساقمۇ ئاتا - ئانىلىرىمىز يەنىلا بىزنى تەربىيەلەشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلسا، بىرىنچىدىن، بىز تەييارتاپ بولۇپ قالىمىز؛ ئىككىنچىدىن، ئاتا - ئانىمىز نەسىھەت يولى بىلەن ھېس قىلدۇرغىنىغا قارىغاندا ئۆزىمىز قانداق قىلساق ياخشى قىز بولغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپرەك ئويلانساق،

ئۆزىمىز بىۋاسىتە ھېس قىلساق، بۇنىڭ ئۇنۇمى نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن، دەيمەن. ئەمما بۇ جەرياندا ئاتا ـ ئانىلىرىمىز دائىم بىزگە يول كۆرسەتكۈچى بولمىسا، خاتا يولغا كىرىپ كېتىدىغان قىزلار يەنىلا كۆپ چىقىدۇ. قىزلىرىمىزنىڭ ھاياتلىقتا ئوينايدىغان رولى ھەقىقەتەن چوڭ، شۇنداقلا ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتىمۇ ئېغىر، ئەمما ئەخلاق ـ پەزىلەتتە يېتىلگەن، ئىرادىلىك قىزلارلا بولىدىكەن، بۇنداق قىيىنچىلىقلار ھامان ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق بولۇپ قالىدۇ».

بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى بۇ ھەقتىكى تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دېدى: «مەن تۆت قىز چوڭ قىلدىم ۋە يەنە ئوتتۇز يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن مەشغۇل بولدۇم. بۇ جەرياندا ھېس قىلغان ئەڭ چوڭ تەجرىبەم مۇنداق: بىرىنچىدىن، مۇمكىنقەدەر قىزلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ھەر جەھەتتىن ئوبدان، ئەتراپلىق تەربىيەلەش كېرەك. قىزلار باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگۈچىلىك (ئون بىر يېشىغىچە) ھەممە قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى قېنىغا سىڭدۈرۈۋېتىش؛ ئىككىنچىدىن، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ قىلغۇزۇپ ئۆگىتىپ، ئون بەش يېشىغىچە پىشۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى قىزنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا قانچىلىك جۇرئىتى بارلىقىغا قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، قىزلارنىڭ ئون يەتتە يېشىدىن ئون توققۇز يېشىغىچە بولغان ئارىلىقنى چىڭ تۇتۇش، بۇ چاغدا سىز تەربىيەلىگەن قىز گەرچە ئەخلاقلىق، قولى چېۋەرلىك ۋە تۇرمۇش بىلىملىرىدە پىشقان بولسىمۇ، ھېسسىيات جەھەتتىن پىشمىغان بولىدۇ، شۇڭا بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا ئوبدان كۆز ـ قۇلاق بولۇپ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تەربىيە بېرىپ تۇرۇش

ئارقىلىق كونترول قىلىپ تۇرۇش كېرەك. بۇ باسقۇچ ئۆتۈپ، قىزىڭىز ھەر جەھەتتىن ئوبدان تەربىيەگە ئىگە بولغاندىن كېيىن يەنى ئون توققۇز ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن سىز تولا ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالمىسىڭىزمۇ، تەربىيە گۈللىرىڭىز قەلبىدە ئېچىلىپ بولغان بۇ قىز ھەرگىز سىزنىڭ يۈزىڭىزنى تۆكىدىغان بىرەر ئىشنى سادىر قىلىپ قويمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك مۇڭدىشىپ، تۈيدۈرماي تەربىيە بېرىپ تۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىش كۇپايە قىلىدۇ. بۇنداق يېتىلگەن قىز ھەر قانداق كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىماي قالمايدۇ. ئادەتتە بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان 〈 پەزىلەت غۇنچىسى يۈرىكىدە ئېچىلغان قىز 〉 دېگىنىمىز دەل مانا شۇنداق يېتىلىدۇ ۋە بارلىققا كېلىدۇ».

قىزلار تەربىيەسى توغرىسىدا كۆپرەك ئىزدىنىۋاتقان بىر مۇتەخەسسىس مېنىڭ بۇ ھەقتە قويغان سوئالىمغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «بىز قىزلارنى دائىم گۈلگە ئوخشىتىمىز، ئەمەلىيەتتىمۇ قىزلار كىشىنى ئىنتايىن جەلپ قىلىدىغان گۈلگە ئوخشايدۇ، گۈلچى گۈلنى قانداق ئۆستۈرىدۇ؟ تاكى گۈلنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ، مايسا ۋاقتىدىن باشلاپ ئوبدان پەرۋىش قىلىش، كۈن بويى ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇش، ئۇنىڭ ناھايىتى كۆركەم، خۇش پۇراق، جەلپ قىلارلىق ئۆسۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. باغۋەنده ئەنە شۇنداق كاپالەتلىنىك قىلالايدىغان روھ بولغاندىلا گۈل ئەركىن ۋە ناھايىتى كۆركەم ئېچىلىشقا ئۆزىدە كۈچ ھازىرلايدۇ. مانا مۇشۇنداق مۇستەھكەم ئاساس تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن گۈل ناھايىتى خۇش پۇراق ئېچىلالايدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك دەرىجىگە يېتىدۇ. گۈل يېتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىغاندىمۇ ئۇ باغۋەن ھازىرلاپ بەرگەن كۈچ بويىچە ئۆز يولىنى تېپىپ ئىلگىرىلەپ كېتەلەيدۇ. مەن قىزلارنىڭ

تەربىيەلىنىشى توغرىسىدا كۆپ ئويلاندىم، كۆپ نەرسىلەرنى مۇلاھىزەمدىن ئۆتكۈزدۈم، ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىممۇ كۆپ. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارنىڭ قىز پەرزەنتىنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىمەسلىك ئەھۋالى بىزدە ئىنتايىن ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. ئىجتىھاتلىق باغۋەن روھى بولۇش ئۈچۈن، شۇنداق باغۋەنگە خاس ساپا ۋە ئىقتىدار بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىكەن. شۇندىلا خۇش پۇراق ۋە كۆركەم گۈلگە ئوخشايدىغان قىزلارنى ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈشكە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىقى بىلەن جاھاننى ئىللىقلىققا تولدۇرۇشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدىكەن».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىگىرمە ئىككىنچى ئەڭگۈشتەر

## «ئۇلۇغ ئانا» نىڭ يۈرىكى

ئەمدى مەن سىزگە بىر «ئۇلۇغ ئانا» نىڭ يۈرىكىنى تەقدىم قىلاي. بۇنىڭدىن قەلبىڭىز لەززەتلىنىپ، ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت ھەققىدە، بولۇپمۇ ئانىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت ھەققىدە كۆپرەك ئويلىنىپ، بۇ توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشىڭىزگە تۈرتكە بولۇپ قالار.

ئەينى يىللاردا شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» ناملىق چۆچەك ئاساسىدا يېزىلغان بىر شېئىر مەندە ئاجايىپ تەسىرلىك ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئويغاتقانىدى. مەن بۇ ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ قۇچىقىدىن تېخىچە ئۆزۈمنى تارتىۋالالىغىنىم يوق. ئەمدى بۇ گۈزەل تۇيغۇلىرىمنى ئېلىپ سىلەر بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەلدى:

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تەكلىماكاننىڭ بويىدا بىر ئاۋات ئەل بولغانىكەن، بۇ ئەل پادىشاھىنىڭ بۇ دۇنيالىقتا بىرلا قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالدا تەڭدىشى بولمىغاچقا ھەم تەخت ۋارىسى بولغاچقا، تەرەپ ـ تەرەپتىكى شاھزادىلەردىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ يىگىت تاللىشىنى ئۆزىگە قويۇپتۇ. مەلىكە كەلگەنلىكى ئەلچىلەرگە ئورۇندىيالمايدىغان ئېغىر شەرتلەرنى قويۇپ قايتۇرۇپتۇ. شۇ شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر مەھەللىدە بىر تۇل ئايالنىڭ مەرگەن

بىر ئوغلى بار ئىكەن. بۇ يىگىت بىر كۈنى جاڭگالدا ئوۋ ئوۋلاۋېتىپ، تۇيۇقسىز شىكارغا چىققان مەلىكىگە ئۇچراپ قاپتۇ ۋە شۇ يەردىلا ئاھ ئۇرۇپ مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ يىگىت ئاھتىن يالقۇن چىچىپ پەرياد چېكىپ يۈرۈپتۇ. قېرى ئانىسى ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. يىگىت بولغان ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئانىسى قايغۇرغان ھالدا: «ئوغلۇم، شەھىرىمىزدە ياخشى قىزلار شۇنچە تولا، شۇلاردىن بىرىگە ئۆيلەپ قوياي، شاھ قىزىنىڭ گېپىنى قىلما» دەپتۇ. يىگىت تولا يىغلاپ زادىلا گەپكە كۆنمەپتۇ. «ئانا، مەلىكىگە ئەلچى بولۇپ بەرسەڭ، قۇربانىڭ بولاي جېنىم ئانا!...» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. ئانىسى بىچارە ئوغلىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ بىچارە ئانا كالىچىنى سۆرەپ بېرىپ ئۇدا ئۈچ كۈن ئوردا ئالدىنى سۈپۈرۈپتۇ ۋە خىزمەتكارلار ئارقىلىق دادىنى شاھ قىزىغا يەتكۈزۈپتۇ. مەلىكە مەسخىرە تەلەپپۇزىدا: «شۇ ئوغلىڭىزنى ئېلىپ كېلىڭ، مەن بىر كۆرەي» دەپتۇ. ئانىسىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يىگىت ئاشىقى بىقارار ھالدا مەلىكىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. مەلىكە يىگىتنىڭ ھالىنى كۆرۈپ: «ئەي بىچارە يىگىت، ئاڭلىسام ماڭا ئاشىق بوپسەن، مېنىڭ شەرتىم بەك ئېغىر، تويلۇقۇمغا كۈچۈڭ يەتمەسمىكىن» دەپتۇ. يىگىت قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ ئورۇندايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. «ئەمىسە، ھازىرلا ئاناڭنى ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىنى ئىسسىق پېتى ئېلىپ كەلسەڭ، تەلىپىڭگە ماقۇل بولاي» دەپتۇ مەلىكە. يىگىت ئوردىدىن پەرىشان ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ، ئانىسى ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. يىگىت بولغان ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. «جان بالام، غەم يېمىگىن، سەن ئۈچۈن جېنىم پىدا، ئەگەر مۇرادىڭ ھاسىل بولىدىغانلا ئىش بولسا، مېنىڭ بىر

ئەمەس، مىنىڭ بىر يۇرتىم ساڭا تەسەددۇق بولسۇن» دەپتۇ ئانىسى. شۇ چاغدا بارچە كائىنات ھەم مەخلۇقات يىگىتنى تىلىمە قىلاركىن، دەپ كۈتۈپ جىم تۇرۇپتۇ. ئاشىقلىق ئەقلىدىن ئازدۇرغان بۇ يىگىت قولىغا پىچاقنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، شۇ زامان بوران چىقىپ، يەر سىلكىنىپ، چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، يامغۇر دەھشەتلىك يېغىپ كەتسىمۇ، بۇ قاتىل پەيلىدىن يانماپتۇ. شائىر بۇ مەنزىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ياغسىمۇ دەھشەت يامغۇر كەينىدىن،
شۇندا ھەم يانماي ئۇ قاتىل پەيلىدىن.
ئاخىر قانلىق يۈرەكنى سۇغۇرۇپ،
ئوردىغا ئوقتەك ئۇچۇپتۇ يۈگۈرۈپ...
دۈم چۈشۈپتۇ پۇتلىشىپ يولدا بىراق
ھەم يۈرەك ئىرغىپ چۈشۈپتۇ نېرىراق.
شۇندا چوغدەك قىزىرىپ ھەم نۇر چېچىپ،
پارقىراپ تۇرغان يۈرەك ئېغىز ئېچىپ،
دەپتۇ: «جان باغرىم، جېنىم، ئالتۇن قوزام،
بىر يېرىڭ ئاغرىدىمۇ جېنىم بالام؟»
بۇ يۈرەكتىن ئۇرغۇغان ئۇشبۇ سادا ـ
دىن شۇئان تەسىرلىنىپ ھەتتا خۇدا،
ئانىلىق مېھرى ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ،
شۇم ئەجەلنىڭ نۆۋەتىن ھەم رەت قىلىپ،
ئورنىغا سالغاچ يۈرەكنى قايتىدىن،
ئانا ھەم دەرھال تۇرۇپتۇ جايىدىن.

شۇنداق قىلىپ، ئاشىقلىق ئەقلىدىن ئازدۇرغان بۇ قارا نىيەت

يىگىت قىلغان ئەخمەقلىقىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ يىغلاپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ نالىسىنى ئاڭلايدىغانغا ئادەم چىقماپتۇ...

ئانىنىڭ بۇنداق پىداكارلىق روھى ۋە ئۇنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغلۇقى بىزنى قانچىلىك تەسىرلەندۈرىدۇ ـ ھە! نۇرغۇن ئانىلار مانا مۇشۇنداق قۇربان بېرىش روھىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق پەرزەنتلەرنى ئۈنسىز تەربىيەگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى كېلەچەكتە ياراملىق ئادەملەردىن قىلىپ يېتىلدۈرۈشكە كۈچلۈك ئاساس سالالىغان.

بۇ «ئۇلۇغ ئانا» نىڭ يۈرىكى بىزگە ئاتا قىلغان ئۇلۇغلۇق سېزىمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. بۇ چۆچەكنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، بىزنىڭ قىزلىرىمىزمۇ كەلگۈسىدە ئانا بولىدۇ، ئۇلاردىمۇ ئەنە شۇنداق «ئۇلۇغ ئانا» دەك ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىقنىڭ بولۇشى، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ ياراملىق، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى مۇستەھكەم ئىرادە ۋە روھىي قورال بىلەن تەمىنلەيدۇ. «ئۇلۇغ ئانا» نىڭ يۈرىكىنىڭ چوغدەك يانغان ھەم نۇرلانغان ھالەتتىكى پۈتۈن ئالەمنى نۇرغا تولدۇرىدىغان مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا دائىم گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغانلا بولسا، بۇ دۇنيا نەقەدەر ئىللىقلىققا، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولۇپ كېتەتتى ـ ھە!

پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا ئېتىراپ قىلىنغان، سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ توپلىمى بولغان «سەھىھۇل بۇخارى» دىكى بىر ھەدىستە: بىر كىشى رەسۇلۇللانىڭ يېنىغا كېلىپ، «يا رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللا: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ كىشى: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللا: «ئاناڭ»

www.uyghurkitap.com

دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ كىشى: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللا: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ كىشى: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللا: «ئاندىن قالسا ئاتاڭ» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان. ئانىنى هۆرمەتلەش ئىنساننى ئەڭ ئالىي مەرتىۋە ۋە مۇكاپات بولغان جەننەتكە باشلايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېگەن هەدىس ئانىغا بولغان ئىززەت ـ هۆرمەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئۆرنىكىنى ياراتقانىدى... ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ئايال ــ «قۇرئان كەرىم، هەدىسلەردە كۆرسىتىلگىنىدەك بېقىش، ياخشى ئوقۇتۇپ تەربىيەلەش ئەجرى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان قىزدۇر». ئىمام ئىبنى هەببان رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمنىڭ ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ هەمشىرىسى بولۇپ، ئۇلارنى ئوبدان تەربىيەلەپ، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، تويىنى قىلىپ چىقارسا، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ». ساهابىلەر: «ئى رەسۇلۇللا! ئەگەر ئىككى قىزى ياكى ئىككى هەمشىرىسى بولسىچۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇخشاشلا جەننەتكە كىرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا هەر دائىم مۇنداق تەلىم بېرەتتى: «ئاياللارغا كۆيۈنۈڭلار هەم ئۇلارنى هۆرمەتلەڭلار، ئاللا بىزنى ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئانىمىز، قىزىمىز هەم هەمشىرىلىرىمىز». ئاياللارنى هۆرمەتلەش، قوغداش ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار توغرىسىدىكى پۈتكۈل كۆزقاراشلىرىنىڭ ئاساسىدۇر. ئىسلام دىنى نەزىرىدىكى ئايال ــ ياراتقۇچى ئاتا قىلغان ئاياللىق تەبىئىتىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت بىلەن ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشقۇچى، جەمئىيەتنى تۈزگۈچى ۋە ئىسلاھ قىلغۇچى جەمئىيەت

ئەزاسىدۇر (نەزىرە مۇھەممەد سالىھ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ»).

هالبۇكى، بىزنىڭ قىزلىرىمىزدا شۇنداق ئانا بولغۇدەك شەرتلەر هازىرلاندىمۇ - يوق؟ قارايدىغان بولساق، ئەنئەنە تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىشى كۆچلۈك بولمىغان، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشنى بىلمەيدىغان، قازان بېشىغا يېقىن يولاشتىن قاچىدىغان ئانىلار ناهايىتىمۇ كۆپ، مانا مۇشۇنداق بەزى ئانىلارنىڭ ئۆلاردىنىمۇ بەتتەر ئائىلە ئىشلىرىغا كاج، غەربچە رومانتىك تۇرمۇشقا جان - تېنى بىلەن ھەۋەس قىلىدىغان، قازان بېشىنى ئۇقمايدىغان قىزلىرى هازىر چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى بىپەرۋالىقى، ئىشلارغا كۆڭۈلشىمەسلىكى، تەييارتاپلىقى بىزنى چوقۇم چۆچۈتۈشى كېرەك ئىدى، ئەمما بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە چېتىلىدىغان بۇ مەسىلىگە سەل قارىماقتا، ئەتىلا كېلىدىغان مۇدھىش ئىشلارنىڭ، نۇرغۇن ئائىلە پاجىئەلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان قىلمىشلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا، مەسئۇلىيىتىنى بەجا كەلتۈرمەكتە يوق، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن باش تارتماقتا.

مەلۇم بىر گېزىتتە دېيىلىشىچە، مۇخبىر ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا، بىر ياش ئانىنىڭ سۆزىدىن هەيران قالغان. ئۇ ئانا: «قىزىمنى كىچىكىدىن باشلاپ ئائىلە ئىشلىرىغا ئۆگەتمىگەنىدىم، بۇ يىل ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى، كىيىم - كېچەكلىرىنى قانداق يۇيۇپ كىيەر، دەپ بەك ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن» دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان بىر ياشانغان ئايال: «ۋاي سىڭلىم، قىزىڭىزنى بەك ئوبدان ئۆگىتىپسىز، بولسا كىر كىيىملىرىنى هەر هەپتىدە سىزگە ئەۋەتىپ بېرەر»

دەپ تەنە قىلغان. بۇ قارىماققا ئاددىي گەپتەك قىلغىنى بىلەن، ناھايىتى چوڭقۇر مەزمۇننى، ئىككى دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئانىلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى، پەرزەنت تەربىيەلەش جەھەتتىكى قاراشلىرىنى، پەرزەنتكە نېمىلەرنى ئۆگىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، نېمىنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىنىڭ دەۋرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئانىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە قانداق ئۆزگىرىش ياساۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. دېمەك، ئانىلىرىمىز قىزلىرىغا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش، تاماق ئېتىشنى ئۆگىتىشتىن ئۆگەتمەسلىككە يۈزلەنگەن، بويىغا يېتىپ قالغان بەزى قىزلار ھەتتا ئۆزىنىڭ كىيىمىنىمۇ يۇيۇپ كىيىشنى بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان! توي قىلغىنىغا ئىككى يىل بولغان بىر ئايالنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ بىر قېيىنسىڭلىسى بار بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، ئائىلە ئىشلىرىنى زادىلا قىلالمايدىكەن. قىزنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدىكەن، ھەتتا ئانىسى قىزىنىڭ ۋېلىسىپىتىگە يەل ئۇرۇپ، قەلىمىگە سىياھ ئىچۈرۈپ بېرىدىكەن. مانا مۇشۇنداق قىزلار كەلگۈسىدە ئانا بولىدۇ، ئەمما ئۇلاردا ئانا بولۇشقا، پەرزەنت تەربىيەلەشكە نىسبەتەن ھېچقانداق تەييارلىق يوق، ئۇلار ئانا بولۇشقا لايىق ساپا يېتىلدۈرمىگەن. يەنە تەكىتلىسەك يامان كەتمەيدۇكى، قىزلار مەيلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرسۇن ياكى ماگىستىر، دوكتور بولۇپ كەتسۇن، خىزمەت ۋە تەتقىقاتتا قانچىلىك دەۋر بۆلگۈچ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمىسۇن، ئۇ ئاخىر كېلىپ يەنە ئانا بولىدۇ، تۇرمۇش قايىنىمىغا چۆكىدۇ، پەرزەنتلىك بولىدۇ، ئائىلىنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرى ئۇلارنىڭ بېشىدىنمۇ ئۆتىدۇ. شۇڭا ئۆي تۇتۇش، تۇرمۇشتا بەختلىك بولۇش ئۈچۈن، ئۇ چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى قىلالىشى، تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتەلىشى، بالىسىنى باقالىشى كېرەك.

ئۆينى ھەرگىز تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق تولۇق كەتكىلى بولمايدۇ. مانا بۇ بىزگە ئايان پاكىت. شۇڭا، قىزلار كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆي تۇتۇشقا ماھىر، ئانا بولۇش تەييارلىقى بار، چىۋەر بولۇشنى ئۆگىنىشى ئىنتايىن مۇھىم. مانا مۇشۇ شەرتلەر ھازىرلانغاندىن كېيىنلا «ئۇلۇغ ئانا» بولغىلى، «ئۇلۇغ ئانا» نىڭ يۈرىكىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا يارىتقىلى بولىدۇ.

بۇ دۇنياغا قىز بولۇپ تۇغۇلغان ھەربىر ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتىدە مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىقنىڭ ئېلېمېنتلىرى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، ھەتتا ئانىلارغا خاس خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئاساسىي شەرتلىرىنىڭ ھەممىسى ۋۇجۇدىغا جەملەنگەن بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، قىزلارنى كىچىكىدىنلا مۇشۇ مېھرىبانلىق تەرەپكە قارىتىپ تەربىيەلەش ۋە بۇ كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈش پەقەتلا تەربىيە مەسىلىسى، شارائىت مەسىلىسى، ئىجتىمائىي مۇھىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت. قىزلار تۆرىلىشىدىنلا قىزغىن، مېھرىبان، كۆيۈمچان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ ھەر خىل بولۇشى، ئىنسان تەبىئىتىگە يات، ناچار تەسىر ۋە ئۇنۇم پەيدا قىلىدىغان، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان تەربىيە ئۇسۇلى ۋە ئامىللارنىڭ كۆپلەپ مەۋجۇت بولۇشى تۈپەيلىدىن، ھەر خىل خاراكتېر، مىجەزلىك قىزلار ۋە ئانىلار مەيدانغا كېلىپ قالغان بولۇشى، ئەسلىي «ئۇلۇغ ئانا» نىڭ يۈرىكىدەك مېھرىبان يۈرەكلەر رەزىللىك ۋە خاتا تەربىيە نەتىجىسىدە ئەسلىي تەبىئىتىنى يوقاتقان بولۇشى ھەم مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزلىرىمىزدىكى ئۆز تەبىئىتىدىن ياتلىشىش ھادىسىلىرى پۈتۈنلەي ئالدى بىلەن ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىنى بەلگە قىلىپ، ئاندىن پۈتۈن جەمئىيەت خاراكتېرلىك بۇزۇلۇشقا يۈز تۇتۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مانا بۇمۇ قىزلىق خاراكتېرنى جايىدا جارى

قىلدۇرماسلىق ۋە قىزلارنىڭ ئەسلىدە يۇمران ۋە كۆيۈمچان بولغان يۈرىكىنى كېرەكسىز نەرسىلەر بىلەن تولدۇرغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر. ئەگەر بىز قىزلارنى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سېھىرىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش يولى بىلەن تەربىيەلىگەن بولساق، قىزلار تائىپىسىدىن قىزلارنىڭ شەنىنى بۇلغايدىغانلار ناھايىتىمۇ ئاز چىققان، بۇ دۇنيا مېھىر – مۇھەببەت دۇنياسىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى. مىڭ ئەپسۇسكى، بىز بۇنى ناھايىتى كېچىكىپ چۈشىنىپ يەتتۇق. شۇنداقتىمۇ بىزگە شارائىت يەنىلا بار، قىزلىرىمىزنى ئەتراپلىق تەربىيەلەشكە يەنىلا قۇربىمىز يېتىدۇ، قىزلىرىمىزنىڭ مېھرىبانلىقى يېقىن كەلگۈسىدە يەنە ئاپتاپ جامالىنى بىزگە چوقۇم كۆرسىتىدۇ.

ئەي بەختلىك قىز! بىزگە ئەنە شۇنداق پاك، مەسۇم، ئۆزىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، «ئۇلۇغ ئانا» بولۇشقا لايىق قىزلار، «ئۇلۇغ ئانا»غا ئوخشاش ساپ قەلبكە ئىگە دادىل ۋە جەسۇر، قۇربان بېرىش روھى كۈچلۈك، ئۆزىنىڭ ئاپتاپ مەسەللىك مېھىر – مۇھەببىتى ئارقىلىق دۇنيانى ئىللىقلىققا پۈركىگۈچى ۋە بۇ ئەڭگۈشتەرگە ئېرىشكۈچى قىزلار تولىمۇ كېرەك.

يىگىرمە ئۈچىنچى ئەڭگۈشتەر

## سىپايە يۈرۈش - تۇرۇش ۋە يارىشىملىق ئۇيغۇر قىزىغا خاس كىيىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش

ئۇيغۇر قىزىغا خاس سىپايە يۈرۈش - تۇرۇش ۋە كىيىنىش ئادىتىنى قانداق شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا بۇ جەھەتتە ئۇنۇملۇك چارە قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ خاسلىقى، ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنىۋىلىكنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرگىلى بولىدۇ؟

مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىپايە يۈرۈش - تۇرۇشنى كىچىكىدىن قىزلىق خاراكتېر ئۈستۈن، ئۆزىدە لىۋەنلىكنى شەكىللەندۈرگەن قىزلار ئاساسەن چوڭ بولۇش جەريانىدا ئاپىسىدىن، قولۇم - قوشنىلىرىدىن ۋە تونۇش - بىلىشلىرىدىن ئۇنسىز تەربىيە شەكلىدە قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆگىنىدۇ. ئەمما، ئاممىۋى سورۇنلاردىكى، مېھمان كۈتكەندىكى، ھەرخىل ئاممىۋى پائالىيەتلەردىكى يۈرۈش - تۇرۇشنى شۇ قىزنىڭ ئۆزى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنمىسە، شۇنىڭغا ماسلاشمىسا، كۆنۈكمىسە، ھەرگىزمۇ بىردەمدىلا ئۆگىنىۋالغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزلار بۇ جەھەتتە كەلگەندە كىچىكلەر چوڭلاردىن، تەجرىبىلىكلەردىن، سورۇن كۆرگەنلەردىن ياكى مۇشۇ ساھەدە يۇقىرى مەلۇماتى بارلاردىن ئۆگىنىش شەكلى بويىچە ئوبدان تەربىيە ئېلىشى تولىمۇ زۆرۈر. سىپايە يۈرۈش - تۇرۇش زامانغا

خاس ئۇيغۇر قىزى بولۇشتا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، قىزلىرىمىزنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

ئۇلۇغ خەلقىمىزدە ئۇياتلىق ھامىيسى، ھايا ساھىبى دەپ ئەتىۋارلاپ كەلگەن قىزلىرىمىزغا ئائىلە تەربىيەسىدە سىپايە بولۇش مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، شۇنداقلا سىپايە بولۇشنىڭ ئۆلگىلىرىنى قەدەمدە بىر مىسالغا ئېلىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، كاللىسىغا قۇيۇپ، بويىغا يەتكۈچە ۋە بەلكى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچىلا سىپايە بولۇشقا دائىر تەربىيەلەرنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈپ بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئائىلە تەربىيەسى ياخشى بولغان ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرى بويىغا يەتكۈچىلىك يۈرۈش - تۇرۇش، سالام - سەھەت ۋە باشقا تەرەپلەردىن سىپايىلىشىپ خەقلەرنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك، «ئەجەب سىپايە قىزكىنا» دېگۈدەك ھالغا يېتىدۇ. قىزلارنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشى، ھاياتلىق پائالىيىتى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ سىپايىلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مەن بۇ يەردە قىزلىرىمىزنى سىپايە بولۇش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر قىزىغا خاس يارىشىملىق كىيىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە دەۋەت قىلماقچىمەن. ھازىر قىزلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان، سىپايىلىقىنى يېپىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ بىرى يارىشىملىق كىيىنمەسلىك، بولۇپمۇ ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس، ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى بويىچە كىيىنمەسلىك بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن ئالساق، ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ كۆزىگە تىزى يىرتىق كاۋبوي ئىشتان كىيگەن، چېچى بىرەر غېرىچ كېلىدىغان ۋە چېچىنى ھەر خىل بوياپ قويۇۋەتكەن، بېغى ئۇزۇن سومكىسىغا ساڭگول - سۇڭگول

نەرسىلەرنى ئېسىۋالغان، كۆرۈنۈشى غەلىتە، «مودا» ياسىنىۋالغان بىر ئۇيغۇر قىز، ئالدىمىزدا ھەر قانچە سىپايىلىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ بىزنىڭ كۆزىمىزگە سىپايە كۆرۈنمەيدۇ، بەلكى دېسكوچى، گىلدىڭ كۈلىچى يەۋېلىپ دېسكوخانىدا بىر نەچچە سائەت بېشىنى گىلدىڭلىتىپ دېسكو ئويناپدىغان قىزلاردەك ۋە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىشلارنى قىلىدىغان قىزلاردەك تۇيغۇ بېرىدىغانلىقى ئېنىق. بۇنداق دېيىش ئارقىلىق مەن قىزلارنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپلا ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەكچى ئەمەسمەن. ئەمما، چوڭقۇرلاپ ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، بىر كىشىنىڭ كىيىنىشىمۇ شۇ كىشىنىڭ خاراكتېرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنمەسلىككە ئاساسىمىز يوق. يەنە ئويلاپ كۆرەيلى، تېقىمىغىچە چاچ قويغان، يارىشىملىق چاپان ـ يوپكا كىيىپ پايپاق تارتقان، بويىنىغا ياغلىق سېلىۋالغان بىر قىز ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىنى تاقىلدىتىپ، ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن كېلىپ بىزگە مۇئامىلە قىلسا، ئۇنىڭ ئانچە ـ مۇنچە قىلىپ قويغان سىپايىلىقى كۆزىمىزگە چوڭ كۆرۈنۈپ كېتىپ، ھۆرمەت تۇيغۇمىزنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋېتىدۇ. مانا مۇشۇ پاكىتلاردىنلا بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئۆزىگە خاس ياسىنىش ئادىتى بويىچە يارىشىملىق كىيىم كىيىپ، سىپايە بولۇشىنىڭ بىر ـ بىرىدىن نەقەدەر ئايرىلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس.

20 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇش بىلەنلا ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. نەتىجىدە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ كىيىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەم زامانىۋىلىققا ماسلاشقان، ھەم ئەنئەنىۋىلىكنى ساقلاپ قالغان ھالەتكە كەلدى. بىز چىرايىغا قارىماي، كەينىدىن

كىيىم ـ كېچىكىگە قاراپمۇ، ئالدىمىزدا كېتىۋاتقان بىر قىزنىڭ ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايتتۇق. ھالبۇكى، يەنە ئون يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە قىزلىرىمىزنىڭ كىيىنىشىدە بىردىنلا زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن ئۇيغۇرنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ئىزناسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن قىزلىرىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. كىيىم ـ كېچەكنىڭ قانداق بولۇشى روھىي كەيپىياتقىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېگەن ھۆكۈم بۇ يەردە توغرا بولۇپ چىقتى. قىزلار روھىي دۇنياسىنىڭ بۇنداق تېز ئۆزگىرىشى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىز ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئىقرار قىلماي تۇرالمىدۇق. مىللىي ئەخلاقنىڭ مەلۇم دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىشى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە سۇسلىشىپ كەتكەنلىكىمۇ بىر جەھەتتىن ئالغاندا ئۆزىمىزگە خاس كىيىم ـ كېچەكلەرنى قىزلىرىمىزنىڭ ئۆچىسىدىن تاپقىلى بولمايدىغانلىقى بىلەنمۇ بىۋاسىتە باغلىنىشى بار. شۇڭا، ئەقىللىق قىزلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بار، دەپ ھۆكۈم قىلساق خاتالاشقان بولمايمىز.

ئەي قىز! ئەتلەس كۆڭلەك بىلەن گىلەم دوپپا سىزنىڭ سەرۋى قامىتىڭىزگە نەقەدەر يارىشىدۇ ـ ھە! ئۇنىڭدىن باشقا خەلقىمىزنىڭ تۆت پەسىلگە لايىق خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى نېمىدېگەن كۆركەم ۋە سىپتا ـ ھە! پەقەت سىز قاتارلىق قىزلار ئۇنى سەرۋى قامىتىڭىزگە ئارتمىغاچقىلا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەھنە كىيىمى بولۇپ، يەنە بەزىلىرى تاشلىنىپ قالماقتا. بۇ كىيىملەرنى كىيسىڭىز سىز ھەرگىز مەتو ياكى

سەھەرالىق تومپاي بولۇپ قالمايسىز، بەلكى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، سىپايىلىشىپ كېتىسىز ۋە ئۆزىڭىزنى ناھايىتى روھلۇق ھېس قىلالايسىز.

كىيىم ـ كېچەك ئىگىلىكى ھازىر دۇنيادا ئاجايىپ زور يوشۇرۇن بازارغا ۋە پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە كەسىپلەرنىڭ بىرى. كىيىم ـ كېچەك لايىھەلىگۈچىلەرنىڭ رەڭگارەڭ كىيىملىرى ۋە ئىجادىيەتلىرىنىڭ مەنبەسىمۇ دەل قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئۈستۈن خەلقلەرنىڭكىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، شۇنىڭغا زامانىۋىلىق پۇرىقىنى قوشۇپ، ئۇنى بەدەنگە تېخىمۇ لايىقلاشتۇرۇپ لايىھەلىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەندۇر. ئەگەر بۇ كىيىملەرنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى بولمىغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئىستېمال مىقدارىمۇ تۆۋەن بولغان بولاتتى. ھازىر كاستۇم ـ بۇرۇلكا، ياقىلىق كۆڭلەك ۋە گالستۇك ئەرلەرنىڭ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە كىيىمىدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، كاستۇم ـ يوپكا، ئۇزۇن پايپاق قىز ـ ئاياللارنىڭ دۇنياۋى كىيىمى بولۇپ قالدى. ئەمما، بۇ كىيىملەرمۇ ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ ھەم زامانىۋىلاشقان، ھەم ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر پۇرىقى كۈچلۈك كىيىم ـ كېچەكلەرنى لايىھەلەپ بازارغا سېلىش دولقۇنى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە شۇ بويىچە نۇرغۇن كىيىم نۇسخىلىرى بارلىققا كېلىپ خەلقىمىزنىڭ ياقتۇرۇپ كېيىشىگە سازاۋەر بولغانىدى. زامانىۋى پاسوندا تىكىلگەن ئەتلەس كۆڭلەك بۇنىڭ روشەن ئىپادىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل ئەرەنچە ۋە ئايالچە دوپپىلار، باشقا كىيىم تۈرلىرىمۇ بىر قۇر كىشىلەرنىڭ ئۇچىسىغا چىققانىدى. مۇشۇ ئىككى يىلدىن بۇيان

يەنە «ئىلچى» ماركىسى ئاستىدا ئەنئەنىۋى كانۋاي كۆڭلەكنى زامانغا لايىقلاشتۇرغان كىيىم ئىشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشتى. ئۇلارغا نىسبەتەن بۇ تېخى بىر باشلىنىش بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ قىزلىرىمىزغا يارىشىدىغان كىيىملەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە بازارنى تېخىمۇ كەڭ ئاچىدىغان نۇرغۇن پىلانلىرى بولۇشى مۇمكىن.

دېمەككى، ئۇيغۇرنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولغان بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئاسان يوقىلىپ كەتمەيدۇ ھەم ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمما تەھدىتكە ئۇچرىغانىكەن، چوقۇم بۇ توغرىسىدا ئويلىنىشلار ۋە بەس - مۇنازىرىلەر يۈز بېرىدۇ. «ئىلچى» ماركىلىق كۆڭلەكلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە قىزغىن قارشى ئېلىنىشىدىمۇ بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرىمىزگە زامانىۋى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تەھدىت سېلىشىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ يەنىلا چوڭقۇر يىلتىزى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بەزى قىزلىرىمىزنىڭ ئۇچىسىدىكى غەلىتە كىيىملەرنىڭ دەۋران سۈرۈشىمۇ ۋاقىتلىق بولۇشى مۇمكىن، بۇ كىيىملەرمۇ يېقىن كەلگۈسىدە ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ يۇقىرى تېخنىكىدا بىرلەشتۈرۈلگەن كىيىم - كېچەكلەرگە ئورۇن بېرىشى مۇمكىن. بىزنىڭ ئۈمىدىمىزمۇ ھەم شۇ.

نۇرغۇن جايلارنى كەزگەن، چەت ئەلنى بەش يىلدىن ئارتۇق كېزىپ كەلگەن بىر تونۇشۇم بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ مۇڭدىشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان

چىغىمدا چوقۇم ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچىنىڭ، ئۆزىنى بەش ـ ئالتە يىلدىن بېرى قانداق مەست قىلغانلىقىنى، بۇ يەرگە قايتىپ كېلىپ قانداق پۇشايمان قىلغانلىقىنى سۆزلەپ كېتىدىغۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان چېغىمدا ئىش مەن كۈتكەندىكىدەك بولمىدى.

«دوستۇم، كۆزۈمگە سەنلا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ يۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىسەن، — دېدى ئۇ يۈرىكىدىن چىقىرىپ، — مەن ۋەتەنگە قايتقاندىن بېرى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن، ئەلۋەتتە ئەر ـ ئاياللارنىڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا ۋە كاستۇم ـ يوپكىسى ياۋروپا ئەللىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئومۇملاشقان، ئەمما مەن كۆزىتىش جەريانىدا بىلىپ قالدىمكى، ئەنگلىيە دەمسەن، فىرانسىيە دەمسەن، يەنىلا ئۆزلىرىگە خاس كىيىنىش ئادىتى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى بار ئىكەن. ئۇلار مىللىي بايراملىرىدا ۋە دىنىي مۇراسىملىرىدىلا مۇشۇنداق كىيىملىرىنى كىيىپلا قالماي، بەلكى ئادەتتىكى چاغلىرىدىمۇ كىيىپ يۈرىدىكەن. ياۋروپا دۆلەتلىرىنى چۆشەنگەن، كۆرگەن ئادەمگە نىسبەتەن كوچىدا كېتىپ بارغان ئەر ياكى ئايالنى ماۋۇ فىرانسۇزكەن، ماۋۇ ئىنگلىزكەن دەپ ئايرىۋالغىلى بولىدىكەن. ياۋروپانىڭ كىچىك ـ كىچىك دۆلەتلەرگە ئايرىلىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ۋە ئادەتلىرىمۇ بەك ئالاھىدە پەرقلىنىپ كەتمىسىمۇ، ئۆزگىچە پۇراقتا ئىكەن» دېدى ۋە تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: «مەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تولىمۇ ھەيران بولۇپ كەتتىم. كاۋبوي ئىشتاننىڭ ئىجادچىلىرى ياۋروپالىق ۋە ئامېرىكىلىقلار بولسىمۇ، ئۇلار بۇ كىيىمنى ئۇ قەدەر ئارزۇلاپ كىيىپ كەتمەيدىكەن. پەسىلگە قاراپ، ھاۋارايى ئۆزگىرىشىنىڭ

ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ۋە ساياھەتكە چىققاندا قولايلىق ھەم چاققان بولۇش ئۈچۈنلا كىيىدىكەن. ئەمما، بىزنىڭ ياشلىرىمىز مىنىڭچە بۇ كىيىملەرنى ياۋروپالىقلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە ياقتۇرۇپ كىيىدىكەن. مەيلى ھۆپ ـ ھۆپ ئىسسىق ياكى جاڭ ـ جاڭ سوغۇقتا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدىن كاۋبوي كىيىم ـ كېچەكلەر چۈشمەيدىكەن. تومۇز ئىسسىقتا كاۋبوي ئىشتان كىيىشنىڭ نېمە ھاجىتى، جاڭ ـ جاڭ سوغۇقتا بۇ كىيىمنى كىيىشنىڭ يەنە نېمە ھاجىتى؟ كۆز ۋە ئەتىياز پەسلىدىلا كىيىشكە ماس كېلىدىغان كىيىم بۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق كىيىملەرنىڭ، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ كىيىدىغانلىرىنىڭ شۇنچىلىك چاكىنىلىشىپ كەتكەنلىرىنى نېمە دېگۈلۈك؟»

ئۇ بىردەم كۆپۈپ سۆزلىدى، بەش ـ ئالتە يىل ئىچىدىلا كىيىم ـ كېچەكتە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا چۈشىنەلمەي قالغانلىقىنى، زادى نېمىنىڭ تەسىرىدىن مۇشۇنداق بولغانلىقىنى بىلىپ يېتەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

چەت ئەلدىكى چېغىمدا مېنىڭ بىلەن دوست بولغانلار ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ قانداق كىيىنىدىغانلىقى ۋە ياسىنىدىغانلىقى توغرىسىدا سوراپ كەتسە، مەن ئۇلارغا ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك كىيىپ، ئۆزىمىزگە خاس كىيىنگەن قىزلىرىمىز، ئاياللىرىمىز توغرىسىدا سۆزلەپ بېتىپتىكەنمەن. ئەمما، ئۆتكەن يىلى بۇ يەرگە كەلگەن بىر دوستۇم ماڭا: «سەن ماڭا يالغان ئېيتىپتىكەنسەن، قىزلىرىڭلار سەن دېگەندىكىدەك كىيىنمەيدىكەنغۇ» دېۋېدى، مەن ئۇنىڭغا بۇنى چۈشەندۈرۈشكە پۈتۈنلەي ئامالسىز قالدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ چەت ئەللىك دوستۇم مېنىڭ تەسۋىرلەپ بەرگەن كىيىم ـ كېچەكلەرنى پەقەت مەشرەپ ۋە سەنئەت كېچىلىكلىرىدىكى

رىياسەتچىلەرنىڭ ئۆچىسىدىلا كۆرگەن ۋە بۇنىڭدىن تولىمۇ هەيران قالغان. ئۇ ماڭا كېتىش ئالدىدا: «قىزلىرىڭلارنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىدا ناھايىتى چوڭ بۇزۇلۇش بار ئىكەن، بولۇپمۇ كىيىنىشتە شۇنداقكەن، مېنىڭچە سىلەرنىڭ قىزلىرىڭلار بىزنىڭ كاۋبوي كىيىملەرنى كىيىشىمىزنى خاتا چۈشىنىپ قاپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ كىيىمنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ، يەتكۈچە كەمچىلىكىمۇ بار، مۇشۇ كەمچىلىكنى سىلەرنىڭ قىزلىرىڭلار كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ. بۇ كەچۈرۈۋېتىشنى توغرا چۈشەنگەن بىلەن، ئۆزلىرىگە خاس كىيىنىش ئادىتىنى چۆرۈپ تاشلاشنى ھەرگىز توغرا چۈشەنگىلى بولمايدۇ، بەلكى كەچۈرگىلى بولمايدۇ. كەچۈرۈڭ، بۇ مېنىڭ سىزگە دەيدىغان خوشلىشىش سۆزۈم بولۇپ قالسۇن» دېدى. مەن ئەڭ زامانىۋى دۇنيادا ياشاپ زامانىۋىلىشىشقا، دەۋر بىلەن تەڭ قەدەمدە ئىلگىرىلەشكە جېنىنىڭ بارىچە ئىنتىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قىزلىرىمىزنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشى ۋە كىيىنىشى توغرىسىدا ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتىن ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم. ئەلۋەتتە، بۇ ھەيرانلىق ئىچىگە ناھايىتى كۆپ ئەپسۇسلۇق ۋە خورسىنىشلار سىڭىپ كەتكەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىگىرمە تۆتىنچى ئەڭگۈشتەر

## ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تازىلىق ئادەتلىرى ۋە ساغلاملىق ئادەتلىرىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تازىلىق ئادەتلىرىنى تەكىتلەش ۋە بەزى زامانغا لايىقلاشقان تەرەپلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش بۈگۈنكى كۈندىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، خەلقىمىز تارىختىن بېرى شارائىتنىڭ قانچىلىك ناچار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەخسىي تازىلىققا، پاكىزلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بولۇپمۇ قىزلارنىڭ شەخسىي تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشى ئىنتايىن كۈچلۈك.

ئۇيغۇر قىزلىرى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن شەخسىي تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ. تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، ئۇستىبېشى رەتسىز، بولۇمسىز قىزلارنى ئادەتتە كىشىلەر، بولۇپمۇ يىگىتلەر كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ. قىزلارغا باھا بەرگەندىمۇ «پالانچىنىڭ قىزى شۇنداق پاكىز، رەتلىك قىز ئىكەن» دەيدۇ ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە گەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن خەلقىمىزدە قىزلارنىڭ شەخسىي تازىلىق ئېلىپ بېرىشىغا دائىر بىر يۈرۈش مىللىي، ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ ئادەتلەرنىڭ بەزىلىرى دىنىي ئېتىقاد بىلەن، بەزىلىرى خەلقىمىزنىڭ پىسخىك تەبىئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، بۇ ئادەتلەرنى ئۆگىنىپ

قويۇشنىڭ پايدىسى بولسا باركى، زىيىنى يوق. تۆۋەندە مەن بۇ ئادەتلەرنى ئۆگەنگەن ئەمەلىي تۇرمۇش بىلىمىم ۋە كۆرگەن ماتېرىياللىرىم ئارقىلىق بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

ئاز دېگەندە كۈندە بىر قېتىم (ياكى ھەر قېتىم كىچىك تەرەت سۇندۇرغاندا بىر قېتىم) تەرەت ئېلىش ياكى ئەۋرەتنى ئىلمان سۇدا يۇيۇش ئۇيغۇر قىزلىرى ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئاساسلىق شەخسىي تازىلىق ئادەتلىرىنىڭ بىرى. ناماز ئوقۇشنىڭ شەرتى قىلىنغان تەرەت ئېلىش شەخسىي تازىلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك شەكلىدۇر. دەرۋەقە تەرەت ئېلىش شەخسىي تازىلىقنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك كاپالىتى بولغاچقا، بۇ تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن قىزلاردا گېمىروي قاتارلىق كېسەللىكلەر كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا تەرەتسىز (تازىلىقسىز) يۈرۈش پاسىقلىق دەپ ئەيىبلىنىپ، بالا - چاقىلارنى، بولۇپمۇ قىزلارنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ تەرەت ئېلىش (ياكى ئەۋرەتنى يۇيۇش)قا ئۈندەيدۇ. «تەرەتسىز ئۆيدە بەرىكەت بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ. مانا بۇ ئاڭنىڭ ئەۋزەللىك تەرىپى شۇكى، تەرەت ئېلىش نوقۇل ناماز ئوقۇش ئۈچۈن بولمىسىمۇ، تازىلىق ۋە سالامەتلىك تەرەپتىن ئادەمگە ئىنتايىن پايدىلىق ئادەتتۇر.

قىزلارنىڭ بويىنى سۇغا سېلىشى گەرچە يېزا - قىشلاقلاردىكى شارائىتنىڭ چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئاددىي ھالدىكى يۇيۇنۇش ئادىتى بولسىمۇ، ئۇ ھازىرقى زامانىۋى مۇنچىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولغانلىقى بىلەن بىزنىڭ دىققەت - نەزىرىمىزدىن چەتتە قالماسلىقى كېرەك. مۇنچىغا كىرىشنىڭمۇ ئادەتتە قائىدىسى بولىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش قىزلارنىڭ بويىنى سۇغا سېلىشىنىڭمۇ مۇئەييەن قائىدىسى بولىدۇ. شەخسىي تازىلىققا كۆڭۈل كۆمىگەن بىر كىشىنىڭ

شارائىتى ھەر قانچە تولۇق بولسىمۇ (يەنى ئىلغار مۇنچىسى بولسىمۇ) ئۇنىڭغا كۆنمىسە ياكى ياخشى بولغان شەخسىي تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرمىسە، بەرىبىر ئۇ بەدىنى پۇراپ كەتمىگۈچە مۇنچىغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا، مۇنچىغا چۈشۈش بىلەن بويىنى سۇغا سېلىشنىڭ شەخسىي تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن ـ يېتىلدۈرمىگەن ئالىڭ بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بار. يەنى شەخسىي تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن بىر قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ شارائىتى ئەڭ ناچار بولغان ھالەتتىمۇ ئۇ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم بويىنى سۇغا سالىدۇ، شارائىتى ياخشى بولسا ئىككى كۈندە ياكى ئۈچ كۈندە بىر قېتىم مۇنچىدا يۇيۇنىدۇ. ھاسىلكالام شۇكى، قىزلارنى كىچىكىدىن باشلاپ شەخسىي تازىلىقنى ياخشى قىلىش توغرۇلۇق ئوبدان تەربىيەلەش، ئۇلاردا بۇ ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە بۇ ئادەتنى شۇ قىزنىڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇرۇش ئىنتايىم مۇھىم.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شەخسىي تازىلىق ئادىتىدە يەنە يۈز ـ قولىنى پاكىز يۇيۇش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ ۋە ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا سەھەردە يۈز ـ قولىنى يۇماي تۈرۈپ ناشتا قىلمايدۇ، باشقا چاغلاردا بولسا قولىنى يۇماي تۈرۈپ داستىخانغا كەلمەيدۇ. مەيلى ئۆز ئۆيىدە بولسۇن ياكى مېھماندارچىلىققا بارسۇن، ئۆي ئىگىسى مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى ھەم ھۆرمەت، ھەم ساۋاب ئىش دەپ بىلىدۇ. خەلقىمىز مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى بىر خىل ئەخلاق دەپ قارىغاچقا، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە باشقىلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئالاھىدە ئۆگىتىدۇ. مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشتە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئائىلىلەر ئاپتۇۋا، چىلاپچا ئىشلىتىدۇ، چۈنكى ئاپتۇۋا ۋە چىلاپچا يۇندا چاچرىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. يۈز ۋە قولنى يۇيۇش يەنە قىزلارغا ئالاھىدە

تەكىتلىنىدۇ. چۈنكى، قىزلار ئوغۇللارغا قارىغاندا ئانىسىغا يارەملىشىپ قازان بېشى ئىشلىرىغا كۆپ يارەملىشىدۇ، بۇنداق چاغلاردا چوقۇم قولنى پاكىز يۇيۇش ئەقەللىي تازىلىق ئادىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، قىزلارنى بۇ جەھەتتە ئالاھىدە ساۋاتقا ئىگە قىلىش ۋە كۆندۈرۈش كېرەك.

خەلقىمىزدە: «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» دېگەن ماقال بار. بۇ خەلقىمىزنىڭ تازىلىق ۋە سالامەتلىككە ئەھمىيەت بېرىش تارىخىنىڭ تولىمۇ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان روشەن دەلىل. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى ئىش تەقسىماتى بويىچە، خوتۇن ـ قىزلار بالا بېقىش، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ئائىلە تازىلىقى ۋە مۇھىت تازىلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ھەممىسىدە تازىلىق ۋە ساغلاملىق مەركىزىي نۇقتا قىلىنغان. خەلقىمىز ئارىسىدا يەنە: «بۇ ئايالنىڭ قېشىغا قاراڭ، قاچىسىنىڭ تېشىغا قاراڭ»، «ئىشچان خوتۇن سەھەر تۇرۇپ چېچىنى تارايدۇ، ھۇرۇن خوتۇن ئۇخلاپ تۇرۇپ كۇلۇڭ كولايدۇ» دېگەن ماقاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدا تازىلىقنى ئاياللارنى باھالايدىغان ئاساسىي ئۆلچەم قىلغان. كۆندىلىك تۇرمۇشتىمۇ ئەرنىڭ ياقىسىنىڭ كىر ياكى پاكىزلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ قانداق تەبىئەتلىك كىشى ئىكەنلىكىگە باھا بېرىدۇ. شۇڭا، ئانا بولغۇچى قىزىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشقا، بولۇپمۇ تازىلىق قىلىشقا ئۆگىتىدۇ. ھەمىشە ئۆز پەرزەنتلىرىگە: «سەھەر تۇرۇپ تازىلىق قىلساڭ ساۋاب بولىدۇ، ھويلا ـ ئارام ۋە يوللارنى سۈپۈرسەڭ بەختىڭ ئېچىلىدۇ» دەپ تەربىيە بېرىدۇ. مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى تەربىيە نەتىجىسىدە تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭلا ھەممىدىن بۇرۇن خانىم ـ قىزلار ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ ئۆي ئىچى، ھويلا ـ ئاراملارنى ۋە كوچىلارنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ چاچىدۇ، گۈللەرگە

سۇ قۇيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىلەر ۋە كوچىلار ئادەمگە بىر خىل جۇشقۇن كەيپىيات بېغىشلايدۇ. شەھەرلەردىكى قەۋەتلىك بىنالاردا ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەردىمۇ خوتۇن ـ قىزلار ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى تازىلىق ئادىتى بويىچە بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىنى تارتىپ دېرىزىلىرىگىچە پاكىز تازىلايدۇ، بۇنداق ئادەت بىر خىل ئەنئەنە ئاساسىدا داۋاملىشىۋاتقاچقا، كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

ھالبۇكى، ھازىر بەزى بەك زامانىۋى ئۆيلەردە بۇنداق تازىلىق ۋە سالامەتلىك پائالىيەتلىرى بىر ئاز سۇسلاپ قالغاندەك تۇرىدۇ. قىزلارنى ئۆي ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرماي پەقەت ياخشى ئۆگىنىش قىلىشقىلا زورلاش قىزلىرىمىزدا يامان سۈپەتلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ قالماقتا. قىزلار ئۆي ئىشلىرى، ئائىلە تازىلىقىنىمۇ مۇۋاپىق قىلىپ بەرسە، كۈچى يەتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىسا ساغلاملىقىغا ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلىشىگە، ئۆزى يارىتقان گۈزەل مۇھىت ئارقىلىق گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈشىگە كۆپ پايدىسى بار.

«پاكىز قىز بوپتۇ»، «پاكىز قىز ئىكەن» دېيىش نېمە ئۈچۈن خەلقىمىز ئارىسىدا شۇنچىلىك كەڭ مەنىۋى ئاساسقا ۋە ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ باقساقلا، پاكىزلىقنىڭ، ياخشى تازىلىق ئادىتى يېتىلدۈرگەن قىز بولۇشنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىش تەس ئەمەس. پاكىزلىق ئۈستىبېشى پاكىز بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا ياكى ۋاقىتلىق بولۇپ قالسا يەنە بولمايدۇ، پاكىزلىق دائىملىقلىقتا ۋە داۋاملىقلىقتا ئىگە بولۇشى شەرت، ھەپتىنىڭ ئالتە كۈنىدە پاكىز يۈرۈپ، بىر كۈن پاسكىنا يۈرگەن قىزنى پاكىز قىز دەپ ئېيتالمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاكىزلىق ۋۇجۇد پاكىزلىقى

بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا يەنىلا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولالمايدۇ، قەلب پاكىزلىقىمۇ قوشۇلۇشى لازىم. ھەقىقىي مەنىدىكى پاكىزلىق ۋۇجۇد پاكىزلىقى ۋە قەلب پاكىزلىقىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان پاكىزلىقتۇر، مۇشۇنداق قىزلارلا ھەقىقىي پاكىز قىزلاردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يىگىرمە بەشىنچى ئەڭگۈشتەر

## قىزلار ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق

قىزلار كىچىكىدىن باشلاپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ ئۆگەنسە، ئۇلارنىڭ ئائىلە تەربىيەسىنىڭ تېخىمۇ ئەتراپلىق بولۇشىغا، ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە، ياخشى ـ يامانىنى ۋاقتىدا پەرق ئېتىپ، تۇرمۇش جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىشىدە ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىيالا قالماستىن، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ راۋان، بەختلىك بولۇشىغىمۇ ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۇرمۇش كىشىنى ھەرخىل قىيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەتلىرى بىلەن سىناپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق، تۇرمۇش تەجرىبىسى مول، قولى چېۋەر، ئىچى كۆچلۈك قىزلار بۇ تام ـ توساقلاردىن ئۆي ئىشلىرىغا پىشمىغان، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل، قولىدىن تاماق ئېتىشمۇ كەلمەي كوچىدىن تاماق يېيىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان تەييارتاپ قىزلارغا نىسبەتەن تەمتىرىمەي، دادىللىق بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ، ھاياتىي كۈچى سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە يۇقىرى بولىدۇ. ھالبۇكى، قىزلىرىنى ئون سەككىز ياشقا كىرگۈچە قازان بېشىغا يېقىن يولاتمايدىغان، ئۆي ئىشلىرىنى قىلغۇزماي ئۆگىتىپ قويۇپ، كېيىن قىلغۇزىمەن دەپمۇ قىلغۇزالمايدىغان ئاتا ـ ئانىلار مۇشۇ كۈنلەردە خېلىلا كۆپىيىپ قالدى. مۇشۇنداق ئۆيىنى قانداق تۇتۇشنىمۇ بىلمەيدىغان ئەركە، مودا

قىزلىرىمىزنىڭ ئالدى تۇرمۇشلۇق بولدى، ئۆيگە ئىككى مېھمان كېلىپ قالسا، ئىككى قېتىم قازان قاينىتىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىشنى ئۇقمايدىغان، كۇندە نەچچە ۋاق سىرتتىن تاماق يەپ ئالغان مائاشىنى يەتكۈزەلمەي، يا قانداق قىلىشنى بىلمەيدىغانلارنىڭ ئۆيى مۇشۇ تۈپەيلىدىنمۇ بۇزۇلۇشقا يۈز تۇتتى. شۇڭا، قىزلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا پىششىقى، تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، بۇلارنى بىلمىگەن قىزلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل دەپ كېسىپ ئېيتىش تامامەن مۇمكىن.

بىر يېقىن دوستۇمنىڭ كىچىك سىڭلىسى بەكمۇ ئەركە ئىدى، ئاتا ـ ئانىسى، ئاچا، ئاكىلىرىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالغاندىمۇ ئۇنى «كىچىك» دەپ نېمىنى دېسە قىلىپ بېرەتتى، ئۆي ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرمايتتى، قازان بېشىغا يېقىنمۇ يولاتمايتتى، بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويسا: «كىچىك ئەمەسمۇ، ئۇ دېگەن كىچىك تۇرسا...» دەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىمۇ ئاشۇ «كىچىك» پېتى تۇرىۋەردى. بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇ قىزنىڭ مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە كېيىن تۇرمۇشلۇق بولغاندا قىيىنىلىپ قالىدىغانلىقىنى، ھازىر ياخشىلىق قىلغاندەك قىلغانلىرى بىلەن ئەمەلىيەتتە يامانلىق قىلىۋاتقانلىقلىرىنى بىلمىشمىدى. كېيىن بۇ قىز ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتى بىلەن توي قىلدى. بىر ـ ئىككى ئاي كۆڭۈللۈك ئۆتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۈركىلىش كۆچەيگىلى تۇردى، بۇ سۈركىلىش ئاخىر بېرىپ ئۇرۇش ـ تالاشقا ئۆزگەردى. بۇ قىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيگە يامانلاپ كېلىشى كۆپەيگىلى تۇردى. بىر كۈنلەرگە بارغاندا ئۇلارنى ئاجرىشىپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم. دوستۇمدىن

بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. دوستۇم بېشىنى چايقىغان ھالدا ھەسرەتلىك تىنىپ مۇنداق دېدى: «ھەممە سەۋەبلىك سىڭلىمدىن، تېگىنى سورۇشتۇرگەندە بىزدىنمۇ كېتىپتۇ. ئايدەك سىڭلىمىزنى ئەركە ئۆگىتىپ، قازان بېشىغا يېقىن يولاتماي ياكى ئۆي ئىشلىرىغا سالماي بەك خاتا قىلغانىكەنمىز. سىڭلىم تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئالتە ياشلىق قىزلارچىلىكمۇ بىلمەيدىكەن ئەمەسمۇ. ئەسلىي ئۇنىڭ تۇرمۇشلۇق بولۇشى يېشى توشقان بىلەن تۇرمۇش تەجرىبىسى قەتئىي توشمايدىكەن، ئۆيدە بىر نەچچە يىل تاماق ئېتىشنى، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى، ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىپ ئاندىن تۇرمۇشقا چىقىرىدىغان ئىشكەنتۇق». مەن نېمىشقا بۇنداق دەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. دوستۇم تېخىمۇ ئېغىر تىنىپ مۇنداق دېدى: «ئويلاپ باقمامسەن، سىڭلىم توي قىلىپ ئىككى يىلغىچىمۇ تاماق ئېتىشنى ئۆگىنەلمىگەن تۇرسا، كۈندە ئەر - خوتۇن سىرتتا تاماق يەۋەرگەن بىلەن تاغمۇ توشمايدۇ - دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كىمنىڭ ئۆي تامىقىنى سېغىنىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ، بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ خوتۇنى تاماقىنى يېگۈسى كېلىپ قالىدۇ. بۇنداق چاغلاردا سىڭلىم تاقىدە بىر قاچا ئىسسىق تاماقنى ئېرىنىڭ ئالدىغا قويالمايدۇ - دە. بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن سىڭلىمنىڭ ئېرى ئۆي تامىقىنى ئوخشىتىپ ئېتىدىغان بىرى بىلەن تېپىشىۋاپتۇ». دوستۇم يىغلامسىراپ يەنە مۇنۇلارنى دەپ بەردى: «ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئۇلار ئىككىسى نەچچە يىل مۇھەببەتلىشىپ ئاندىن توي قىلغانىدى، بىر - بىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئەمما، تۇرمۇش يولىدا بىر - بىرىنىڭ ئەيىبى ئېچىلىپ قالدى، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا، ئەيىبلىرىنى ھەر قانچە قىلغان

بىلەلمەيتتى. سىڭلىم ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنىمۇ بىلمەيتتى، بىر كۈنى بارسام شۇنداق چىرايلىق يىڭى ئۆي شۇنچىلىك مالىمان تۇرۇپتۇ، مەن يىغىشتۇرۇپ بەردىم، مىنىڭمۇ ئۆيۈم، باللىرىم بار تۇرسا، ئۆزى قىلالمىسا، ھەر كۈنى بىرىپ يىغىشتۇرۇپ بىرىشكە مىنىڭمۇ چولام تەگمەيدۇ ــ دە». ئىنىمنىڭ ئاغىنىلىرى بىر نەچچە قېتىم ئۇنى ئۆيى قالايمىقان ۋە مەينەت تۇرغانلىقىدىن مەسخىرە قىلغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جېدىلى ئۆزۈلمىدى، ئۆزىمىز شۇنداق تەربىيەلەپ قويغاندىكىن بۇ ئائىلىنى ساقلاپ قېلىشقا ئامالىمىز بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاخىرىدا مۇشۇنداق ئىش يۈز بەردى. توۋا، يۈزمىڭ توۋا، يەنە مۇشۇنداق ئىش بولۇپ قالمىسۇن، دەپ بەش ياشلىق قىزىمنى ھازىردىن باشلاپ كۆچى يېتىدىغان ئىشلارغا سېلىشقا، تاماق ئېتەلمىسىمۇ مۇشۇ ئىشقا مايىل قىلىشقا باشلىدىم دوستۇم. قىز بالا دېگەن تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتەلىسە، ئۆيىنى چىنىدەك تۇتۇشنى بىلسە ئاندىن ئۇ قىز بالىكەن، بولمىسا سەن دەپ باقە، ئۇنىڭ ئوغۇل بالىدىن نېمە پەرقى بار؟ نۇرغۇن ئاتا ــ ئانىلار مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنمەي قىزلىرىنى قازان بېشىغا يېقىن يولاتمايۋاتىدۇ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلغۇزمايۋاتىدۇ، ئاخىر سىڭلىمنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئۇلارنىڭ بېشىغىمۇ كەلسە قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ، ئەمما ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەڭ ياخشىسى، ئىشنى قىزلىرىمىزنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلىغىنىمىز تۈزۈككەن».

دوستۇمنىڭ «قىز بالا دېگەن تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتەلىسە، ئۆيىنى چىنىدەك تۇتۇشنى بىلسە ئاندىن ئۇ قىز بالىكەن، بولمىسا، سەن دەپ باقە، ئۇنىڭ ئوغۇل بالىدىن نېمە پەرقى بار؟» دېگەن سۆزى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۆرۈمچىنى مىسالغا

ئېلىپ ئېيتساق، مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى تېز تاماقخانىلار مىسلىسىز كۆپىيىپ كەتتى ھەم ياخشىلىرىنىڭ كېچە - كۈندۈز خېرىدارى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن، بۇ شەھەردە ئاھالىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلى بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن؛ ئۆيدە تاماق يەيدىغانلارنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن، شۇنداقلا ئۆيدە تاماق ئېتىدىغان قىز - ئاياللارنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكىدىن، تاماق ئېتەلمەيدىغانلارنىڭ بولسا كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. سۇنئىي يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، ئاشخانا تائاملىرىنىڭ ئۆي تائاملىرىنىڭكىگە قارىغاندا تەييار خورۇچلارنى كۆپ ئىشلىتىشى ۋە قورۇغان، ئاچچىق - چۈچۈك يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن كېسەللىكلەرمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بۇمۇ تاماق ئېتىشنى بىلمەيدىغان قىزلىرىمىزنىڭ ئازلاپ كېتىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئەسلىدە تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان قىزلىرىمىزنىڭ تاماق ئەتمەي بىكار يۈرۈشى، ئاشخانىدىن تەييار تاماق يېيىشى، ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىشىلىك مۇناسىۋەت، تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بولۇپ، بۇ بۇزۇلۇش نۇرغۇن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان چىگىش، يېڭى مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە چېتىلىپ، ئاخىرىنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

قازاقىستاندا ئوقۇپ كەلگەن بىر دوكتورنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئالمۇتادىكى بىر ئۇيغۇر مەكتىپىگە بارغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش، تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى بىۋاسىتە كۆزەتكەن. ئۇ يەردىكى مەكتەپلەردە دەرس

نۇقتىلىق بەش ـ مۇنازىرىلەر ئىچىدە داۋاملاشقاندىن سىرت، چۈشلۈكى بالىلار مۇئەللىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزلىرى قول سېلىپ تاماق ئېتىدىكەن. خېمىرنى قانداق يۇغۇرۇش، تۇزنى، ياغنى قانچىلىك ئىشلىتىش، تاماق خۇرۇچلىرىنى قانداق تەييارلاش ۋە تەڭشەشنى مۇشۇ جەرياندا ئۆگىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھەتتا كىر يۇيۇشنىمۇ مۇئەللىملىرىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەتراپلىق ئۆگىنىپ چىقىدىكەن. يەنە قىزلارغا رېشلىيە ئىشلەش، ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلىق قىلىش، كىيىم پىچىش، تىكىش، ئائىلىدە قىزلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىدىكەن. ئوغۇللارغا بولسا ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، ئائىلىنىڭ ئوغۇللار قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا قىلىشتەك ھۈنەرلەرنى ئەتراپلىق ئۆگىتىدىكەن. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە تۇرمۇشقا چىققاندىن كېيىنمۇ بۇ تۇرمۇش ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىكەن، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەمگەك دەرسى ئىكەن. بۇنداق مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققان قىزلارنىڭ تۇرمۇشلۇق بولغاندا تاماق ئېتەلمەيدىغانلىرى، كىر يۇيالمايدىغانلىرى ۋە ئۆي سەرەمجانلاشتۇرالمايدىغانلىرى يوق ئىكەن. ھازىر بەزى ياش ئانىلار قىزلىرىغا تاماق ئېتىشنى، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆگەتمىگەچكە، بىر تۈركۈم «سىرتتىن تاماق يەيدىغان قىزلار» مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ.

قىزلارنىڭ تاماق ئېتىشنى بىلىشىنىڭ ھېكمىتى شۇكى، تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي تائام مەدەنىيىتىمىزنى ئۆزى قول سېلىپ يارىتالايدۇ؛ قولى چېۋەرلىكىدىن باشقىلارنىڭ (بولۇپمۇ تائامنى تېتىغۇچىلارنىڭ) ماختىشى ئارقىلىق ئۆز ئەمگىكىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن

ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئېرىشكەنلىكىدىن چەكسىز شادلىققا چۆمىدۇ، بۇ سالامەتلىكىگە بىۋاستە پايدىلىق؛ تاماق ئېتىش جەريانىدىكى ھەرىكەت ۋە مېڭىنى چاقماق تېزلىكىدە ئىشلىتىش قىزلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ھەرىكەت پائالىيىتى بولۇپ، بۇ ئادەم ئورگانىزمىنىڭ زەئىپلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىنتايىن ئەپچىل ئۇسۇلدۇر؛ ئۇنىڭدىن باشقىمۇ پايدىلىق تەرەپلىرى كۆپ بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى، قىزلار تاماق ئېتىشنى بىلىپ ئۆيدە تاماق ئەتكەندە ئىقتىسادچىللىق قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھېكمەتلىرىنى سۆزلىمىسەممۇ ئوقۇرمەنلەرگە ئاياندۇر. ئىشقىلىپ، ئۆي ئىشلىرىغا پىشقان، قولى چېۋەر، تاماق ئېتىشكە ئۇستا قىزنىڭ قىزلارغا خاس جۇلا، ئەدەپ ۋە سىپايىلىقتا يېتىلگەن قىز بولىدىغانلىقىغا ئىمانىم بىلەن كاپالەت بېرەلەيمەن.

www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە ئالتىنچى ئەڭگۈشتەر

# سىزگە باشقىلارنىڭ ئىچى كۆيسۇن

ئەي قىز! بىلىڭكى، گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىگە يار قىلغان، ھايا، نومۇس چۈمپەردىسىگە چۆمكەلگەن، لىۋەن، ياخشى خۇيلۇق، ئىپپەت گۆھىرىنى چىڭ ساقلىغان، پەزىلەت غۇنچىسىنى يۈرىكىدە ئېچىلدۇرالىغان، سىپايە، قائىدە - يوسۇنلۇق، جەلپكار، سىپى ئۆزىدىن ھەقىقىي ئۇيغۇر قىزىغا خاس خىسلەتنى يېتىلدۈرگەن بولسىڭىز، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولسىڭىز مەكتەپتە ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ، ئوقۇتقۇچىلىرىڭىزنىڭ سىزگە چىن يۈرىكىدىن ئىچى كۆيمەي قالمايدۇ؛ ئەگەر سىز بىر ئاددىي ئىشچى بولۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ يۇقىرىقىدەك ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن ئىش ئورنىڭىزدا ئاددىي بولمىغان نەتىجىلەرنى ياراتقان بولسىڭىز، ئىشداشلىرىڭىزنىڭ، رەھبەرلىرىڭىزنىڭ سىزگە مەستلىكى كېلىپ ئىچى كۆيمەي قالمايدۇ؛ ئەگەر سىز ئىدارە - ئورگانلاردا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشلەپ قالسىڭىزمۇ، ئەتراپىڭىزدىكى ھەر قانداق ئادەمنىڭ سىزگە قايىللىقىدىن ئىچى كۆيمەي قالمايدۇ؛ ئەگەر سىز ئاددىي بىر دېھقان قىزى بولۇپ، سەھرادا ياشاۋاتقان ھالەتتىمۇ، گۆھەردەك چاقناپ تۇرغان ئېسىل خىسلەتلىرىڭىز، سىلىق - سىپايىلىقىڭىز، ئەدەپ - قائىدىلىكلىكىڭىز، گۈزەل ئەخلاقىڭىز بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرەلەيسىز. بۇنىڭدىن قەتئىي شۈبھىلەنمەڭ.

مەن كۆپ يىللاردىن بېرى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن، يۇقىرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن ئېسىل خىسلەتلەرگە يالغۇز ھۆسن – جامالدا كامالەتكە يەتكەن قىزلارنىڭلا ئىگە بولۇشى ناتايىن، تېخى چىرايى گۈزەللەر چىرايىغا تەمەننا قويۇپ كۆپىنچە ھاللاردا بۇنچە كۆپ خىسلەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرەلمەي قالىدۇ. چىرايىدا ئوتتۇرا ھال ياكى ئانچە چىرايلىق بولمىغان قىزلارنىڭ ئىچىدىنمۇ نى – نى گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەنلەر بار، ئۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىچكى گۈزەللىكى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرەلەيدۇ.

بىر نەچچە يىگىت پاراڭلىشىپ تۇرغان يەردىن سەرۋى قامەتلىك، چىرايلىق بىر قىز ئۆتۈپ قالسا، يىگىتلەر تامشىقىنى چاكىلدىتىپ: «يائاللا، بىر چىنە چايغا قوشۇپ ئوتلىۋەتكۈدەك قىزكىنا» دەيدۇ ياكى «خام يەۋەتكۈدەككەن» دېيىشىدۇ. بۇلار پەقەت يىگىتلەرنىڭ تۇنجى كۆرگەن قىزغا نىسبەتەن قوزغالغان يىگىتلىك تەسىراتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھېچقاچان شۇ قىزغا باشقىلارنىڭ ئىچى كۆيگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. باشقىلارنىڭ بىر قىزغا ئىچىنىڭ كۆيۈشى شۇ قىزنىڭ ئەخلاق كامالىتىدىن دېرەك بېرىدۇ، خالاس. باشقىلارنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك قىز بولۇش قىزلارنىڭ يەتمەكچى بولغان ئالىي نىشانى بولۇپ قېلىشقا تېگىشلىك.

ئۇنداقتا، قىزلار قانداق قىلىپ باشقىلارنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرەلەيدۇ؟ بۇ جەھەتتە كامالەتكە يېتەلەيدۇ؟

كۆپ يىللىق كۆزىتىشلىرىم ۋە خەلقىمىزدىن مىراس قالغان تەجرىبە نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، قىزلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك ھالەتكە يېتىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك تەلەپلەرگە يېتىشى ھاجەت:

بىرىنچى، قىزلار ئۆز لاتاپىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى ھەم بۇنى ئالاھىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك. بۇ يەردىكى لاتاپەت تاشقى كۆرۈنۈش لاتاپىتى (تەق ـ تۇرق، يۇرۇش ـ تۇرۇشى، چىرايدىكى مېھرىبانلىق) بىلەن قەلب لاتاپىتى (گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش، ئار ـ نومۇسنى ساقلاش، پاكلىقى ۋە مېھرىبانلىقى كىشىلەرگە ئىللىق تۇيغۇ بېرىش) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇكى، بۇنداق سۈپەتنى ۋۇجۇدىغا ھازىرلىغان قىزلار بىر قاراشتىلا ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرمەي قالمايدۇ. بۇنداق ئىچى كۆيۈش يالغۇز يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت ھېسسىياتىلا ئەمەس، ئىچى كۆيگەنلەرنىڭ ئىچىدە يەنە چوڭ ياشلىق ئەرلەر ۋە ئاياللامۇ كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىچى كۆيۈشى بىر خىل قايىللىق ھېسسىياتىدۇر. بۇنداق تەبىئىي ھېسسىياتنى قوزغاش ھەر ئىككىلا تەرەپكە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ھاياتنى بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ. ئىچى كۆيۈشنى بىر كىشىنىڭ ئۆزى كۆرگەن مېھرىبانلىققا قارىتا چىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان ساپ ھېسسىيات دەپ ئېيتىش مۇمكىن. كىشىلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق ساپ ھېسسىياتىغا ئېرىشەلەيدىغان قىزلار ھازىر بىزنىڭ ئىچىمىزدە زادى قانچىلىك باردۇر؟ بىز بۇ جەھەتتە مەسىلىگە بىر تەرەپلىمە ھالدا باھا بېرىپ، بۇنداق قىزلار كۆپ قالمىدى، ئۇنداق بولۇپ كەتتى، بۇنداق بولۇپ كەتتى، دەپ يۇرەلمەيمىز. ھازىرمۇ باشقىلارنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك قىزلار خەلقىمىز ئارىسىدا يەنىلا ناھايىتى كۆپ، ئەمما بىزنىڭ نىشانىمىز مانا مۇشۇ كۆپلۈكنى يەنىمۇ كۆپەيتىش، قىزلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە بۇ ھاياتنى گۈزەللىك ۋە بەخت ئالىمىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، باشقىلارنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈش كىشىلەرنىڭ تەبىئىي ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان ھېسسىيات جەريانى

بولغاچقا، تەق ـ تۇرقى ۋە ھۆسن ـ جامالى بەك ئالاھىدە بولمىغان قىزلارمۇ ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان ئەتراپلىق تەربىيە نەتىجىسىدە شەكىللەندۇرگەن ئېسىل پەزىلىتى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى، پاكلىقى، چېۋەرلىكى، ئىشچانلىقى، ۋىجدانلىقلىقى بىلەنمۇ مۇيەسسەر بولالايدۇ. چۈنكى، ئېسىل پەزىلەت ۋە شۇنىڭغا لايىق ئىش ـ ھەرىكەت شۇ قىزنىڭ ھۆسن ـ جامال جەھەتتىكى ئانچە ـ مۇنچە يېتەرسىزلىكلىرىنى ئۇنۇملۇك ياپالايدۇ، شۇنداقلا شۇ قىزنىڭ ياخشى ئوبرازىنى ناھايىتى يارقىن گەۋدىلەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىللىك كۆزىتىش ئارقىلىق، قارشى تەرەپتە بۇ قىزغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن ئىچى كۆيۈش كېلىپ چىقىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىچىنى كۆيدۇرەلىگەن بۇ خىل قىزلاردىن ئالاھىدە ئىچكى گۈزەللىك تېپىپ تۇرىدۇ. بولار، ئاقىللار ۋە دانالار تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ھەقىقىي گۈزەل قىزلار، يىگىتلەرنىڭ ئۆيلىنىشكە ئەڭ ماس كېلىدىغان قىزلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىزلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىشچان، چېۋەر، تۇرمۇش تەجرىبىسى مول ۋە كۆيۈمچان كېلىدۇ، ئۆزىنىڭ چېۋەرلىكى ۋە كۆيۈمچانلىقى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتىنى ۋە قايىللىق ھېسسىياتىنى قوزغىيالايدۇ، ئىچىنى كۆيدۇرەلەيدۇ. خەلقىمىزدە مانا مۇشۇنداق ئىچكى قىزلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئالاھىدە تەكىتلىنىپ كەلگەن، بۇنى داۋاملىق تەكىتلەشكە ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى، بۇ خىلدىكى ئىچى كۆيۈشتە، شۇ بىر قىزنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا مەلۇم جەھەتتىكى باشقىلاردا بولمىغان ئالاھىدە قابىلىيەت ياكى ھۈنەر بولغان بولسا، بۇ جەھەتتە قابىلىيىتى ۋە ھۈنىرىنى جارى قىلدۇرۇپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان بولسا، مانا مۇشۇنىڭدىمۇ شۇ قىزغا باشقىلارنىڭ چىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇغان ئىچى كۆيۈش

كېلىپ چىقىدۇ. بەلكىم بۇ شۇ قىزدىكى تەبىئىي قابىلىيەت بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى كېيىن تەربىيەلىنىش جەريانىدا ئۆگىنىۋالغان، يېتىشتۈرگەن قابىلىيەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ قىلالايدىغان ئىشنى باشقىلار قىلالمايدۇ، قىلالىغان تەقدىردىمۇ ۋايىغە يەتكۈزۈپ قىلالمايدۇ. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا باشقىلارنىڭ شۇ قىزغا نىسبەتەن چىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇغان ئىچى كۆيۈشى كېلىپ چىقىدۇ.

باشقىلارنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈش ئۇچۇن نۇرغۇن جەريانلار كېرەك، ئالدى بىلەن بۇنداق قىزنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ھۆسن - جامالدا تەڭلا ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشى، شۇنداقلا تۇرمۇشتىكى قىزلار بىلىشكە تېگىشلىك بارلىق بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشى، ئىشچان بولۇشى، مىشچان بولماسلىقى قاتارلىق تەلەپلەر قويۇلىدۇ. شۇڭا، باشقىلارنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈش ئۇنداق ئاسان ئاشقىلى بولىدىغان داۋان ئەمەس. قىزلىرىمىز جۇرئەتلىك بولۇپ، ئۆز - ئۆزىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن باشقىلارنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەندىلا، قىزلار ئۇچۇن شەرەپلىك بولىدىغان بۇ پەللىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ياراتقىلى بولىدۇ.

ئەي قىز! باشقىلارنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك لاتاپەتلىك قىز بولۇش سىزنىڭ ئالىي نىشانىڭىزغا ئايلىنىشقا تېگىشلىك. باشقىلارنىڭ سىزگە ئىچى كۆيسۇن، سىز باشقىلارنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ قىزلىق قىممىتىنى تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىڭ!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يىگىرمە يەتتىنچى ئەڭگۈشتەر

## يىگىتلەر ئىشق چۆللىرىدە سەرسان

جاھان پازىللىرى: «ئىشق، ئىنسان بالىلىرىنىڭ كۆزىنى نۇرلاندۇرىدىغان نۇرلۇق يۇلتۇز، ئىنسانىيەت تاج ـ تەختىنى زىننەتلەيدىغان گۆھەردۇر. ئۇ بىر قۇياشتۇركى، غەمكىن كۆڭۈللەر باياۋانى ئۇنىڭ بىلەن گۈلشەن، ئۇ پارلاپ تۇرغان تولۇن ئايدۇركى، زۇلمەت كېچىلىرى ئۇنىڭ بىلەن روشەن» دەپ، بىزگە ئىشق ۋە ئاشىقلىق توغرىسىدا ئاجايىپ رەڭدار جاۋاھىراتلارنى قالدۇرغانىكەن. ئۇنداقتا ئىشقنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئادەملەر نېمىشقا ئاشىق بولىدۇ؟ ئۇ يالغۇز قارشى جىنسلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان تەشنالىقىمۇ؟ بىز بۇ سوئاللارغا ئوماق ۋە نازاكەتلىك قىزلىرىمىزنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ تەبىر بېرىشكە تىرىشىمىز.

ئوخشىمىغان ئىككى جىنس ئارىسىدىكى ئىشق ئالدى بىلەن گۈزەللىكنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىدۇ. بىر قىز ھۆسن ـ جامالدا، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە ۋە ئىلىم ـ ئىرپاندا كامالەتكە يەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاقىدىغانلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغانلار، «جاندىن كېچىپ جانانغا يەتمەكچى بولغان»لار ناھايىتى كۆپ بولىدىغانلىقى كۆز ئالدىمىزدىكىلا بىر پاكىت. ئەگەر بىر قىز سەت ۋە توك، قىلىقسىز، پەزىلەتسىز، تەربىيە كۆرمىگەن، ئەخلاقسىز بولسا، ئۇنىڭغا يىگىتلەر كۆيۈش، ئاشىق بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ

بىلەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشىشتىنمۇ ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ. بۇمۇ ئەلۋەتتە كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان بىر پاكىت. ھالبۇكى، بۇ جاھانغا تۆرەلگەن قىز زاتىنىڭ ھەممىسى گۈزەل، پەزىلەتلىك بولۇپ كەتمەيدۇ، شۇنداقلا ھەممىسى سەت، تولۇق ۋە ئەخلاقسىز بولۇپمۇ كەتمەيدۇ. دانالارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، قىزلارنىڭ ئوندىن بىرى ھۆسن ـ جامالدا كامالەتكە يەتكەن، چىرايلىق، يەنە ئوندىن بىرى سەت ۋە كۆرۈمسىز، قالغان ئوندىن سەككىزى ھۆسن ـ جامالدا يامان ئەمەس بولارمىش. شۇنداق بولغاندا، قىزلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنى ئوتتۇرا ھال چىرايلىق قىزلار تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، قىزلارنىڭ گۈزەللىكىنى ئۆلچەشتە ئەڭ ئاساسىي ئۆلچەم ئۇلارنىڭ ھۆسنىنى كۆزدە تۇتۇش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ قەلب گۈزەللىكىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىش، مۇشۇ ئۆلچەم ئارقىلىق بۇ دۇنيانىڭ قۇۋانچىسى بولغان قىزلارنىڭ گۈزەللىكىگە گۈزەللىك قوشۇش تولىمۇ جايىدا قوللىنىلغان ئۇسۇل بولسا كېرەك. مېنىڭچە، يىگىتلەر قىزلارغا ئاشىق بولۇشتا قىزلارنىڭ ھۆسنىدىن باشقا، ئۇنىڭغا يەنىمۇ گۈزەللىك قوشۇۋاتقان گۈزەل ئەخلاق، ئىلىم ـ مەرىپەت، سىپايىلىق، نازاكەت، نازۇكلۇق، ھايالىق ۋە نومۇسلۇق، ئۆزىنىڭ ساپ ئېپپىتى ئارقىلىق بۇ جاھانغا نۇر ۋە ئىللىقلىق بېغىشلاش قاتارلىق ئېسىل تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئەگەر بىر قىز چىرايلىق بولۇپ، ئەخلاقسىز ۋە قائىدە ـ يوسۇننى بىلمەيدىغان، ھاياسىز بولسا، ئۇنىڭ گۈزەل جامالى يىگىتلەرنىڭ كۆزىگە ئانچە كۆرۈنۈپ كەتمەيدۇ. بۇنداقلارنى ھېچكىم تامىقىنى چاكىلدىتىپ تۇرۇپ ماختىمايدۇ ياكى ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى كۆيمەيدۇ. بىر قىز بار ئىدى، ئۇ شۇنداق چىرايلىق ھەم شۇنداق نازاكەتلىك، كىيىنىشى مودا، مەدەنىي ئىدى، ئەمما قاڭتۇرۇلغان ئاتتەك تاق ـ تاق مېڭىشىدىن، كىشىلەرگە بولغان چۇس، قوپال

مۇئامىلىسىدىن، تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن بىر خىل تەكەببۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدا دەرۋەقە نۇرغۇن يىگىتلەر كۆيگەنىدى، نۇرغۇن يىگىتلەر ئەتراپىدا پەرۋانە بولاتتى. ئەمما، نېمىشقىكىن ئۇنىڭ بىلەن ئازراقلا ئارىلاشقان يىگىتلەر ئۇنىڭدىن قاچاتتى، ئىككىنچىلەپ يېقىن يولاپ سالمايتتى. ئۇزۇن يىل ئىچكىرىدە، چەت ئەللەردە ئوقۇپ دوكتور بولۇپ قايتىپ كەلگەن بىر يىگىت بۇ قىز بىلەن تونۇشۇپ بىر ئاي بولا - بولمايلا توينى قىلدى، ئەمما يەنە بىر ئاي بولا - بولمايلا سوتقا بېرىپ ئاجرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تويى خۇددى بىر تۇيۇقسىز كۆرۈپ قالغان چۈشكىلا ئوخشايتتى. دوكتور يىگىتنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنچە تېز توي قىلىپ، يەنە شۇنچە تېز ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى سورىغىنىدا، ئۇ ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ مۇنداق دېدى: «شۇنچە تېز توي قىلىۋېتىشىمنىڭ سەۋەبى، مەن شۇنچە يىل ئوقۇپتىمەن، ئەمدى تۇرمۇش قۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىدىغان ۋاقتىم بولۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بۇ قىز مەن شۇ چاغقىچە ئۇچراتقان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەڭ جەلپ قىلارلىقى ئىدى، شۇڭا تېز توي قىلىۋەتتىم. توي قىلغاندىن كېيىن يەنە شۇنچە تېز ئاجرىشىپ كېتىشىمدىكى سەۋەبكە كەلسەك، بۇ قىزنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى پەقەت ھۆسن - جامالىدىلا ئىكەن، مەن ئوقۇيمەن دەپ قىزلار بىلەن كۆپ ئارىلاشمىغاچقا، ئۇنىڭ ناز - كەرەشمىلىرىگە ئاسانلا ئالدىنىپ كېتىپتىمەن. مەن توي قىلغاندىن كېيىن ئۆيدە خوتۇنۇمنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ تەتقىقات ئىشلىرىمنى راۋانلاشتۇرۇش ئەمەس، تەتقىقاتىمنى توختىتىپ قويۇشقا، خۇددى ئوقۇمىغان بىكار تەلەپكە ئوخشاش ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىچى قۇپقۇرۇق، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، چاكىنا، گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاقتىن

ئەسەرمۇ يوق بۇ قىز بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ، دەرھال سوتقا كېلىپ ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىردىم. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا بىر ئوقۇتقۇچىم دائىم: 〈 قىزلارنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ چىرايىدا ئەمەس، گۈزەل ئەخلاقىدا، يۈرۈش - تۇرۇشىدا ۋە ھايالىقلىقىدا 〉 دەپ سۆزلەيتتى. شۇ چاغدا بۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە تازا چۈشىنىپ كېتەلمىگەنىكەنمەن. دوكتورلۇقتا ئوقۇغان بولساممۇ چۈشەنمەپتىكەنمەن، پەقەت توي قىلغاندىن كېيىنلا چۈشىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن...»

يەنە مۇنداق ھېكايە ئاڭلىغانىدىم: مەلۇم ئالىي مەكتەپتە ئىككى قىز بولۇپ، ئۇلار شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئابرۇيلۇق پىروفېسسورلارنىڭ قىزلىرى ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئائىلە شارائىتى ئىنتايىن ياخشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق، نازۇك، سۈزۈك قىزلار ئىكەن. كىچىكىدىن ئەتراپلىق ئوقۇتۇلغاچقا، دەرسلەردە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك ئىكەن. مانا مۇشۇنداق باشقا ساۋاقداشلىرىدىن ئالاھىدە تەرەپلىرى كۆپ بولغاچقا، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بۇ ئىككىسىگە تولىمۇ ھەۋەس قىلىدىكەن، ھەتتا بەزى جۇرئەتلىك، قاملاشقان، ئۆزىنى تەڭدىشىم يوق دەپ يۈرىدىغان مەتمەنچى ئوغۇللار بۇلارغا ئاشىق بولۇپ، تەلەپ قويغان بولسىمۇ، كەسكىن رەت قىلىنىغانىكەن. ھەتتا ئۇ قىزلاردىن بىرى: «بىزگە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا يارايدىغان يىگىت چىقمايدۇ» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپتۇ. بۇ گەپ پۈتكۈل يىگىتلەرگە تارقىلىپ ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرەر يىگىتمۇ بۇلارغا يېقىن يولاپ قويماپتۇ، بۇ قىزلارمۇ ئۆزلىرىگە تەمەننا قويغان ھالدا دەرسلىرىنى ياخشى ئوقۇپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي، يىگىتلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتۇق، بىزگە باشقىلار كۆيۈپ ساراڭ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ يۈرۈشۈۋېرىپتۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا ھېچكىم ھەۋەس قىلمايدىكەن، ھېچكىممۇ كۆيمەيدىكەن. شۇ تەرىقىدە مەكتەپ پۈتكۈزۈپتۇ ۋە ئاتا-ئانىلىرىنىڭ پالاقشىپ يول مېڭىشلىرى بىلەن شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلىشىپتۇ، ئىككى يىلدىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن ماگىستىرلىقتا ئوقۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلار يەنىلا كۆرسىدىن چۈشمەي يىگىتلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويغىلى تۇرۇپتۇ. «بىزگە لايىق كېلىدىغان يىگىتنىڭ چوقۇم ئىقتىسادى ئىمتايىن ياخشى بولۇشى، ئۆيى چوڭ بولۇشى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىمۇ چوقۇم ماگىستىر بولۇشى كېرەك» دەپ جۆيلىگىلى تۇرۇپتۇ. مۇشۇ جەرياندا ئۇلارغا يەنىلا ياخشى كۆڭۈللۈك يىگىتلەر تەلەپ قويۇپ، ھەممە شەرتكە توشقان بولسىمۇ، «ماگىستىر بولۇشى كېرەك» دېگەن تەلىپىگە توشماي قېلىپ سەپتىن چېكىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ماگىستىرلىقنىمۇ پۈتكۈزۈپ مەكتىپىگە قايتىپتۇ. بۇ نۆۋەتچە ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپ چېغىدىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى توي قىلىپ بولۇپتۇ، ئەمما بۇلار يەنىلا كۆرسىدىن چۈشمەي يۈرۈپتۇ، بىرىنى ئۇنداق دەپ، بىرىنى مۇنداق دەپ، ئۆزلىرىگە زادىلا يېقىن كەلتۈرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىزلار بىر بىسلىپ قالغانچە باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپتۇ، يېشى ئوتتۇزدىن ئېشىپتۇ، ئوتتۇز ئۈچ ياشقىمۇ كىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىلىمى يۇقىرى بولغىنى بىلەن ھېچقانداق تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ يوقلۇقى، رېئاللىقتىن تولىمۇ ھالقىپ كېتىپ غايىۋىلىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، مۇشۇ كۈنگە قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئاخىر ھەسرەتلەنگەن ھالدا كۆڭلى يېقىن بىر ئايالغا دەردىنى تۆكۈپ مۇنداق دەپ يىغلاپتۇ: «مەن ئىلگىرى ئۆزۈمنى بىر دەپ چاغلاپ يۈرۈپ، رېئاللىقتىن بەكلا چەتلەپ كەتكەنىكەنمەن. ئەمدى ئېسىمنى بىلىپ رېئاللىققا قايتقان

چېغىمدا بولسا ئوتتۇز ئۈچ ياشقا كىرىپ بولۇپتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىگىتلەر تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەنىكەنمەن. گۈلدەك چاغلىرىمنى ئۆتكۈزۈۋەتكىنىمگە، تۇرمۇش قۇرۇپ بەختلىك بولىدىغان پۇرسەتلەرنى كەتكۈزۈۋەتكىنىمگە تولىمۇ ئۆكۈنىمەن. ئەمما، بۇ ئۆكۈنگەنلىكنىڭ نېمە پايدىسى؟ بۇ ئۆكۈنۈش ماڭا ئۆكۈنۈشلا سوۋغا قىلىدۇ، خالاس!». يەنە بىرى بولسا تېخى ياش تۇرۇپلا كېسەلچان بولۇپ قالغان، ئىلگىرىكى گۈلدەك چىرايى زەپىراندەك سارغايغان، ئۇ ئەمدى كىملا تەلەپ قويسا قوشۇلىمەن، دېگەن قەتئىي قارارغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەچكە، بىر كىم قاراپ قويمىغان. ئاخىر تۇغقانلىرى ئارىغا كىرىپ، خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىرىگە ئېلىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنىڭ مىجەزى ئوڭشالغان، كۈنلىرى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىغان. ئۇ ئۆزىنى بىر قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك، ھاياتلىقنىڭ قوينىغا ئەمدىلا قايتىپ كەلگەندەك ھېس قىلغان.

يىگىتلەرنى ئىشق چۆللىرىدە سەرسان قىلىدىغان نەرسە زادى نېمە؟

بۇ سوئالغا ھەر خىل قاراشتىكى كىشىلەر ھەر خىل جاۋاب بېرىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما، بۇ سوئالنىڭ بىزدە بىرلا ئورتاق جاۋابى بار، ئۇ بولسىمۇ، قىزلاردىكى جەلپ قىلىش كۈچى ئېلىپ كەلگەن تۈگىمەس سېھرىي كۈچتۇر. قىزلاردىكى تۈگىمەس سېھرىي كۈچ نەدىن كېلىدۇ؟ ئۇ ئەلۋەتتە قىزلار يېتىلدۈرگەن تاشقى ۋە ئىچكى لاتاپەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان گۈزەل ئەخلاق، ھايا ۋە ئىپپەت، پاكلىقتىن، ئىشچانلىقتىن، قىزلارغا خاس ئاجايىپ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە نازاكەتتىن كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئېسىل خۇسۇسىيەتلەر ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەم بولغان

بىر لاتاپەتلىك قىزنىڭ ئىشق باياۋانىدا يىگىتلەر سەرساندۇر!

ئەي قىز! سىزدە گۈزەل ئەخلاق، سىپايىلىق ۋە سىپايىلىق ئېلىپ كەلگەن باشقا ياخشى خۇلقلار بولسا، ياخشى خۇلقلارنى ئۆزىڭىزگە سىڭدۈرگەن، ئۆزىڭىزنى بۇ جەھەتتە ئوبدان تەربىيەلىگەن پەزىلەتلىك قىز بولسىڭىز، يىگىتلەرنىڭ، بولۇپمۇ گۈزەللىك قارىشى ئېنىق، گۈزەللىكنى چىرايدىن ئەمەس، قەلبىدىن ئىزدىگۈچى يىگىتلەر سىزنىڭ ئىشقى - پىراقىڭىزدا كۆيۈپ، ئاھىدىن يالقۇن چاچىدۇ، ئىشق چۆللىرىدە سەرسان بولىدۇ، بۇ يالقۇن پۈتكۈل سۆيگۈ ئالەمىنى ئىللىق هارارەتكە چۆمدۈرىدۇ!

## يىگىرمە سەككىزىنچى ئەڭگۈشتەر

# «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدىم!...»

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدا بىز دائىم: «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدىم!...» دېگەن مەزمۇندىكى مىسرالارنى ئۇچرىتىپ قالىمىز. قارىماققا بۇ بىر ئادەتتىكى ئىشق ـ مۇھەببەت ئىزھارىدەك تۇيغۇ بەرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مەنىۋى چوڭقۇرلۇقى ۋە تارىخى ناخشىنىڭكىدىنمۇ ئۇزۇن. نېمە ئۈچۈن كىشىلەر، بولۇپمۇ ياش قىز ـ يىگىتلەردە كۆپىنچە ھاللاردا «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش» ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ؟ بۇنىڭ ناخشىلىرىمىزدا تەسۋىرلەنگەن «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدىم» بىلەن زىچ باغلىنىشى بارمۇ قانداق؟

ئىلگىرى بەزى مۇتەخەسسىس دانالار «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش» ھېسسىيات جەھەتتىكى سۇيۇقلۇقنىڭ، تۇتۇرۇقسىزلىقنىڭ، ياشلىق قىلغانلىقنىڭ ئىپادىسى، بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالغاننى ھېچقاچان ھەقىقىي مۇھەببەت دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ، بۇنداق مۇھەببەت بەربىر تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، شۇڭا مۇھەببەتتە چوقۇم ئۇزاق مۇددەتلىك ئارىلىشىش، سىنىشىش، چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق مۇراد ـ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ياخشى، دەپ قاراپ، ماھىيەتتە مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى بوغقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان «ئۇزۇن مۇددەت ئارىلىشىش، سىنىشىش، چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق مۇرادقا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

يېتىش» نەزەرىيەسىدىكى قىز ـ يىگىتلەر ئارىلىشىش ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ ئەخلاقتىن سىرتقى ئىشلاردىمۇ «سىنىنىشىپ» سېلىپ، ئۆمۈرلۈك بەختىنى قۇربان قىلماقتا. تۇرمۇش قۇرغان تەقدىردىمۇ ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات يېقىنلىقى ئىنتايىن كەم بولۇش سەۋەبىدىن، بۇنداق ئۇزۇن مۇددەت ئارىلاشقان، سىناشقان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مىڭ بىر مۇشكۈلدە قۇرۇپ چىققان «بەختلىك ئائىلىسى» (ئەمەلىيەتتە ئۇلى ئىنتايىن بوش ئائىلە) بۇزۇلۇشقا يۈز تۇتماقتا. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ راستتىن بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش قىز ـ يىگىتلەرنى خاتا يولغا باشلاپ قويامدۇ؟

ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، قەدىمدىن بېرى خەلقىمىز ئارىسىدا ئىنتايىن بەختلىك ئائىلىلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولغان، كىشىلەر «تەقدىر پېشانە، تەقدىرنىڭ ئىرادىسى» دەپ ئاتايدىغان بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش ھەقىقەتەن ئىككى جىنس ئارىسىدىكى ئىنتايىن تەبىئىي تەقەززالىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ تەبىئىي ھېسسىيات بىلەن فىزىيولوگىيەلىك ماس كېلىشنىڭ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، روھ ۋە تەندىن تۈزۈلگەن ئادەمنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ قارشى جىنسلىق روھ ۋە تەندىن تۈزۈلگەن ئادەمنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ پەۋقۇلئاددە ماس كېلىپ قېلىشى ۋە بۇ ماس كېلىشنىڭ ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى بولغان كۆزلەرنىڭ ئۇچرىشىشى، تېرىلەرنىڭ تېگىپ كېتىشى ۋە پۇراش سەزگۈلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە سېزىمى ئارقىلىق چوڭ مېڭىگە ئۇچۇر يەتكۈزۈشى ئارقىلىق ئورۇندىلىنىدىغان جەريان بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغان قىز ـ يىگىتلەر تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندا سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ كۈچلۈك غىدىقلىنىشى ۋە ياردىمى بىلەن «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش» ھادىسىسى يۈز

بېرىدىكەن. بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قىلىش ھەرگىزمۇ نوقۇل جىنسىي تەلەپ ئېلىپ كەلگەن ھېسسىيات جەريانى ياكى شەھۋانىي ھېسسىيات بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي چىن مەنىدىكى مۇھەببەت ھېسسىياتى ئىكەن.

«يىگىت شەھەر كوچىلىرىدا كېتىۋاتسا، كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاڭلىنىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر نەچچە لەشكەر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ھەيۋە قىلىپ يول ئېچىپ كېلىۋاتقۇدەك. بۇ زادى نېمە ئىشتۇر، دەپ ئۆزىنى پىنھانغا ئېلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا نۇرغۇن قورۇقچىلارنىڭ ھىمايىسىدە بىر پەيتۇن كېلىپتۇ. پەيتۇننىڭ ئىچىدە ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس بىر گۈزەل قىز شەھەر كوچىلىرىنى تاماشا قىلىپ كېلىۋاتقۇدەك. يىگىت قىزنىڭ جامالىغا ئاشىق بولۇپ بىر ئاھ چېكىپتۇ ـ دە، ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ... كېيىن سۈرۈشتۈرسە، بۇ ئاي مەسەللىك قىز شاھنىڭ يالغۇز قىزى ئىكەن، ھەر جۈمە كۈنى بىر قېتىم مۇشۇنداق شەھەرنى تاماشا قىلىدىكەن...» دېگەندەك تەسۋىرلەر ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە بىزنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغان تەسۋىرلەر بولۇپ، بۇلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، بۇ مۇھەببەتنىڭ ئاخىرى قانداق بولار دېگەن بېسىپ بولغۇسىز بىر تەشنالىق قەلبىمىزنى لەرزىگە سېلىپ بىزنى ئارام تاپقۇزمايدۇ. يىگىتنىڭ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، «جاندىن كېچىپ جانانغا يېتىشى» نى ئوقۇغىنىمىزدا بولسا، ئاراملىق بىلەن تىن ئېلىپ رازىمەنلىك ھېس قىلىمىز. سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئوۋدىن ئېزىپ قېلىپ، تاسادىپىي پۇرسەتتە كىچىك مۇقامچى ئامانىساخاننى ئۇچرىتىپ قېلىشى ۋە ئۇنىڭ مۇڭلۇق مۇقاملىرىنى ئاڭلاپ، ئوقۇغان غەزەللىرىدىن بەھرىلىنىپ ئۇنىڭغا شۇ ھامان ئاشىق بولۇشى ۋە ئاخىرىدا ئۇنى ئەمرىگە ئېلىشى قاتارلىق ۋەقەلىكلەر

ناھايىتى ئۇزۇن زاماندىن بېرى خەلقىمىزنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ كەلگەن مۇھەببەت ھېكايىلىرىنىڭ بىرى. بۇ ھېكايىلەردىكى بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىشقا دائىر بايانلار ۋە شەخسلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى نېمە دېگەن تەبىئىي ۋە نېمىدېگەن تەسىرلىك ـ ھە؟ بۇنىڭدا تۈگىمەس بىر ھايات كۈيى مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ئەمەسمۇ!

بىر دوستۇم ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ بويىغا يەتكەندىن كېيىن بىر مۇنچە يىگىتلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ كېتەلمەي، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات يولىنى بىللە بېسىش توغرۇلۇق تەلەپلەرنى قويۇپتۇ. بۇ يىگىتلەرنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئىستېداتلىق ۋە قاملاشقان، خىزمەت ئورنى ياخشى، ئىناۋىتىمۇ يۇقىرى يىگىتلەرمۇ بار ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر بۇلارغا تارتمايدىكەن، شۇڭا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيدىكەن، كېيىنكى تۇرمۇشنى بۇ يىگىتلەر بىلەن بىللە بېسىشقا كۆزى يەتمەيدىكەن. ئۇ يىگىتلەرنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغاچقا، بەزى دوستلىرى ۋە خىزمەتداشلىرى ئۇنى ئەيىبلەپ: «ھەي كۆزى يوق، شۇنداق ياخشى يىگىت چىقسا ئۇنىڭغا ماقۇل بولمىغىنىڭ نېمىسى، كېيىن چوقۇم پۇشايمان قىلىسەن» دەپ كېتىپتۇ. ئەمما، ئۇ بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا قويۇپتۇ، كۆڭلى يوق تۇرۇپ ئائىلە قۇرۇپ، ئۆزىنىمۇ، يىگىتنىمۇ بەختسىز قىلىپ قويۇشنى خالىماپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە غايىۋى ئىستەكلەر بار بولۇپ، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان يىگىتتىن بىرى بىلەن تېپىشىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ. ناھايىتى تاسادىپىي ھالدا، دوستى بىلەن سەيلە ئۆتكۈزگەن بىر يىگىتكە ئۇچراپتۇ. ئۇ يىگىت دوستىنىڭ تونۇشى ئىكەن، يىگىت ئۇلار بىلەن بەش ـ ئالتە

ئېغىز پاراڭلىشىپتۇ ـ دە، كېتىپتۇ. ئۇ ئادەتتىكى يىگىت ئىكەن، ۋاي دەپ كەتكۈدەك ھېچ يېرى يوق ئىكەن. ئەمما، دەل مۇشۇ يىگىت نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ يادىدىن چىقماپتۇ، نېمىگە مۇشۇنداق ئويلاپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ نەرىنى خىيال قىلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەيدىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى تۇتۇپ بېقىپ، بۇ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئەمما، قىز بالا بولغاچقا، بەك تەشەببۇسكار بولۇپ كېتەلمەپتۇ. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىدە بېسىپ بولغۇسىز بىر ئىشەنچ تۇغۇلۇپتۇ. ئۇ يىگىتنى ياخشى كۆرگىنىدەك، يىگىتنىڭمۇ ئۆزىنى چوقۇم ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلاپتۇ. لېكىن، يىگىتتىن خەۋەر كەلمەي بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كېيىن... ئۇلار تەتىلگە باللىرنى قويۇۋېتىپ، ئەمدى ئۆيلەرگە كېتەيلى دەپ خىزمەتداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپتۇ. قىزنىڭ يۈرىكى ئېمىنىدۇر تۇيغاندەك دۈكۈلدەپ سىلىپ كېتىپتۇ. تېلېفوننى ئالغان خىزمەتدىشى تۇرۇپكىنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپتۇ. تېلېفون قىلغان كىشى دەل ئۇنىڭ غايىۋى سۆيگىنى ئىكەن!

— شۇ تېلېفوندىن كېيىن بىز بىر نەچچە قېتىم ئۇچراشتۇق ھەم بىر نەچچە ئاي مۇھەببەتلەشتۇق، — دېدى دوستۇم ماڭا، — كۈز كەلگەندە توي كۈننى بېكىتىپ تويىمىزنى قىلدۇق. بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالغان ئېرىم بىلەن ھازىر تولىمۇ بەختلىك ئۆتۈۋاتىمەن. توۋا، تەقدىر دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن. مېنىڭچە بولغاندا بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالىشمۇ ھەقىقىي مۇھەببەت بولىدىكەن.

ناخشىلاردا ئۇزۇلمەي ياڭراپ كېلىۋاتقان بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىشتىن ئىبارەت بۇ ھايات ساداسى، چۆچەك، خەلق داستانلىرى

ۋە قىسسەلەردە ئېيتىلىۋاتقان قىزلارنىڭ يىگىتلىرىنى، يىگىتلەرنىڭ قىزلارنى، شاھزادىلەرنىڭ مەلىكىلىرىنى، مەلىكىلەرنىڭ باتۇر يىگىتلەرنى، شاھزادىلەرنىڭ مەسۇم سەھرا قىزلىرىنى بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىشى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن فىزىيولوگىيەلىك، پسىخىك ماس كېلىش، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىش جەريانى بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ياكى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن نەرسە ئەمەس. بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش نىمىدېگەن تەبىئىي ۋە نىمىدېگەن گۈزەل، سۆيۈملۈك - ھە! ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى يېتىلدۈرگەن گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتى، پسىخىك جەھەتتىكى ناتىۋانلىقى، تەبىئىيلىكى خۇددى سۇزۇك تاغ سۇلىرىدەك جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ، جۇشقۇن ھايات قاينىمىغا جور بولغان ۋە مەڭگۈلۈك مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان سىمفونىيەنى ياڭرىتىپ تۇرىدۇ!

يىگىرمە توققۇزىنچى ئەگىشتەر

## يىگىت تاللاشتا ئېنىق نىشانىڭىز قايسى؟

بۇ دۇنيادا ئاشىق بولۇش، جورا تاللاش ئىشلىرى يىگىتلەرگىلا بەخشەندە قىلىنۇېتىلگەن ئەمەس. سىز بىر ئەخلاق ـ پەزىلەتتە، قائىدە ـ يوسۇندا، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە يۇرۇش ـ تۇرۇشتا كامالەت تاپقان يارامىلىق قىز بولغانىكەنسىز، ئەلۋەتتە كەلگۈسى تۇرمۇشىڭىزدا سىزگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولالايدىغان يارامىلىق يىگىت تاللىشىڭىز، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى يارىتىشقا ئاساس سېلىشىڭىز كېرەك.

ئۇنداقتا، سىزنىڭ يىگىت تاللاشتىكى ئېنىق نىشانىڭىز قايسى؟

تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، ھازىرقى شارائىتتا قىزلارنىڭ يىگىت تاللىشىدا مۇئەييەن ئۆلچىمى بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭلا كونكرېت، ئېنىق نىشانى يوق ياكى يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەن. بۇمۇ قىزلارغا غايە ۋە ئېتىقاد تەربىيەسىنى يۈرىكىگە سىڭدۈرۈۋەتمىگەنلىكىنىڭ قىزلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى روھىي كەيپىياتىغا كۆرسىتىۋاتقان چوڭقۇر تەسىرىنىڭ روشەن ئىپادىسى بولۇپ، بىزنىڭ دىققىتىمىزنى كۆپرەك تارتىشقا تېگىشلىك. قىزلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى شوخ، مودا، گەپ دېسە بەش كىشىلىك قىلىدىغان، جاھاندا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پەرۋايى پەلەك يۈرىدىغان، قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ماھىر يىگىتلەرنى ئۆزىنىڭ نىشانىسى قىلىدىكەن. تېخى

مەدەنىيەت سەۋىيەسى خېلىلا يۇقىرى، ئەخلاقىي پەزىلىتى ياخشى، كىشىلەرنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك قىزلارمۇ ئەنە شۇنداق ھېسسىياتتا بولۇپ، مۇشۇ ئېتىقادسىز يۇرەكتىن ئۇرغۇغان تەلۋە ھېسسىياتنىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن قىزلىرىمىزنىڭ بەختى سۇغا چىلىشىپ، ئىستىقبالى قاراڭغۇ بولۇپ كەتكەن. بۇ قىزلار تېخى ئۆزلىرىگە ئوخشاش قائىدە - يوسۇنلۇق، سىپايە، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان، ئېغىر - بېسىق يىگىتلەرنى ياخشى كۆرمەيدىغان ياكى ياخشى كۆرۈشى ئالدىنقىلارغا قارىغاندا تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىكەن. مانا بۇنداق تەتۈر تاناسىپلىق جەمئىيىتىمىزدە نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ.

مەلۇم بىر رېستوراندا جاز مۇزىكىسى چېلىپ ناخشا ئېيتىدىغان، نامىنى شۇ رېستوراننىڭ دائىملىق مېھمانلىرى بىلەن خىزمەت ئورنىدىكىلەردىن باشقىلار ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان بىر ياش ناخشىچى بالا بار ئىدى. ئۇ بىر قېتىم توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆي تۇتمايلا ئاجرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كەينىدىن ياش، چىرايلىق قىزلار پەرۋانە بولاتتى. بۇ ئەھۋالنى ئۇزۇندىن بېرى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان بىر خىزمەتدىشى ئۇنىڭدىن: «سەن بىر قېتىم توي قىلغان قېرى يىگىت تۇرۇقلۇق، قىزلارنى ئاجايىپ كەلتۈرۈۋېتىدىكەنسەن، سېنىڭ بۇ جەھەتتە زادى قانداق ھۈنىرىڭ بار؟» دەپ سورايتىكەن، ناخشىچى كۈلۈپ كېتىپ: «مەن شوخ ناخشىلارنى ئېيتىدىغان ناخشىچى، قىزلار قاتناشقان بىرەر سورۇندا ئولتۇرۇپ قالسام، ئىككىلا شوخ ناخشا ئېيتسام، مەن بىلەن ئەمدىلا تونۇشقان قىزلاردىن ئىككى - ئۈچى ئۆزلۈكىدىن كېلىپ قالىدۇ، مەن بۇنى بىلمەيلا قالىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ خىزمەتدىشى: «قىز

كەلتۈرۈشتە سىڭىدىمۇ يامانلار بارمۇ؟» دەپ سورىسا، ناخشىچى: «بار، قىزىقچى، چاقچاق قىلىپ سورۇندىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغانلار بولسا، ئۇلار ھەتتا مەن كەلتۈرگەن قىزلارنىمۇ تارتىۋالالايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. مانا بۇلاردىنلا بىز قىزلىرىمىزنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاسانلا ئاشۇنداق ئالىقاپلارغا ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ۋە ئۇلاردا غايە، ئېتىقاد قارىشىنىڭ نەقەدەر سۇسلۇقىنى، مۇشۇ جەھەتتە تەربىيەلىنىشىنىڭ ئاجىزلىقىنى، پەزىلەت غۇنچىلىرىنىڭ يۈرىكىدە ئېچىلمىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن يىگىت تاللاشتا خاتا قاراشتا بولىدىغانلىقىنى، خاتا يولغا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. ئەگەر پەزىلەت غۇنچىسى ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە ئېچىلغان بولسىدى، يىگىتلەرگە پاراسەت كۆزى بىلەن قاراپ، ئاق ـ قارىنى ئېنىق ئايرىپ، ئۇنداق تەلۋە ھېسسىياتنىڭ قۇلى بولمىغان، مودا ناخشىچى بولامدۇ، سورۇندىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان قىزىقچى بولامدۇ، ھېچقايسىسىنى تاللىمىغان، مەپتۇن بولۇپ قالمىغان بولاتتى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئاشۇ ناخشىچى، قىزىقچىغا مەپتۇن بولۇپ قالغان قىز ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرى بىلەن توي قىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىگە كۈنبويى مودا ناخشا ئېيتىپ بەرمەيدىغانلىقىنى ياكى كۈن بويى قىزىقچىلىق قىلىپ كۈلدۈرۈپ يۈرمەيدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ پەقەت مۇئەييەن سەنئەت شەكلىنى ئالغان ئانچىكىم بىر ھۈنەر ئىكەنلىكىنى، مەلۇم ماكان ۋە زاماندىلا ئادەمگە مەنىۋى زوق ئاتا قىلالايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولسىدى، ھەرگىزمۇ شوخ ناخشىچىغا ياكى قىزىقچىغا مەپتۇن بولۇپ يۈرمىگەن بولاتتى. مانا بۇ تۇرمۇشتىكى ئاددىي بىر ھەقىقەت، ئەمما ناھايىتى تەستە بىلگىلى بولىدىغان ھەقىقەت،

قىزلار چوقۇم بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىشى ۋە بۇ ھەقىقەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پارلاق كەلگۈسىگە ئاساس ھازىرلىشى لازىم.

بىر دوستۇم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئايچىچەك ئىسىملىك بىر قىز بار ئىدى، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى بەكمۇ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەنىدى. ئۇنىڭ سىپايىلىكى، گۈزەل ئەخلاقى، خىزمەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۇنى تونۇيدىغانلىكى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىماي قالمايتتى. ئۇ ئاددىي خىزمەت ئورنىدا ئاددىي بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، تېخى يېشى كىچىك تۇرۇپلا دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ئۇنى كېلىن قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئوغۇللىرىغا سايە قىلىشقانىدى. ئەمما، بۇ قىز بىر كۈنى تۇيۇقسىز تونۇش ـ بىلىشلەرگە توي باغىقى تارقىتىپ، بىر ھەپتىن كېيىن توي قىلدى. تويىنىغۇ قىلدى، ئەمما توي قىلغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلدى. ئۇ توي قىلغان يىگىت بىر ئارتىس بولۇپ، ئۆزىدىن بىر نەچچە ياش كىچىك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىچىك چېغىدىلا بىر نەچچە كىنولاردا رول ئېلىپ كىشىلەرگە خېلىلا تونۇش بولۇپ قالغانىدى. ناخشا ئېيتالايتى، ساز چالاتتى، ئىشقىلىپ ئارتىسلىقنىڭ ھەر قانداق ساھەسىدىن خەۋىرى بار ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ كىچىك تۇرۇپلا ئىستىلدا بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، چېكىدىغانلىقىنى، ئالىقاپلىقىنى، توي قىلىشنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت بىر شەكىل بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىر ئەر بولۇش مەسئۇلىيىتى ئېلىشنىڭ يوقلۇقىنى بۇ قىز توي قىلغاندىن كېيىنلا چۈشىنىپ يەتتى، ئەمما ئۇ بەرىبىر تولىمۇ كېچىككەنىدى. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنى يېڭى توي قىلدى، دەپ ھەر قايسى جەھەتلەردىن شارائىت يارىتىپ بەردى، ياردەم قىلدى. ئەمما، قىزنىڭ ئېرى ھەر خىل ئاماللار بىلەن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن پۇل ئېلىپ، ئۇنى

ئويناپ، كېيىپ ـ ساپا سۈرۈپ تۈگىتىپ، ئىچكىرىلەرگە جىمجىتلا قېچىپ كېتىپ يۈردى. بىر يىلغا يەتمەيلا بۇ ئالىقاپ لاياقەتسىز يىگىت قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ 50 ~ 60 مىڭ سوم پۇلىنى شامالغا سورۇۋەتتى. بۇ قىز ھەتتا بەزى چاغلاردا يېرىم يىلغىچە قىزىقچى، ناخشىچى بۇ ئارتىس ئېرىنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەي قالاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئاكا ـ ئاچىلىرىنىڭ تۈگىمەس تاپا ـ تەنىسىگە قالدى، گۈزەل چىرايى سۇلۇشقا، جۇشقۇن روھىي كەيپىياتى چۈشكۈنلىشىشكە باشلىدى. ئۇ يا ئاجرىشىپ كېتىپ ھايات يولىنى قايتىدىن توغرىلاشنى ياكى مۇشۇ پېتىچە ئۆتۈۋېرىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. ھەر ئىككىلا ئۇسۇل ئۇنىڭ شىكەستىلەنگەن قەلبىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيتتى، ئاجرىشىپ كەتسىمۇ، ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن بالىسىنى يېتىم قىلاتتى. ئۇ خاتا باسقان بىر قەدەمنىڭ كاساپىتىدىن ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالدى...

قىزچاق، سىزنىڭ يىگىت تاللاشتىكى نىشانىڭىز قايسى؟ قانداق يىگىتلەر سىزگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ؟ بۇ توغرىسىدا ئويلاندىڭىزمۇ؟

غايە ۋە ئېتىقاد ئوغۇللارنىڭ قىز تاللىشىدا بولسۇن ياكى قىزلارنىڭ يىگىت تاللىشىدا بولسۇن، ئەڭ مۇھىمى ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. ھەرگىزمۇ ئۆمۈرلۈك ئىشقا بىردەملىك تەلۋە ھېسسىياتنى ئارىلاشتۇرۇۋالماسلىق، تۇرمۇشتا يولۇققان ھەر قانداق يېڭى، ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارغا ئۇچرىغاندا ئالدىراپ كەتمەسلىك، پاراسەت كۆزى بىلەن قاراپ، ئويدان ئويلىنىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا قىز ـ ئوغۇللار مۇناسىۋىتىدە چوقۇم چاتاق چىقماي قالمايدۇ. تەكشۈرۈشىمىزچە، قىزلارنىڭ كۆپى شوخ يىگىتلەرگە ئامراق ئىكەن، بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى يۇقىرىدا قىزلارنىڭ

يەڭگىلتەكلىك قىلىپ، بىر دەملىك ھېسسىياتىنىڭ مەھسۇلىغا مەپتۇن بولۇش دەپ تەھلىل قىلغانىدۇق. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق غايىلىك، ئېتىقادلىق، ھەربىر قەدىمىنى ئويلىنىپ باسىدىغان، پەزىلەت گۈللىرىنى يۈرىكىدە ئېچىلدۇرالىغان قىزلار ھەرگىزمۇ بۇ يولغا دەسسىمەيدۇ، بەلكى ئۆزى بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتەلەيدىغان، ئۆزىگە ھەقىقىي بەخت ئاتا قىلالايدىغان، پاراسەتلىك، ئۆزىنى تۇتقان، ئەخلاقلىق يىگىتلەرنى تاللايدۇ.

يىگىتلەرمۇ خۇددى پەزىلەتلىك، ئېتىقادلىق قىزلىرىمىزغا ئوخشاش ھەقىقىي يىگىتلىك جاسارىتىنى يۈرىكىگە ئورناتمىسا، بۇنداق يىگىتلەرنى پەزىلەتلىك قىزلىرىمىزنىڭ تاللاش ئوبيېكتى قىلىشىغا ھەرگىز ئەرزىمەيدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئوتتۇزىنچى ئەڭگۈشتەر

## يارامىلىق يىگىتلەر قانداق بولىدۇ؟

ئۇنداقتا، يارامىلىق يىگىتلەر قانداق بولىدۇ؟

راستىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭدا ئېنىق ئۆلچەم يوق، ئىنسان ئەۋلادى ئەسلىدىنلا مىجەز ـ خاراكتېر ۋە روھىي دۇنيا جەھەتتىن پەرقلىق ھالدا يارىتىلغان، شۇنداق بولغاچقا، ھېسسىيات ئىشىغا قاتتىق ئۆلچەم قويۇۋېلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە رېئاللىقتىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، قىزلارنىڭ نەزىرىدىكى يارامىلىق يىگىتلەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. قويغان ئۆلچەملەرمۇ ئەلۋەتتە ھەر خىل، ئەمما بىز يىگىتلەرگىمۇ گۈزەل ئەخلاق، ئەدەپ ۋە ئېتىقادنى ئۆلچەم قىلىدىغان بولساق، يىگىتلەرنىڭمۇ ياخشىسى بىلەن يامىنى، يارامىلىقى بىلەن يارامسىزى ئىلغىنىپ چىقىدۇ. تۆۋەندە بىز ئەخلاق تارازىسى ئارقىلىق يارامىلىق يىگىتلەرنى ئۆلچەپ چىقىمىز:

بىرىنچى، يىگىتلەرنىڭ ئەڭ يارامىلىقى ۋە تىلغا ئېلىپ ماختاشقا ئەرزىيدىغىنى، ئۆزىدە يىگىتلىك جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، ۋىجدان، نومۇسنى يىگىتلىكنىڭ تېشىلمەس قالقىنى قىلغان، ياخشىلىق ۋە يامانلىق قارىشى، ھەق ـ ناھەق قارىشى ئېنىق بولغانلىرىدۇر. قىزلار بۇنداق يىگىتلەرنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كۆپ ئۇچرىتىدۇ ھەم مۇشۇ جەھەتتىكە قايىل ۋە مايىل بولۇپ كۆڭۈل بېرىدىغان ئىشلارغىمۇ كۆپ يولۇقىدۇ. گۈزەل

ئەخلاقلىق قىزلارنىڭ مانا مۇشۇنداق جاسارەتلىك يىگىتلەر بىلەن تەقدىرنىڭ تەقەززاسىدىن ئۇچرىشىپ مۇرادىغا يېتىشىشى ھەممىمىزنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان خۇشاللىنارلىق ئىشتۇر. ئەمما، بۇ خىلدىكى يىگىتلەرنىڭ قىزلارغا بېرىدىغان تۇنجى تەسىراتى ئۇنچە ياخشى بولماسلىقى مۇمكىن. يىگىتلىك جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق يىگىتلەر كۆپىنچە قىزلارغا مەغرۇر، قوپال تەسىر بېرىدۇ ـ دە، قىزلارنىڭ ئەيمىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ بۇنداق يىگىتلەر يىگىتلىك جاسارىتىنى نامايان قىلىشى، ساپ ھېسسىياتى ۋە كۆڭلىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە قىزلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. قىزلار بۇنداق يىگىتلەر بىلەن تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن يارامىلىق بىر يىگىتنى تاللىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. بىر قىز دەل مۇشۇ خىلدىكى بىر يىگىتكە يولۇققاندا دەسلەپتە بەك قورقۇپ كەتكەن، گەرچە ئۇ بەش يىللىق ساۋاقدىشى بولسىمۇ، بۇ يىگىتتىن بەش يىل قېچىپ يۈرگەن، بەزى سەممىمىي ئىشلىرىنى خاتا چۈشىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقان، يېقىنلىشىشتىن ئۆزىنى تارتقان، يىگىتكە كۆڭلىنى ئىپادىلەشكە پەقەتلا پۇرسەت بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەكتەپ پۈتكۈزۈپ كەتكەن. بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەتتە يىگىت ئاندىن ئۆز كۆڭلىنى قىزغا ئىزھار قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، قىز ئەنە شۇ چاغدىلا بۇ يىگىتنىڭ تولىمۇ سەممىمىي، ئېغىر ـ بېسىق، مەردانە يىگىت ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ دەل مۇشۇنداق يىگىتنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ئىزدەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا بەختلىك ئائىلە قۇرغان، يىگىت ئۆزىنىڭ جاسارىتى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ تېزلا ئىگىلىك

تىكلىگەن، جەمئىيەتتىمۇ بىر كىشىلىك ئىناۋەتكە ئېرىشكەن. بۇ قىز ئىلگىرى بۇ يىگىتنى شۇنچە يىل قىيىنغانلىقىنى ئەسلىگىنىدە، شۇنچىلىق ئۆيلىپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇلۇغۋار غايە ۋە تەسەۋۋۇرلارغا باي، ئىجادچانلىقى كۈچلۈك، تەپەككۇرغا باي يىگىتلەردۇر. بۇ تىپتىكى يىگىتلەرنىڭ نۇتقى ياخشى، شۇنداقلا نۆۋىتى كەلگەندە ناھايىتى يۇمۇرلۇق ۋە قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلىپ بىرىپ قىزلارنى كۈلدۈرەلەيدۇ ۋە ناھايىتى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرى بىلەن ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزنىنى دەڭسىيەلەيدۇ، تىرەن ئىلمىي تەپەككۇرى ئارقىلىق ئەتراپىغا نۇرغۇن ئادەم توپلىيالايدۇ. بۇنداق يىگىتلەرگە قىزلار ئاسانلىقچە يېقىنلىشالمايدۇ، چۈنكى بۇنداق يىگىتلەرنى قىزلار ئۆزى بىلەن ئارىلىقى ناھايىتى يىراق، يەتكىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. قىزلارنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشى تۆۋەن بولۇش، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىنمۇ بىلىم ئېلىشى نوقۇل دەرسلىكلەردىكى مەزمۇنلار بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىش سەۋەبىدىن، خەلقئارا ۋەزىيەتكە، ئىلمىي مۇلاھىزىلەرگە، داۋاملىق بىلىمنى يۇكسەلدۈرۈپ تۇرۇشقا ئىنتىلمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە يىگىتلەردىن ئەيمىنىدۇ، ئەجەب بىلىملىككەن، مۇلاھىزىلىرى چوڭقۇركەن، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالىدىكەنمەن، دەپ قارايدۇ ـ دە، ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ. ئەمما، بىر مەزگىللىك مۇشۇنداق ھېسسىياتتىن كېيىن تۇگۈن يېشىلىدۇ، چۈشىنىش بارغانچە چوڭقۇرلىشىدۇ، ئەگەر جۈرئەتلىك قىزلار كاللا ئىشلىتىپ يېقىنلاشسا، ئۆزىنىڭ ناھايىتى توغرا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا مېھرى چۈشۈپ قالىدۇ، ھەر نە مۇشكۈللۈك كەلسىمۇ بىرلىكتە يېڭەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئىستىقبالىدىن گۇمانلانمايدۇ. دەرۋەقە بۇنداق يىگىتلەرنىڭ

ئىستىقبالى ھەقىقەتەن پارلاق بولۇپ، قىزلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك تاللاش ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. مەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان بىر نەچچە قىز دەل مۇشۇنداق يىگىتلەرگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇلار ئائىلىسىنىڭ ھېسسىياتقا ۋە شادلىققا تولغانلىقىنى، ئۆزلىرى ئېرىشكەن يىگىتلەرنىڭ كەلگۈسىدە چوقۇم چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشتى.

ئۈچىنچى، ئەخلاق ۋە پەزىلەتتە تەڭلا يېتىلگەن، كەلگۈسىگە قارىتا ئۈمىدۋارلىق پوزىتسىيەسىدە بولىدىغان، مول بىلىم ۋە يىگىتلىك جاسارىتىنى يېتىلدۈرگەن، كەلگۈسى پارلاق يىگىتلەر باردۇركى، بۇنداق يىگىتلەرنىڭ ئاساسى چىڭ، شۇنداقلا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى كۈچلۈك بولىدۇ. قىزلار بۇنداق يىگىتلەرنى تاللىغاندا (ئەگەر مىجەزى چىقىشىپ قالسىلا)، بەختى ئېچىلغان سانىلىدۇ. بۇنداق يىگىتلەر ئادەتتە سالماق ۋە ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇپ، تۇرمۇشتا يولۇققان مەسىلىلەرگە قارىتا پەقەت ئۆزىنىلا مەركەز قىلىۋالماستىن، ئۆزى بىلەن جورىسىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ۋە ھەر قانداق ئىشنى مۇشۇ بويىچە بىجىرىدۇ. بۇنداق يىگىتلەرنىڭ قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ، شۇنداقلا قىزلارمۇ بۇنداق يىگىتلەرنى تاللىغاندا ھەرگىز زىيان تارتىپ قالمايدۇ. بىر ئادەمگە نىسبەتەن ھاياتلىق كۈندە يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، يېڭىدىن يېڭى ئۈمىدلەرگە تولغان بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ دۇنيادا كىشىنى بىردىنبىر ياشنىتىپ، ھاياتنى كۈچكە ئىگە قىلىپ تۇرىدىغان مەنىۋى كۈچ ئۈمىدۋارلىقتۇر. كۆپ ياشايدىغان، كۆپ ئىشلارنى قىلالايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈمىدۋار، كەلگۈسىنى ئالدىن كۆرۈۋالغاندەك ياشايدىغان كىشىلەردۇر. قىزلارنىڭ تاللىغان يىگىتى

ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئۈمىدۋار بولسا، بۇنداق ئائىلىنىڭ كۈنى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، پەلەكنىڭ ھەر قانداق دەھشىتىمۇ، تاشتىن قاتتىق كۆڭۈللىرىمۇ بەك قاتتىق تەسىر قىلىپ كېتەلمەيدۇ، قايغۇمۇ خۇشاللىققا ئايلىنىدۇ.

تۆتىنچى، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن جاسارەتنى بىرلەشتۈرگەن، كۆرۈنۈشتە ياۋاش ـ يۇمشاق، مۇلايىم كۆرۈنگىنى بىلەن ئىچكى ئېنېرگىيەسى كۈچلۈك، ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك بولغان يىگىتلەردۇر. بۇنداق يىگىتلەر كەم سۆز، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى مول ۋە رەڭگارەڭدۇر، ئۇلار تۈگىمەس ھاياتىي كۈچكە، ناھايىتى مۇلايىم يۈرەككە ئىگە بولۇپ، قىزلارنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن تەسىرلەندۈرەلەيدۇ ۋە ئۆزىگە مايىل ۋە قايىل قىلالايدۇ. قىزلار دەسلەپتە بۇنداق تىپتىكى يىگىتلەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمىسىمۇ، ئارىلىشىش جەريانىدا ۋە توي قىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، چىن كۆڭلىدىن قايىل بولىدۇ ۋە بارلىق ئۈمىدىنى باغلايدۇ. كۆزىتىشىمچە، بۇنداق يىگىتلەرنى تاللىغان قىزلارنىڭ كۆپى جانلىق ۋە جۇشقۇن كېلىدۇ ھەم مۇشۇ ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق ئۆز يىگىتىنىڭ ئاجىزلىقىنى ياپىدۇ، شۇنداقلا بۇ يىگىتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مول ۋە رەڭگارەڭ ئىچكى ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق قىزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى ياپالايدۇ. بۇنداق تېپىشقانلار ھەقىقەتەن بەختلىك ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچى، مول غايىگە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن تىرىشچانلىق بىلەن ئالغا ئىنتىلىشچانلىقى كۈچلۈك، ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشلىتەلەيدىغان، ئاق كۆڭۈل، راستچىل، سەمىمىي يىگىتلەردۇر. بۇنداق يىگىتلەر گەرچە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا باي بولمىسىمۇ، تىرىشچانلىقى ۋە تاپشۇرۇلغان

ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئارتۇق سەممىيلىكى بىلەن قىزلارنىڭ ياخشى ئالىيسى بولۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇنداق تىپتىكى يىگىتلەرنى ئالىيلىغان قىزلارنىڭ كۆپى جۇشقۇن، تېتىك، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا باي، كەڭ قورساق قىزلار بولسا تېخىمۇ ياخشى. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ باشقا تىپتىكى گۈزەل ئەخلاقلىق قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇنداق يىگىتلەرگە جورا بولۇشقا ئاساسەن مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا تىپتىكى يىگىتلەر توغرىسىدا ئارتۇقچە مۇلاھىزە ۋە تەكشۈرۈشتە بولمىدىم. مېنىڭچە، بۇنىڭدىن باشقا تىپتىكى يىگىتلەر گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، يارامىلىق يىگىتلەر قاتارىغا كىرەلمەيدۇ، بۇنىڭدىن باشقا تىپتىكى يىگىتلەر يارامىلىق يىگىت بولۇش ئۈچۈن ئەخلاق، يۈرۈش - تۇرۇش، بىلىم، ئۆرپ - ئادەتتە ئۆز - ئۆزىنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا قىزلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يارامىلىق يىگىتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغىلى بولىدۇ. قىزلارنىڭ نەزىرىدىكى يارامىلىق يىگىت بولۇشقىمۇ نۇرغۇن جاپالىق ۋە خاراكتېر يېتىلدۈرۈش جەريانى كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يىگىتلەر كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىدە ساغلام ۋە يىگىتلەرگە خاس خاراكتېر يېتىلدۈرۈشكە كۆپلەپ ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆزلىرىنىڭ يارامىلىق يىگىت بولۇش ئۈلچىمىگە يېتىش شەرتىنى تولۇق ھازىرلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئوبرازى ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى بەختلىك تۇرمۇشقا ئاساس ھازىرلىشى تولىمۇ زۆرۈر.

ئەلۋەتتە، يارامىلىق يىگىتلەر ھەر قانداق تىپتىكى قىزلارنىڭ نەزىرىدە ھەرخىل بولۇشى مۇمكىن، مەن بۇ يەردە پەقەت ئەخلاق، ساپا، كىشىلىك ساغلام خاراكتېر ۋە ئۇزۇندىن بېرى خەلقىمىز

ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆلچەم بويىچىلا ئۆلچەم قويدۇم. بەزى قىزلارنىڭ نەزىرىدىكى يارامىلىق يىگىتلەر بەزى قىزلارنىڭ نەزىرىدە يارامىلىق ھېسابلانماسلىقىمۇ مۇمكىن. بەزى گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە پەزىلەتلىك قىز ـ يىگىتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ يارامىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىنىڭ بەزى خاراكتېرىنى ياراتمايدىغان ئەھۋاللار بولۇشىمۇ مۇمكىن. قىزلارنىڭ نەزىرىدىكى يارامىلىق يىگىتلەر ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە يىگىتلىك خاراكتېرنى ئۆلچەم قىلغاندىن سىرت، يەنە ياخشى كۆرۈش ـ كۆرمەسلىكنى ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم قىلىدىغانلىقتىن، بىر ياخشى قىزنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ يارامىلىق يىگىت گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

## ئوتتۇز بىرىنچى ئەگۈشتەر

## تۇگمەس سېھرىي كۈچ ۋۇجۇدىڭىزدا

ئەي قىز! ئۆزىڭىزنى ئوبدان چۈشەنگەن ۋە ئۆزىڭىزگە مۇتلەق ئىشەنچ تۇرغۇزغان بولسىڭىز، پۈتمەس - تۈگمەس سېھرىي كۈچ ۋۇجۇدىڭىزدا! بۇنىڭدىن ھەرگىز شەكلەنمەڭ!

ئالدى بىلەن سىزنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتتە يېتىلگەن، مول بىلىمگە ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولالىغانلىقىڭىز، سىزنىڭ ئەڭ چوڭ بەختىڭىز ۋە تۈگمەس سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىڭىزدۇر! چۈنكى، قىزلاردىن باشقا ھەر قانداق نەرسە بۇ دۇنيانىڭ جۇلاسى ۋە بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقىي قۇۋۋانچى بولالمايدۇ، شۇنداقلا قىزلارغا بېرىلگەن ئالاھىدە ئىمتىياز ئوغۇللارغا، ئەركەكلەر دۇنياسىغا بېرىلمىگەندۇر. مۇشۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنسىڭىز، ئۆز ۋۇجۇدىڭىزدا قانچىلىك سېھرىي كۈچنىڭ، قانچىلىك يوشۇرۇن ئېنېرگىيەنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى ھېس قىلالايسىز.

مەن مۇشۇ كىتابنىڭ بېشىدا مەلۇم بىر ئايال كارخانىچىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەريانى توغرىسىدا توختىلىپ: «مەن بىر ئايال، مەن بالا تۇغالىغانىكەنمەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق ئىشنىمۇ قىلالايمەن» دېگەن مەردانە سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتكەنىدىم. بالا تۇغۇشتىن ئىبارەت بۇ خۇسۇسىيەت قىز - ئاياللارنىڭ سۆزسىز ئالاھىدە ئىمتىيازى ۋە ئادەم

بالىلىرىنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشىدىكى بىردىنبىر ۋاسىتىسىدۇر، شۇنداقلا قىزلارغا جۇلا بەرگەن ئاجايىپ چوڭ سېھرىي كۈچىنىڭ بىرىدۇر. دەرۋەقە، ئەۋلاد ئىككى جىنس ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت جەريانىنىڭ مەھسۇلى بولىشى، تۆرەلمە توققۇز ئاي ئانىلىنىڭ قورسىقىدا يېتىلىدۇ ۋە ئوزۇقلىنىدۇ، ئاندىن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنىمۇ ئانا بولغۇچى بالا بېقىش ۋە تەربىيەلەشنى بىر قوللۇق ئۈستىگە ئالىدۇ، بالا بېقىشتا ئانىنىڭ رولىمۇ چوڭ بولىشى، ئانىنىڭ رولى مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىنى تەكىتلىمىسەكمۇ، ھەممە كىشى ئانىنىڭ بۇ تەرەپلىرىگە ئىقرار.

ئۇيغۇر قىز ـ ئوغۇللىرىنىڭ كىچىكىدىن ئالغان تەربىيەسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم بولىدۇ، يەنى قىزلار ئۆي ئىشلىرى، تاماق ئېتىش ئىشلىرى ۋە ئائىلىۋى ئەدەب ـ ئەخلاققا رىئايە قىلىش تەرىپىگە قارىتىپ تەربىيەلىنىدۇ، ئوغۇللا بولسا ئۆينىڭ چوڭ ـ چوڭ، ئېغىر ئىشلىرىنى قىلىش ۋە تىنىم تاپماي ئىشلەش ئارقىلىق ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىش قاتارلىق تەرەپلەرگە مايىللاشتۇرۇپ تەربىيەلىنىدۇ ۋە بويىغا يەتكۈچە ئۇلاردا مۇشۇنداق ئاڭ تولۇق شەكىللەندۈرۈلىدۇ. مۇشۇ تەبىئىي ئىش تەقسىماتىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، قىزلار (ئايالالار) ئائىلىنىڭ ئاساسىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى، بالىلارنى تەربىيەلەشنى ئۈستىگە ئالغۇچىلاردۇر. ئائىلە ئىشى كۆزگە كىچىك ئىشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئاجايىپ زور تىرىشچانلىق كېتىدىغان ئېغىر ئىشتۇر، بالا تەربىيەلەشمۇ ھەم شۇنداق، ئۇ سىجىللىقى كۈچلۈك ۋە شۇنداق بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىش، مۇشۇ نۇقتىلاردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئايالالارنىڭ ئائىلىدە ئۈستىگە ئالىدىغان يۈكى ھەقىقەتەن ئېغىر،

مانا مۇشۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرگۈچىلىك ماغدۇرى بار ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەلۋەتتە مۇشۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك سېھرىي كۈچ ۋە يوشۇرۇن ئېنېرگىيە بار، دېگەن گەپ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، قىزلار بۇ دۇنيانىڭ ئۆچمەس زىننىتىدۇر. بۇ دۇنيا گۈزەل ئەخلاقلىق، ئۈز خۇلقلۇق، نازاكەتلىك قىزلار بىلەن گۈزەلدۇر. بۇ گۈزەللىك ئۇلارغا شۇنچىلىك سىڭىشىپ كەتكەنكى، قىزلار گۈزەللىك، گۈزەللىك قىزلار دېگەن تەرىزدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، قىزلارسىز بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ گۈزەللىك ئەلۋەتتە قىزلارنىڭ يەنە بىر سېھرىي كۈچى بولۇپ قېلىشقا تېخىمۇ مۇۋاپىق.

ئۇنىڭدىن باشقا، قىزلار يىگىتلەر قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلالايدۇ، ئەقىللىق كېلىدۇ، ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر تىنىمسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش مۇھىتى بولىدىغان بولسا، قىزلاردىكى يوشۇرۇن ئېنېرگىيە پارتلايدۇ ـ دە، ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق ئالەمشۇمۇل مۆجىزىلەر مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. كيۇرى خانىمنىڭ ئىككى قېتىم نوبېل خىمىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى ۋە پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە يۇقىرى ئىناۋەت تىكلىگەن نۇرغۇنلىغان ئاياللارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىزگە قىزلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پۈتمەس ـ تۈگىمەس سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ بەردى. پەقەت تىرىشچانلىق بىلەن شارائىتلا يارىتىلىدىغان بولسا، بىزنىڭ قىزلىرىمىزنىڭمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرالايدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى تۇرغانلا گەپ. ھازىر دۇنيا سىياسىي مۇنبىرىدە نۇرغۇنلىغان جاسارەتلىك ئاياللار بىرىنچى قول ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ

ئاجايىپ تالانتىنى ۋە سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا. فىلىپىن زۇڭتۇڭى ئارويو، ھىندونېزىيە زۇڭتۇڭى مىگاۋاتى، ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابېت ۋە يەنە شۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇنلىغان ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ تالانتىنى نامايان قىلماقتا. نۇرغۇن مەشھۇر ئاياللار ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بۆسۈپ كىرىپ، نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، جۈملىدىن بىزنىڭ مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان نۇرغۇن جاسارەتلىك قىزلىرىمىزمۇ ھەم شۇنداق، ئۇلارنىڭ ھازىرغىچىلىك قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

ئەي قىز! بۇ دۇنيا قىزلار بىلەن گۈزەلدۇر، جۇلالىقتۇر، قىزلار بولسا كامالەتكە يەتكەن ئەدەپ - ئەخلاقى، جىلۋىسى بىلەن گۈزەلدۇر. بۇ گۈزەللىك ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشى ۋە قىزلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيەلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىزلاردا يۈكسەك دەرىجىدىكى غەيرەت - شىجائەتنىڭ بولۇشى، ئىنتىلىشچان ۋە ئۈمىدۋار روھنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ، بۇ تەقەززالىقنىڭ ئاتقۇرغۇچىسى يەنىلا تەربىيە كۆرگەن، گۈزەل ئەخلاقلىق ئانىغا باغلىق بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق چەمبەرچاس مۇناسىۋەت ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي مۇھىت گۈزەل ئەخلاقلىق قىزلارنىڭ، شۇنداقلا گۈزەل ئەخلاقلىق، جاپاكەش ئانىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتىنى تاپىدۇ. مۇشۇنداق مۇرەككەپ جەمئىيەتنى ئانىلار، گۈزەل ئەخلاقلىق قىزلار تۇتۇپ تۇرالىغانىكەن، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ تەڭداشسىز ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

مەن ئۆزىنى قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدىغان دەپ

ھېسابلايدىغان قىزلارنى كۆپ كۆرۈپ كەتتىم. بىر قانچىلىك ئىش قىلالايتتۇق، بىر كۆپ ئوقۇپ نەگە باراتتۇق، بىزنىڭ بولۇشىمىز مۇشۇ دەيدىغان قىزلاردىنمۇ نۇرغۇنىنى ئۇچراتتىم. دەل مانا مۇشۇ چۈشكۈن روھ ۋە ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈش، ئالغا ئىنتىلمەسلىك، تىرىشماسلىق خاھىشى تۇپەيلىدىن، ئەگەر تىرىشسىلا ئاجايىپ ئۇتۇقلارغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بولغان قىزلار بىكار تەلەپ، ئائىلە ئايالى بولۇپ كەتتى، ئوقۇغان بولسىمۇ تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن تۇرمۇشنىڭ قايىنىمىغا بېشىچىلاپ شۇڭغۇپ، ئۇنىڭ بەزى بىمەنە تەرەپلىرىدىن ئۆزىنى تارتالمايلا قېرىپ كېتىدىغان ئەھۋال تولىمۇ ئېغىر بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بەزى قىزلار ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن يەنە ئۆرلەپ ئوقۇش ياكى داۋاملىق ئۆزى قىزىققان بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ قىلىشنى ئويلىماي، بەربىر بىر نەچچە يىلدىن كېيىن توي قىلىمەن، ئېرىمنىڭ ۋە خىزمىتىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسام، بالا تۇغۇپ ئوبدان چوڭ قىلسام بولدى، دەپ قارايدۇ ـ دە، بىراقلا ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە تۇرمۇش قۇرۇپ ئۆي تۇتۇشقىمۇ يېتەرلىك بىلىم، ساپا بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەمدىغاندۇ؟ بۇ يەردىكى داۋاملىق تىرىشىش، ئۆرلەپ ئوقۇش، ئالغا ئىنتىلىش يالغۇز ماگىستىرلىقتا، دوكتورلۇقتىلا ئوقۇشنى ياكى بىرەر ساھە بويىچە مەخسۇس تەتقىق قىلىشنىلا كۆرسەتمەيدۇ، ئىنتىلىش، بىلىمنى يېڭىلاپ تۇرۇش، شۇنداقلا ئىلگىرى ئۆگەنگەن بىلىمنى بولسىمۇ ساقلاپ قېلىشنى، جاھاننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاز ـ تولا ماسلىشىپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. ھەر كۈنى ئالغا ئىنتىلىپ تۇرغان، كاللىسىنى ئىشلىتىپ، ھەر بىر قىلغان ئىشىدىن نەتىجە يارىتىپ تۇرغان ئادەم ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ساغلام بولىدۇ، بۇ ساغلاملىق

جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلەردىن رەسمىي ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئىنتىلىش، جاھانغا ئۈمىدۋارلىق نەزىرىدە بېقىش، نەتىجە يارىتىش ئىشەنچىسىدە بولۇش، ئۆزىنىڭ ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش قىزلارنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرالايدۇ. مانا مۇشۇ سېھرىي كۈچلا قىزلارنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ھەقىقىي گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

## ئوتتۇز ئىككىنچى ئەڭگۈشتەر

## باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا ھەرگىز چۈشمەيمەن

«باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا ھەرگىز چۈشمەيمەن!» دېگەن تولىمۇ مەردانە ۋە ئىشەنچلىك ئېيتىلغان بۇ سۆز پەزىلەت غۇنچىسىنى قەلب تۆرىدە، يۈرىكىدە ئېچىلدۇرالىغان گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېتىقادلىق ۋە غۇرۇرلۇق قىزلارنىڭ يۈرەك ساداسى، ئۇلار يۈرىكىنىڭ بۇ ھەقىقىي ساداسىنى ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتىدە ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

ئىشىنىشىمىز كېرەككى، بىر قىز كىچىكىدىن ياخشى تەربىيىلەنگەن، ئېتىقادى كۈچلۈك، غۇرۇرلۇق، قەلبىدە پەزىلەت غۇنچىسى ئېچىلدۇرالىغان بولسا، ھەر قانچە تەقىپ قىلىش، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىشمۇ ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، قىزلىق شەنىنى بۇلغاشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئېتىقادسىز غۇرۇرىنى يوقاتقان، چاكىنا قىزلارنىڭ پاچىقىنى سۇندۇرۇۋېتىپ، ساندۇققا سولاپ باققان تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنە ئۆزى بىلگىنىنى قىلىپ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىدۇ، نومۇسىنى بۇلغايدۇ ۋە ئۆزى خورلاش ھېسابىغا ئېرىشكەن ئانچە ـ مۇنچە راھەت ـ پاراغىتىگە خۇشال بولۇپ يۈرىدۇ. مانا بۇ سېلىشتۇرما قىزلىرىمىزنى ئويلاندۇرۇشقا، بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندەشكە تېگىشلىك.

بۇنىڭدىن تۆت يىل ئاۋۋال بىر قىز تۇيۇقسىز بىنادىن ئۆزىنى تاشلىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتتى، قىزنىڭ ئۆلۈمى تولىمۇ سىرلىق

بولـۇپ، گـۇمانلــىنىدىـغـان سەۋەبلــەر ئــىنتـايــن كۆپ ئــىدى. ساقچىلار ئىچكىرىلەپ سۈرۈشتۈرۈش ئـارقىلــىق مۇنداق يەكــۈن چىقاردى: «قىز ئالدىـنقى كۈنـى كەچتە بــىر دوستى تـەرىپىدىــن مەلۇم جايدىكى تۇغۇلغان كۈن ئۆلتـۈرۈشىغا ئـېلىپ بـېرىلغـان. كەچ سائەت ئونغىچە قايتىپ كەلمىگەن، دەل ئون ئىككى بولغاندا تـېلېفـون ئەنسىــز جىرىـڭلاپ، ئۇ قــىزنــىڭ ئۆزىــنـى بىنـادىــن تاشلىۋالــغانلىــقى ئېيــتىلغـان. تەكشۈرۈش ئـارقىلىـق، قىزنـىڭ بىلەك، مۈرىلىرىدە ئەرلەرنىڭ كۈچلۈك قول ئىزى قـالغان، بىــر ئەچچە يېرى يـارىلانغان، كـىيىــمـلىرى يــىرتىلـغـان، قىزنــىڭ جىنــسىي زوراۋانــلىققـا زورلانـغانلــىقى ۋە بۇ زوراۋانــلىقتــىن قۇتۇلۇش، پاكلىقىنى، نومۇسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىــنى بىنادىن تاشلىۋالغانلىقى ئېنىق. ئـەمما، بۇنــىڭغا پـاكىت تولـۇق ئەمـەس.»

بۇ پـاك قىزنـىڭ چېنىــغا زامىــن بـولغانـلار (شـۇ قىزنــىڭ ئاتالمىش دوستلىرى) قــىزنىڭ بـاشقىلار تـەرىپىدىــن قانداقتــۇر يـامـان ئــىشـقـا زورلانـغانلــىق تەرىــپىــنى ئــىقـرار قىــلـمـاي تۆرۈۋېـلىشقـان، شۇنىڭ بـىلەن دېلـو شۇ پېـتـىچە بېسىلــىپ قېلىۋەرگەن. كېيىـن بۇ قىزنـىڭ ئۆرۈق ـ تۇغـقانلـىرى ئىچكـى جەھەتتىـن يوشۇرۇن تـاڭ ـ تىڭلاش ئارقىلـىق، ئەسلــىدە قىزنـى تۇغۇلغان كۈن ئۆلتۈرۈشىغا ئېلىپ كەتكەن قىزلارنىڭ بىر قـارا گۇرۇھتىكىلەرنىڭ «يېڭى مال» تېپىپ بېرىشكە مەسئۇل بولغـان قىز بېدىكلىرى ئىكەنلىكى، بۇ كەسپىنى قىلىش ئارقىلىق كۆپ نـەپكە ئېـرىشىدىغانلـىقى ئېنــىقلانغـان، ئەممـا قـولدا پاكــىت بولمــىغاچقـا، ئۇلار يەنــلا ئاچچــىقىنى ئــىچىگـە يۇتۇپ سـۈكـۈت قىلىشقا مەجبۇر بولغان. قىز بېدىكلىرى بولسا يـەنىلا يوشـۇرۇن ھەرىكەتتە يۈرگەن!...

www.uyghurkitap.com

دېمەك، يۇقىرىدا ھېكايە قىلىپ بېرىلگەن قىز پەزىلەت غۇنچىسىنى يۇرىكىدە ئېچىلدۇرالىغان، پاكلىقىنى، قىزلىق ئىپپەت ـ نومۇسىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان، ئېتىقادلىق قىز بولغاچقا، بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەندە ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشتىمۇ يانمىغان. بىز پاك قىزلىرىمىزنىڭ بېشىغا بۇنداق يامان كۈن كەلمىسۇن، دەپ تىلەيمىز، شۇنداقلا ئۇ قىزنىڭ پاكلىقى ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىنى مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا ئەھمىيەتلىك دەپ قارايمىز.

قىزلىق قەدىر ـ قىممەت جەھەتتىن ئالغاندا، بىر قىزنىڭ پاكلىقىنى ساقلىشى، ئۆزىنى يامانلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماسلىقى، ھەر قانداق قىيىنچىلىق تارتسىمۇ بۇ ئىرادىسىدىن يانماسلىقى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا قىزلارغا خاس ئەڭ مۇكەممەل پەزىلەتتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق پەزىلەتنى قىزلىرىمىز قانچىكى كۆپ يېتىلدۈرسە شۇنچە ياخشى بولاتتى، جەمئىيەت كەيپىياتىمۇ بىر قەدەر مۇقىم، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىمۇ بىر قەدەر خاتىرجەم بولغان بولاتتى. ئەمما، مۇشۇنداق پەزىلەت يېتىلدۈرگەن قىزلىرىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە «نەسلى قۇرۇپ» كېتىۋاتقانلىقى سەۋەبلىك، بىز بۇ يەردە مۇشۇنداق قىزلارنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىنى ئارزۇ قىلىپ پەرياد چېكىۋاتىمىز، ئاھ ئۇرۇۋاتىمىز، ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغان قىزلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىدە «ئانا» دېگەن ئۇلۇغ ئاتاققا لايىق ساپا ۋە لاياقەت يېتىلدۈرۈشىنى ئارمان قىلىۋاتىمىز. بۇ ئارمان بولسىمۇ، دەل قىزلىرىمىزنىڭ قەلب تۆرىدە پەزىلەت غۇنچىسىنى قانداق يېتىلدۈرۈشىنى بىلىدىغان ئەۋلادلارنى (بولۇپمۇ قىزلارنى) تەربىيەلەشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئارمان قىلغىنىمىزدەك مۇشۇنداق ئانىلار كۆپەيسە، مۇقەررەركى، ھەقىقىي پەزىلەتلىك

قىزلىرىمىزمۇ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ ھەمدە قايسىدۇر بىر پەيلاسوپ ئېيتقاندەك: «ئەگەر ئايال‌لار توزەلسە جەمئىيەت تۈزۈلىدۇ، ئىنسانىيەت گۈللىنىدۇ» دېگەن مەنزىرە بارلىققا كېلىدۇ. قىزلارنىڭ پەزىلەتنى بىردىنبىر نىشان قىلغان ھالدا ياشىشى ۋە جەمئىيەتتە ھۆرمەتلىك ئورۇنغا ئۆتۈشى ئۈچۈن يالغۇز ئۇلارنىڭلا تىرىشچانلىقى كۇپايە قىلمايدۇ، ئانىلارنىڭ تىرىشچانلىقى قوشۇلغان تەقدىردىمۇ كۇپايە قىلمايدۇ. بىر پۈتۈن جەمئىيەت كەيپىياتىدا قىزلارنى ھۆرمەتلەش، ئەزىزلەش، ئۇلارنى يۇقىرى مەرتىۋىدىن بەھرىمەن قىلىش كەيپىياتى ئويغانغان، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاقنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە، ئاندىن بۇ ئالىي مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. شۇڭا، ھازىرقى بۇزۇلۇش كەيپىياتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پېرسوناژلىرى قىزلار بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشنى يالغۇز قىزلارغىلا دۆڭگەپ قويۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ بۇزۇقچىلىقنى قىزلار ھەرگىز يالغۇز قىلمىغان، شارائىتنى ئىككى جىنس تەڭ ياراتقان، تېخى قىزلار مەجبۇرلانغان، قايمۇقتۇرۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ھالبۇكى، قانچە قايمۇقتۇرۇشمۇ، مەجبۇرلاشمۇ كار قىلمايدىغىنى يەنىلا چىن ئېتىقاد، ئىرادىنى ئۆزىگە قورال قىلغان، قىزلىق قەدىر - قىممەت تەربىيەسى بىلەن ئەتراپلىق تەربىيەلەنگەن، ئۆزىنىڭ پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن تىنىمىاي ئىزدىنىدىغان، ھەقىقىي مەنىدىكى پەزىلەت غۇنچىسىنى يۈرىكىدە ئېچىلدۇرالىغان قىزلار ھەر قانداق توسالغۇ ئالدىدىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىمۇ باش ئەگمەي، كەسكىنلىك بىلەن ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ ياكى پاكلىقى ئارقىلىق قىزلىق ھاياتىنىڭ جۇشقۇن كۈيىنى

يارىتالايدۇ. بۇنداق يارىتىش پەزىلەت غۇنچىسىنى يۈرىكىدە ئېچىلدۇرالىغانلارغىلا مەنسۇپ.

چىن ئېتىقاد ۋە ئىرادە ئوتىدا تاۋلانغان قىز بولسا ئەرلەرنىڭ يولسىز گەپ - سۆزلىرى ۋە ھەرىكىتى سېزىلگەن ھامان ئۆزىنى قوغداشنى بىلىدۇ. ياكى ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاقى، گۈزەل خۇلقلىرى ئارقىلىق ئەركەكلەرنىڭ يامان قىلىق چىقىرىشىغا قىلچە ئىمكان قالدۇرمايدۇ. ئىمكانسىزلىق ئورنىغا چۈشۈپ قالغان ئەركەكنىڭ ھەر قانچە كۈچى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنداق قىزلارنى تۇزاققا دەسسىتىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ.

پەزىلەت غۇنچىسىنى يۈرىكىدە ئېچىلدۇرالىغان قىزنىڭ ھايا ۋە نومۇسى ئۆمۈر بويى ئۆزى بىلەن بىللە بولىدۇ، تەقۋادارلىق بىلەن بۇ ئالەمگە زىننەت بېرىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا كېيىنلىكىمۇ ياخشى بولىدۇ، بۇنداق ئادەمنى ھەممە كىشى ھۆرمەت قىلىدۇ، ئەتىۋارلايدۇ ۋە ئۇنى مىسال قىلىش ئارقىلىق بالىلارنى تەربىيەلەش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

ئۆمۈر بويى تەقۋادارلىق ۋە پاكلىق بىلەن ئۆتكەن بىر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئېسىل مىجەزى ۋە پەزىلەتلىرى خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە بىر يۇرت كىشىلىرىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ كەلگەن. ئانىلار قىزلىرىغا ئەدەپ ۋە ئەپپەت - نومۇس تەربىيەسى بەرگەندە دەل مۇشۇ ئايالنى مىسال قىلىش ئارقىلىق تەربىيەلىگەن. ئاشۇ ئايالدەك نومۇسچان، پەزىلەتلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش قىزلارنىڭ ئالىي نىشانى بولغان. بۇ يۇرتتىن دەرۋەقە دىيانەتلىك، نومۇسلۇق قىزلار كۆپ چىققان. كۆز ئالدىدىكى مىسساللار ئارقىلىق تەربىيەلەش ئەڭ ئەمەلىي نەپ بېرىدىغان ئۇسۇلدۇر. ھايا ۋە ئەپپەت دۇر - مارجانلار بىلەن بېزىلىپ، قىزنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلگەن تاجنى ئەسلىتىدىغان

پەزىلەتتۇر. بۇنداق پەزىلەتلىك قىزغا ھەممە كىشى ھەۋەس ۋە ھۆرمەتتە قارايدۇ. بىر كۈنى بىر كىشى ئەرەستونىڭ قىزىدىن سوراپتۇ:

— قىزلاردىكى ئەڭ گۈزەل نەرسە نېمە؟

— ھايادىن، نومۇستىن قىزنىڭ يۈزىدە پەيدا بولىدىغان قىزىللىق (نومۇستىن يۈزىنىڭ قىزىرىشى)، — دەپ جاۋاب بەرگەن قىز.

ئەي قىز! ئۆزىڭىزنى غايە ۋە ئېتىقاد ئوچىقىدا تاۋلاڭ ۋە گۈزەل ئەخلاقىڭىز بىلەن دۇنيانى تەسىرلەندۈرۈڭ، ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس ئالىي خىسلەتنى ئۆز ۋۇجۇدىڭىزغا مۇجەسسەملەپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەن ۋە مەغرۇرلانغان ھالدا: «باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا ھەرگىز چۈشمەيمەن!» دەپ چۇقان كۆتۈرۈڭ!

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇز ئۇچىنچى ئەڭگۈشتەر

## يىلتىز ئىزدىگەن كوچىلارغا ساياھەت

ئەي قىز! ئۆزىنى تونۇغان، ئۆزىنى چۈشەنگەن ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەن قىزلارلا ئەڭ يارامىلىق قىزلار قاتارىغا ئۆتەلەيدۇ. ئۆزىنى تونۇش ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، يىلتىزىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى تونۇش ۋە شۇنداقلا ھاياتىدا قانداق ئىشلارنى قىلىش، قانداق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلىش دېمەكتۇر. مانا مۇشۇنداق روھقا ئىگە قىزلار بىر ئۈچۈن مۇشۇ دەۋرىمىزدە تولىمۇ قەدىرلىك.

سىلەر بەلكىم ئامېرىكىلىق نېگىر يازغۇچى ئالېكس خاررېنىڭ «يىلتىز» ناملىق رومانىنى ۋە بۇ رومانغا ئاساسەن ئىشلەنگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن. بۇنىڭدا يازغۇچى ئۆزىنىڭ جەمەتىنى تۇتقا قىلىپ يىلتىز ئىزدەش ئارقىلىق، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ يۈز يىل ئىلگىرى ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويىغا يېقىن بىر كىچىك بىر كەنتتىكى كونتا كېنتى ئىكەنلىكى ۋە كونتانىڭ يىگىت بولغان چېغىدا قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ياۋروپالىق قۇل سودىگەرلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىشىغا ئۇچراپ ئامېرىكىغا بېرىپ قالغانلىقى ۋە ئامېرىكىدا بىر نەچچە ئەۋلاد ھوقۇقسىز ۋە قەدىر ـ قىممەتسىز ياشىغاندىن كېيىن ئامېرىكىدا قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىنىپ، ھۆرلۈككە ئېرىشكەنلىكى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئۆزىگىچە بولغان ئەۋلادلىرى

توغرۇلۇق ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ بىز ئۈچۈن ئەڭ تەسىر قىلارلىق يېرى، ئۇنىڭ نېگىز قۇللارنىڭ قانداق ئىزىلىشكە ئۇچرىغانلىقىنى ئېچىپ بېرىشىدە بولماستىن، بەلكى دەل تا كونتا كېيىنتىدىن تارتىپ ئالپكىس خارىبىغىچە بولغان ئەجدادىنى ئەۋلادقا ئۇلاپ، يىلتىزنى ئېچىپ بەرگەنلىكىدە. يىلتىز ئىزدەش بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نېمە ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم بولۇپ قالدى؟

بۇنىڭدا مۇنداق بىر نەچچە سەۋەب بار: بىرى، تارىختىن بېرى شەكىللەنگەن ھەرقايسى مىللەت، قوۋملار ئارىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر جەريانىدا كۆمۈلۈپ قالغان ناھايىتى مۇھىم ئىشلار بولغانلىقتىن، يىلتىز ئىزدەش ئارقىلىق بۇنى تۈزىتىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا توغرا بولغان چۈشىنىش يولى ھازىرلاپ بەرگىلى بولىدۇ. يەنە بىرى، ھەر بىر ئەۋلادنىڭ كىچىككىدىن باشلاپ ئۆزىنى تونۇش ئېڭىنى تۇرغۇزۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ ۋە ئەۋلادلارنى مۇشۇ يول ئارقىلىق (ئەجدادلارنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق) ناھايىتى ئۈنۈملۈك تەربىيەلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۆز يىلتىزىنى بىلىش، ئەجدادلىرىنىڭ ئۆتمۈشىدىن خەۋەردار بولۇش، ئۆزىنىڭ كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلىش (بۇ ئەلۋەتتە ئەڭ ئاددىي بولغاندا نەسەبنامە بىلەن چەكلىنىدۇ) ئەقەللىي ئىش بولۇپ، چەت ئەللىكلەر ۋە مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئادەتتىكى ۋە ئەڭ ئومۇمىي ئىشتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، يىلتىز ئىزدەش تەربىيەسى بېرىشتە نىشاننى توغرا بەلگىلەش، يەتكۈزۈش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش ھەممىدىن مۇھىم.

خەلقىمىزدە ئىلگىرى يەتتە ئەجدادىغىچە بىلىش ئەنئەنىسى ساقلىنىپ كەلگەن. لېكىن، مۇشۇ بىر نەچچە يۈز يىلدىن بېرى

يۇز بەرگەن ئۆرۈشلار، خەلقىمىزنىڭ بۇخارا ئۇيغۇسىدا كۆپ ئۇخلاپ كېتىشى، قەبىلىۋى ۋە جەمەت شەكلىدىكى ئىجتىمائىي بىرلىكنىڭ ئاستا ـ ئاستا يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئەنئەنە ئوخشىمىغان ھالدا يوقىلىشقا يۈز تۇتقان، ئەمما ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن باشلاپ چەت ئەل بىلەن بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك سودا ئالاقىسى قىلىندىغان سودىگەرلىرىمىز، چەت ئەلگە ئوقۇشقا، بىلىم ئېلىشقا چىققان زىيالىيلىرىمىز نەسەبسىزلىكىنىڭ، فامىلىسىزلىكىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىۋالدى، ئۆز يىلتىزىنى بىلمەسلىك، ئۆزىنىڭ نەسەبىنى ئېنىقلىيالماسلىق، فامىلىسىز بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىغا يۈرۈش قىلىشىغا كۈچلۈك توسالغۇ بولۇپ كەلدى. مۇمكىن بولسا خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنىڭ ئانىلىرى، تەربىيەچىلىرى ھېسابلىنىدىغان قىزلىرىمىزنىڭ بۇ توغرىسىدىكى بىلىمى ۋە چۈشەنچىسى چوڭقۇرراق بولسا، بۇ بىلىمنى ئەۋلادلىرىغا سىڭدۈرسە، ئەۋلادلار ئەجدادلارنىڭ ئۇلۇغ روھى بويىچە ئىلھاملىنىپ چوڭ بولسا، بۇ ھەممىمىزگە پايدىلىق، شۇنداقلا ئالەمشۇمۇل زور ئىشتۇر.

دۇنيادا ئۆزىنى سۆيمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. ئۆزىنى سۆيمەيدىغان ئادەممۇ بار بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۆزىنى سۆيمەيدىغان ئادەم چوقۇم نورمالسىز ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، بۇ دۇنيادا ئۆز خەلقىنى ۋە مىللىتىنى سۆيمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك، ئۆز خەلقىنى ۋە مىللىتىنى سۆيمەيدىغان ۋە نەپرەتلىنىدىغان ئادەممۇ بار بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇنداق ئادەممۇ تازا نورمال ئادەم ھېسابلانمايدۇ! دەرۋەقە، بىزنىڭ جاسارەتلىك ئوغۇللىرىمىز بولسۇن، نازاكەتلىك قىزلىرىمىز بولسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز ئەسلىگە

ئىنتىلىدۇ، خەلقىمىزنى سۆيىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلايدۇ. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بېرى يۇرۇش - تۇرۇشتىكى غەيرىيلىشىش، ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ سۇسلىشىشى ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ باش كۆتۈرۈشى، تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن ھەر قانداق نەرسىنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىۋېرىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يۇقىرىدا بىز تەكىتلەپ ئۆتكەن كەيپىيات ۋە قىزغىنلىقىمۇ روشەن ھالدا تۆۋەنلەپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

ئېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟

بىرىنچى، ئاتا - ئانا بولغۇچىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى مۇشۇ جەھەتتىن تەربىيىلىشى ئىنتايىن يېتەرسىز بولغان، ھەتتا بۇ ھەقتە مۇتلەق تەربىيىلىمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق بولغاچقا، پەرزەنتلەرنىڭ بۇ جەھەتتە ساۋاتسىز قېلىشى، ھېچنېمە بىلمەسلىكى جەمئىيەتتە بۇنداق كەيپىياتنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. نۇرغۇن ياش ئاتا - ئانىلار ئائىلە نەسەبنامىسى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق ياكى ئۇنى يادقا بىلىش ئارقىلىق بالىلىرىنى كىچىكىدىن تەربىيەلەشنى بىلمەيدۇ، ئۆز خەلقىنى، مىللىتىنى سۆيۇش، ئۆزىدە كۇچلۇك مىللىي ھېسسىيات سىڭدۇرۇشنى بىلمەيدۇ، دەل مۇشۇنىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن، كىچىك ئىش دەپ قارالغان نەرسە ئەمەلىيەتتە چوڭ ئىشقا، بالىلارنىڭ ئۆز ئەسلىنى بىلمەيدىغان نادان تەربىيەلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنى ئۆزگەرتىش، بۇ جەھەتتىكى بىلىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كەلگۈسىنىڭ ئانىلىرى ھېسابلانغان قىزلىرىمىز ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىككىنچى، ئۇيغۇردەك نەسەبنامىسىنى يېزىپ قالدۇرغان

ئائىلىلەر بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە فامىلە قوللىنىشمۇ ئومۇملاشمىغان، فامىلىنىمۇ چۈشەنمەيدىغان كىشىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولغان مىللەتتە بىز يۇقىرىدا تەكىتلەۋاتقان ئىجتىمائىي كەيپىياتمۇ تەبىئىي ھالدا تۆۋەن بولۇپ كەلدى. شۇڭا، پەرزەنتلەر يېشىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن جەمئىيەتتىن بۇ ھەقتىكى بىلىملەرنى قوبۇل قىلىشقا ئىمكانىيىتى بولماي كەلگەنىدى. «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى ئالتە - يەتتە يىل ئىلگىرىلا «مېنىڭ يىلتىزىم» دېگەن مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا يەتتە ئەجدادىغىچە بىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنىدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بېرى خەلقىمىز ئارىسىدا فامىلە قوللىنىش قىزغىنلىقى ئومۇمىيۈزلۈك كۆتۈرۈلۈپ، بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەر، ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئىشلەندى. نۇرغۇن زىيالىيلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن فامىلە قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك نەسەبنامە بەلگىسىنى تۇرغۇزۇشقا باشلىدى. مانا مۇشۇ كەيپىياتنى، مانا مۇشۇنداق نەسەبنامىنى قىزلىرىمىز چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشى، كەلگۈسىدە ئانا بولۇپ قالغاندا بالىسىنى مۇشۇ جەھەتتە ئەتراپلىق تەربىيەگە ئىگە قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايمەن.

ئۈچىنچى، ھازىر ھەممە نەرسە دۇنياۋىلىشىپ كەتتى، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كاللىسىنى خەلقئارالىق داڭلىق ماركىلار، داڭلىق چولپانلار، داڭلىق پىكاپلار قاپلىۋالغان، ئۇلار بىزدىن تولىمۇ يىراق بولغان ئامېرىكا، ياۋروپالاردىكى نەرسىلەرنى سۇدەك بىلىدىيۇ، ئەتراپىمىزدىكى، بىزنىڭ ئەنئەنىمىزدە بار بولغان نەرسىلەرنى ياخشى بىلمەيدۇ. بولۇپمۇ ئۆز - ئۆزىنى تونۇشى ئىنتايىن يېتەرسىز، بۇمۇ خۇددى تۆگە مىنىۋېلىپ تۆگە ئىزدىگەندەك ھەم كۈلكىلىك، ھەم ئېچىنىشلىق ئەھۋال. بۇ

ئەھۋالنى قانداق قىلغاندا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ دەسلەپكى تەربىيە مېنىڭچە ئىنتايىن مۇھىم. ھازىرقى قىزلىرىمىز كەلگۈسىدە ئانا بولغاندىن كېيىن بالىنى ھەرگىز كىچىك دەپ چاغلىماسلىق، ئۇنىڭغا تۇغۇلۇپ يېشىغا توشماستىن تۇرۇپلا بۇ جەھەتتىكى تەربىيەنى كۈچەيتىش، ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولغان مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى ئۆگىتىش، چۈشەندۇرۇشنى دائىملىق تەربىيە شەكلىگە ئايلاندۇرۇش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا بۇ جەھەتتە ئاز ـ تولا ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ساپاسىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇشۇ جەھەتتە ئوقۇتقۇچىلارغا قويغان سوئاللىرى بولسىمۇ، ئۇلار جاۋابسىز قالغان، بۇنداق جاۋابسىز قېلىش داۋاملىشىۋەرگەچكە، ئوقۇغۇچىلار تەبىئىي ھالدا بۇ تېمىغا قىزىقماس بولۇپ قالغان. ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش ھادىسىسى ۋە بۇنىڭغا قارشى چۈقانلار ئۇزۇندىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. ئەمما، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ نۇرغۇن ئىزدىنىش روھىغا باي ياشلار قوشۇنى ھېلىھەم بار، ئۇلارنىڭ رولىنى ھەرگىز سەل چاغلىماسلىق كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەن بارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا ئىنتىلىش ۋە ئىزدىنىش روھىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا مىللىي ئەنئەنە تەربىيەسى بېرىشكە ئۈنۈملۈك يول ئېچىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بۇ پىكىرلەرنى يىغقاندا، ئومۇمەن مەيلى ئاتا ـ ئانىلاردا بولسۇن، مەيلى ئوقۇتۇش جەريانىدا بولسۇن ۋە مەيلى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىدا بولسۇن، بۇنداق ئۈنلۈك ۋە ئۈنسىز تەربىيە شەكلى بولمىغان، بولغان تەقدىردىمۇ ئومۇملاشمىغان، شۇنىڭ بىلەن يىلتىز ئىزدەش، مۇشۇ ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇش، ئۆز ـ ئۆزىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق

تەربىيەگە ئىگە بولۇش شېرىن خىيالىغىلا ئايلىنىپ قالغان. بۇ جەھەتتە بىلىمى كۆپ ئانىلارنىڭ بىزدە تولىمۇ ئاز بولۇشىمۇ مۇشۇنداق قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان. ھالبۇكى، ئۇمىد يەنىلا ئۆزۈلمەيدۇ. خەلقىمىزدە «ئۈمىدسىز شەيتان» دېگەن گەپ بار، بىزنىڭ يەنە كۆرمىگەن قىزلىرىمىز بار، ئۇلارنىڭ روھى جۇشقۇنلاپ تۇرىدۇ، غايە ۋە ئىستىقبال يولى ئوچۇق، قەلبى نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلارغا تولغان. مانا مۇشۇ ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ بىرى ئۆزىنى تونۇش ۋە يىلتىز ئىزدىگەن كوچىلاردا ساياھەت قىلىپ، مول بىلىم جۇغلاش، كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىنى بۇ جەھەتتە ئاجايىپ كامالەتكە يەتكەن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش.

يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە «كارل ۋېتىرنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى»، «ستېپنا خانىمنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى» ۋە باشقا پەرزەنت تەربىيەلەشكە دائىر نۇرغۇن كىتابلار ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىقتى. لېكىن، ئۆزىمىزدىن بىرەر مۇتەخەسسىس بۇ توغرىدا ئىزدىنىپ باقمىدى، ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىسىدە، بايلىقىدا پەرزەنتلەرنى قانداق قىلىپ ئىلمىي تەربىيەلەش مەقسىتىگە يېتىش مەسىلىلىرى مۇھاكىمە تېمىسى بولمىدى ياكى ئەتراپلىق شەرھلەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن تەرجىمە قىلىنغان ھېلىقى كىتابلاردىكى بەزى مەسىلىلەر بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىز، تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزغا ماس كەلمىگەنلىكتىن، پەرزەنتلەرنى قانداق قىلىپ ئەتراپلىق تەربىيەلەش، قايسى كىتابلارنى قوللانما قىلىش يەنىلا بوشلۇق پېتى قېلىپ قالماقتا. بۇ ئەلۋەتتە بۇ ھەقتە ئىزدىنىۋاتقان زىيالىيلىرىمىزنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدىغان ۋەزىپە بولۇپ قېلىشقا تېگىشلىك.

ئەي قىز! يىلتىز ئىزدىگەن كوچىلارغا قىلغان ساياھىتىڭىز دائىم ئۆتمۈشنىڭ ئاجايىپ جەزبىگە تولغان ئىللىق قوينى

ئارقىلىق سىزنى ئالەمچە ھېسلار قوچىقىدا ئەللەيلەيدۇ، ئۆتمۈش، ئەجدادىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس روھىيىتىدىن ئىلھام ۋە ھاياتىي كۈچ ئالىدىغان ئەۋلادلىرىمىزنى كۆپەيتىدۇ، شۇنداقلا پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن دادىل يول ئاچالايدىغان جاسارەتكە ئىگە ئىلىم گىگانتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ؛ يىلتىز ئىزدەش دائىم سەمىڭىزدە بولسۇن، يىلتىز ئىزدەش روھى سىزگە دائىم ھەمراھ بولسۇن، شۇندىلا سىز ئۆز قەددىڭىزنى مەغرۇر كۆتۈرۈپ، ئۆتمۈشكە ئۆتمۈش كۆزبە قاراپ، كېلەچەككە ئۈمىدۋار نەزەر تاشلاپ، پارلاق كەلگۈسىڭىز ئۈچۈن، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىڭىز ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرەلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

## ئۇتتۇز تۆتىنچى ئەگگۈشتەر

## ئۇلۇغ روھلار يۆلىگەندە...

ئۇلۇغ روھلارنىڭ يۆلىشى بىز ئۇچۇن ئەڭ قەدىرلىك ۋە خاسىيەتلىك ئىش. بىز يىلتىزىمىزنى بىلگەنىكەنمىز، ئەلۋەتتە خەلقىمىزنىڭ قىز ـ ئاياللىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان قەھرىمان، جەسۇر، قورقماس يۈرەككە ئىگە ئاياللارنىمۇ ئانچە ـ مۇنچە بىلىپ قېلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ روھى ئارقىلىق ئۆزىمىزگە روھىي بايلىق توپلىشىمىز، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇشىمىز تولىمۇ زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

ئەي قىز! سىزنى ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى يۆلىسۇن!

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا تالاي ئەزىمەت قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرلەردىن قېلىشمايدىغان جاسارىتى ئارقىلىق شانلىق تارىخنىڭ ئالتۇن بەتلىرىنى ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولالىغانىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى، بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسى بۇۋى رابىيە خېنىم ۋە ئۇنىڭ زاماندىشى نۇرئەلانۇر خېنىملارنىڭ بىرى مەھمۇدتەك يارامىلىق جاھان پازىلىنى يېتىشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان بولسا، يەنە بىرى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۇچقۇر ئاغىرماقا مىنىپ غازات ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان ۋە ئاجايىپ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ ئىسلام ئېچىشتىكى ئاجايىپ تۆھپىلىرى بىلەن ھازىرمۇ خەلقىمىز تەرىپىدىن يادلىنىپ كېلىنمەكتە. مەلىكە ئامانىسا خېنىم

ئۆزىنىڭ ئاجايىپ زور مۇزىكا تالانتى ۋە پۇتمەس ـ تۈگىمەس غەيرەت ـ شىجائىتى بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى رەتلەپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، بۇ بىباھا مەنئۇي بايلىقنى بىزگىچە قالدۇردى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى يالغۇز مۇقام بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، بەلكى زامانىسىنىڭ شائىرەسى، ھايالىق، ئىپپەتلىك قىزلارنىڭ سىمۇولى، يورۇق يۇلتۇزى بولۇش قاتارلىق سۈپەتلىرى بىلەن نۇرغۇن شېئىرلارنى، «ئىشرەت ئەنگىزى» (خۇشاللىق قوزغاش) ناملىق مۇقامنى ۋە «ئەخلاقۇل جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق قىزلارنى ئەدەپ ـ ئەخلاقتا يېتەكلەيدىغان ئەسەرلەرنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى، ئۆزىنىڭ بۈيۈك سىماسىنى ۋە ئۇلۇغ روھىنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ قىزلىرىمىزنىڭ ئەخلاق ۋە ئىجتىھات ئۈگىنىدىغان مەڭگۈلۈك سىماسى بولۇشقا تېگىشلىك.

سەئىدىيە خاندانلىقى ئاپاق غوجىنىڭ كاساپىتىدىن يوقىتىلغاندا، كىچىكىدىن قەلەم ۋە ئەلەم تەربىيەسى كۆچلۈك بولغان، جەسۇر ئۇيغۇر قىزى مەلىكە مۆھتىرەم خېنىم ئۆزىنىڭ زامانغا لايىق ۋە ئۇنۇملۇك تەدبىرلىرى ئارقىلىق ۋاسىتە تاللاپ ئۆلتۈرماي ئاخىر بۇ خاندانلىقنى تىرىلدۇرۇپ، تارىختا ئۆزىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس ئىزىنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ خېنىمنىڭ «ھاكىمىيەتنى قىلىچ بىلەن تۇتۇپ تۇرۇش كېرەك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنىڭ تېگىگە ئالەمچە مەنىلەر يوشۇرۇنغاندۇر. ئەگەر مەن بىر قىز، چوڭ ئىشلار قولۇمدىن كەلمەيدۇ، دەپ ئولتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ تارىختا ھېچقانداق نامى قالمايتتى. گەرچە ئۇنىڭ تىرىلدۇرگەن ھاكىمىيىتى ئالتە ئايلا دەۋران سۈرەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما تۆھپىسى، تارىخىي زىلزىلىسى تۇپەيلىدىن ھاكىمىيەت سۈرگەن قىز ـ ئاياللىرىمىز ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

ئۇلاردىن كېيىن ئۆتكەن گۈزەللىك ۋە ئېپپەت ـ نومۇس سىمۋولى بولغان ئىپارخاننىڭ قىسسىسىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق، بۇ يەردە يەنە تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز. قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ پەخرى، ئىپپەت ـ نومۇس قەھرىمانى نۇزۇگۇمنىڭ سايىسى ھازىرمۇ قىزلىرىمىزنىڭ يۈرىكىنى قىزىتىپ، روھىغا روھ قوشۇپ، ئۇلارنى ھەر دائىم پىداكارلىققا ئۈندەپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ مەردانە قوشاقلىرى، پاكلىقىنى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بىزگە تۈگىمەس روھى كۈچ بېغىشلايدۇ. مايىمخان، شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل، سادىرنىڭ خوتۇنى شەرۋانىخان ۋە مۇشۇ تارىخى جەريانلاردا ئىسمى ئاتالمىغان تالاي جەسۇر يۈرەك قىزلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قورقماس جاسارىتى ئارقىلىق تارىخىمىزنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇردى. ئۇلار ئەمەلىيەتلىرى ئارقىلىق سىنالدى، ئەمەلىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇلۇغ روھقا ئېرىشتى. بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى بىلىشىمىز، ئۇلارنى ئۆز ئاچا ـ سىڭىللىرىمىزدەك كۆرۈپ دائىم ياد ئېتىپ تۇرۇشىمىز، ئۇلارنى ئۆرنەك قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ روھلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۇلۇغلىنىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ روھى ئارقىلىق قىزلىرىمىزنىڭ روھىغا روھ قوشۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم يولىدا ۋە تۇرمۇش قاينىمىدا باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە مەنىۋى كۈچ قوشۇش ئۈچۈندۇر. ئۇلۇغ روھلارنى قانچە كۆپ ياد ئەتسەك، ئۇلار قىزلىرىمىزنى شۇنچە كۆپ يۆلەيدۇ، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە قىزلىرىمىز ئۆز نازاكىتىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، كامالەتكە يەتكەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ يارقىن ئوبرازىنى يارىتالايدۇ.

ئۇلۇغ روھلارنى تېخىمۇ ئۇلۇغلايلى، ئۇلۇغ روھلار قىزلىرىمىزنى چوقۇم يۆلەيدۇ!

ئوتتۇز بەشىنچى ئەڭگۈشتەر

## سىزمۇ مەشھۇر بولالايسىز

ئەي قىز! بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەنسىز، خەلقىمىز ئۈچۈن ئايانماي تەر تۆكۈپ، ئەۋلادلارغا ئۆز ئەجرىڭىزنىڭ مېۋىسىنى قالدۇرۇپ كېتىشىڭىز كېرەك. بۇ دۇنياغا قانداق شەپىسىز كەلگەن بولسا شۇنداق شەپىسىز كېتىدىغانلاردىن بولۇپ قالسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكىڭىز بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق كىشىلەر خۇددى ئۆزىدە مال ـ دۇنيا تۇرۇقلۇقمۇ خەير ـ ساخاۋەت قىلمىغان روھى گاداي بايغا، نۇرى ئاجىز شامغا ئوخشايدۇ، دۇنيادا بۇنداق ياشاپ ئۆلگەنىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئەمەلىيەتتە سىزمۇ ئۆزىڭىزدىكى پۈتمەس ـ تۈگىمەس سېھرىي كۈچنى ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارنى قازسىڭىز، جاسارەت بىلەن دەۋرانغا جەڭ ئېلان قىلسىڭىز، سىزمۇ مەشھۇر بولالايسىز، تىرىشچان ۋە ئىرادىلىك، قەيسەر روھقا ئىگە قىزلارنىڭ مەشھۇر بولۇش بىلەن بولغان مۇساپىسى ئانچە يىراق ئەمەس.

يۇقىرىدا مەن سۆزلەپ ئۆتكەن، تارىختا نام قالدۇرغان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەينى ۋاقىتتىكى جاھالەتلىك تارىخي شارائىتتا ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ جاسارىتى، ئىپپەت ـ نومۇسى ئۈچۈن جاندىن كېچەلەيدىغانلىقى، پەخرىمىز بولۇشقا خاس نۇرغۇن ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى ھەر ۋاقىت لەرزىگە سېلىپ، روھىمىزنى جۇشقۇنلىتىدۇ. ئۇلارغۇ بۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

نەچچە يۈز يىللار مۇقەددەم ياشاپ ئۆتۈپ، تارىخىي شارائىتنىڭ قىستىشى بىلەن ئۆزلىرىدىكى جاسارەتنى ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، بىز نامىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد يادلىغۇدەك مەشھۇرلىرىمىزدىن بولالىغانىكەن. ھازىرقىدەك ئۇچۇر ئىنقىلابى ئېلىپ كەلگەن يۇقىرى تېخنىكا رىقابىتى دەۋرىدە، يەر شارى ئۇقۇم جەھەتتە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كىچىكلەپ كەتكەن مۇشۇنداق شارائىتتا، قىزلىرىمىزنىڭ مەشھۇر بولۇشى ئۈچۈن قانداق شەرتلەر ھازىر بولۇشى كېرەك؟

بۈگۈنكى كۈندە قىزلىرىمىزنىڭ بېشىغا مەلىكە مۆھتىرەم خېنىمنىڭكىدەك ئەلەم ۋە قەلەم تۇغىنى جەۋلان قىلىپ ھاكىمىيەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغان جەڭ مەيدانلىرى ھازىر بولمايدۇ ياكى ئاپاق غوجامدەك سۇيىقەستچى مەيدانغا كەلمەيدۇ؛ ياكى ئىپارخاندەك جەسۇرلۇق كۆرسىتىدىغان خان سارىيى، پۈتمەس ـ تۈگىمەس زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار مەۋجۇت ئەمەس، ئۇزۇكۈمدەك سۈرگۈن قىلىنىپ قومۇشلۇقلارنى پاناھ تارتىپ يۈرىدىغان، غوجايىنلارغا مال ئورنىدا سېتىۋېتىلىدىغان ئىش ھەم يوق. ئۇ چاغلاردىكى تارىخىي شارائىت بىلەن ھازىرقى شارائىت ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا مەشھۇرلۇق چوققىسىغا چىقىپ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرغىلى بولىدۇ؟

بۇنىڭغا جاۋاب بىرىلا: ئالدى بىلەن تەق ـ تۇرق ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقتا كامالەتكە يەتكەن ئۇيغۇر قىزى بولۇش، ئاندىن مەلۇم كونكرېت پەندە زامانىۋى ئىلىم ـ پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىغا چىقىش ياكى ئۆزى قىزىقىدىغان مەلۇم ساھەدە يۈكسەك پەللە يارىتىش. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن قىزلىرىمىزنىڭ روھىي كەيپىياتىدا ئالاھىدە جانلىنىش كەيپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئالىي مائارىپ تەربىيەسى

ئالدىغانلار يىلسېرى كۆپەيدى، شۇنداقلا ھەرقايسى پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدىمۇ قىزلارنىڭ سانى ۋە ساپاسى يۇقىرىلىدى. يەنە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۇگۈنكى كۈندە قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ ئارىسىدا ھەرقايسى پەن ساھەلىرى بويىچە دوكتورلار، تەتقىقاتچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى ۋە بارغانچە زورايدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە جامائەت ئالدىكى يۇقىرى ئابرۇيى بىلەن زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ئاياللىرىغا ئايلاندى. ئۆسمە كېسەللىكلىرى پەنلىرى دوكتۇرى ئادالەت قاسىمى، مائارىپ پەنلىرى دوكتورى ھەكىمە ئەرشىدىن، دورىگەرلىك پەنلىرى دوكتورى رەنا قاسىم، فولكلور پەنلىرى دوكتورى راھىلە داۋۇت، ئاخبارات پەنلىرى دوكتورى ئاسىمە نىياز، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا، شۇنىڭدەك كۆز كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى ھەدىيە ھاشىم ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى نۇرغۇن ئاياللىرىمىزمۇ ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپلەر بويىچە شانلىق نەتىجىلەرنى قازىنىپ، زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ئاياللىرىدىن بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا ئىسمى ئاتالمىغان يەنە نۇرغۇن پىداكار ئاياللىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قازانغان نۇرغۇن ئۇتۇقلىرى ئارقىلىق، نۇرغۇن ئەرلەرنى قايىل قىلىپ، ئەلنىڭ كۆڭلىگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ، تونۇلغان جامائەت ئەربابلىرىغا ئايلىنىۋاتىدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ مەشھۇر بولۇش، ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش، ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەم بولغان غايەت زور سېھرىي كۈچ ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارنى خەلقئالەمگە نامايان قىلىپ قويۇش پۇرسىتى ئىنتايىن كۆپ، شۇنداقلا شارائىتمۇ تولۇق. پەقەت جاسارەتلا بىر ئاز كەمچىللىك قىلىۋاتىدۇ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان قىزلىرىمىزدا تىرىشماسلىق، ئالغا ئىنتىلمەسلىك خاھىشى

ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، بۇنداق ئومۇمىي كەيپىيات قىزلىرىمىزنىڭ مېڭىش يولىنى چۈشەپ قويماقتا، يول تاپالمايۋاتقان كۆپلىگەن قىزلىرىمىز ئالغا كەتكەن، نەتىجە قازانغان قىزلىرىمىزدىن ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا بىكار تەلەپ، ھۇرۇن، ئالغا ئىنتىلىشنى خالىمايدىغان، ياش تۇرۇپلا روھى زەئىپلەشكەن قىزلارنى دوراپ، تەييارتاپلارنىڭ سانىنى بارغانچە ئاشۇرماقتا. بۇنداق كەيپىيات بىزنى سەگەكلەشتۈرۈشى، ۋاقتىدا ئويغىتىشى، ئويغا سېلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكىلا ئىش بولۇپ قالدى.

قىزلارنىڭ ئىچىدىن مەشھۇرلارنىڭ، ئىلىم گىگانتلىرىنىڭ كۆپلەپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، يەنە نېمىشقا تەييارتاپ ۋە ئالغا ئىنتىلىشنى خالىمايدىغان قىزلار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ، يەنە نېمىشقا مەنىۋىيىتى چۈشكۈنلەشكەن، ئەخلاقتا چىرىكلەشكەن، ئالغا ئىنتىلىشنى خالىمايدىغان، روھى زەئىپ قىزلىرىمىزمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ كېتىدۇ؟

راستىنى ئېيتقاندا، مۇكەممەللەشكەن ئىلىم ـ پەن مۇھىتىنىڭ قويۇق بولماسلىقى، ئىلىمگە ساختىلىق ئىشلىتىشنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن تارتىپ پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىغىچە يامراپ كېتىشى، نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلىم نوپۇزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت نوقۇل ئۇنۋان ئېلىش يۈزىسىدىنلا ماقالە ئېلان قىلىشى، ئۆزى شۇغۇللانغان بىرەر ساھەدە مەخسۇس ئەسەر يارىتالماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىلمىي ئىشلارغا كەلگەندە رەسمىي ئىچىگە كىرىپ ئۆگىنەلمەسلىك خاھىشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئىرادىسى ئاجىز چوڭ بولۇپ قالغان قىزلىرىمىزنىڭ ئالغا ئىنتىلمەس بولۇپ

قىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى پىلانلىق تەقسىم قىلىش، ياخشى ئوقۇسىمۇ، ناچار ئوقۇسىمۇ ئوخشاشلا تەقسىم قىلىش، ئىبخى يولى بار، ئەمما ناچار ئوقۇغانلارنى ياخشى ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىش ئىشلىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا، بولۇپمۇ قىز ئوقۇغۇچىلاردا ئالغا ئىنتىلىش كۈچىنى يوق قىلىۋەتتى. كۈن ئۆتسىلا بولدى دەيدىغان، يىل توشسا ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلىدىغان قىزلار ئاجايىپ كۆپ بولۇپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە پىلانلىق تەقسىم قىلىش بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، يەنىلا يول ماڭسا خىزمەت ئورنىنىڭ ھەل بولۇشىدىن ئەنسىرىمىگەن قىزلار يەنىلا ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ يۈرۈشمەكتە. مانا بۇلار ئۇيغۇر قىزلىرىدىن مەشھۇرلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن تەڭ ناچارلارنىڭمۇ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، ماس قەدەمدە كۆپەيمەستىن، بىرگە ئون، بىرگە مىڭ نىسبەت بىلەن كۆپىيىۋاتقانلىقىنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرى.

ۋىجدانلىق بولۇش بىلەن ئەخلاقلىق بولۇش، ئېتىقادلىق بولۇش بىلەن ئىجتىھاتلىق بولۇش مەشھۇر قىز بولۇشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي شەرتلىرىدىندۇر. بۇ شەرت ھازىرقى كۈندە زادى قانچىلىك قىزىمىزدا ھازىرلاندى؟ تەيياتاپ قىزلار بىلەن ئىجتىھاتلىق قىزلار خۇددى كېچە بىلەن كۈندۈزدەك پەرق قىلىپ تۇرىدۇ. كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ پەرقى بەزىدە بەشتە بەش نىسبەت بىلەن ۋە بەزىدە يەتتىدە ئۈچ نىسبەت بىلەن دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما، بىزدىكى تەييارتاپ قىزلار بىلەن ئىجتىھاتلىق قىزلار بۇ تەڭپۇڭلۇققا ئىبخى يېقىنمۇ كەلمىگەن، ئېغىر تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ كۆرۈلۈشى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا ۋە ئىجتىمائىي ئومۇمىي كەيپىياتىغا ئېغىر تەسىر

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

هالبۇكى، تەييارتاپ قىزلار قاراڭغۇ كېچە ئاسىيىنىغا ئوخشىسىمۇ، ئەمما ئىجتىهاتلىق قىزلىرىمىز ئۇنىڭ قالا هۆسنىگە چېكىلگەن يۇلتۇزلاردەك يەنىلا چاراقلاپ يېنىپ تۇرىدۇ، مەشھۇر قىز ـ ئاياللىرىمىز بولسا ئاي ۋە چولپاندەك نۇر چېچىپ، پۈتكۈل ئالەمگە ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز هۆسن ـ كامالىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئەنە شۇ هۆسن ـ كامالەتكە يەتكەنلەر مەشھۇر قىزلىرىمىزدۇر، ئەنە شۇلارلا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ يەتمەكچى بولغان پەللىسىدۇر.

مەشھۇر بولۇش شەرەپلىك ئىش، ئەمما مەشھۇرلۇقنىڭ كەينىگە هەددىدىن ئاشقان شۆھرەتپەرەسلىك يوشۇرۇنغان بولسا، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىشتۇر. چۈنكى، مەشھۇرلۇق پاك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق سۆيۈملۈك بىر قىزغا ئوخشاشلا كۆيۈنۈپ ئۆزىنى تەربىيەلەش ئارقىلىقلا مەيدانغا كېلىدۇ.

ئوتتۇز ئالتىنچى ئەڭگۈشتەر

## ھايات ئېگى ۋە ۋاقت ئېگى تۇرغۇزدىڭىزمۇ

ھايات ئېگى ھاياتنى سۆيۈش ۋە ھاياتنى قەدىرلەش، ئۇنى چۈشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ھايات ئېگى ھايات ياشاۋاتقانلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، شۇنداقلا ھاياتنىڭ بىردىنبىر ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئەۋلادىنىڭ بۇ ئالەمدىكى بىردىنبىر مەقسىتى ياشاش، ياشىغاندىمۇ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، ھاياتقا مەنە قوشۇپ ياشاشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ھايات تۇرغان ھەربىر ئادەمنىڭ ھايات ئېگىنىڭ بولۇشى تولىمۇ مۇھىم، ھاياتتىن مەنىلەر گۆھىرى ئىزدىگۈچىلەر ھايات ئېگىگە ئىگە بولمىسا، ئۇ كىشىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىكتىن باشقىچە ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ھامىيسى بولغان زامانىمىز قىزلىرىنىڭ ئالىدىغان مۇھىم تەربىيەلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنىڭ بىرى، ھايات ئېگى تۇرغۇزۇش تەربىيەسىدۇر. بىر يارامىلىق قىز بولۇشتا، بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۈنۈمدىن نەتىجە قازىنىشتا، نام چىقىرىشتا، ئومۇمەن ھاياتلىقتا مەنە قوشقۇچى ھەر قانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا قىزلاردا ھايات ئېگى بولمىسا، ئۇنداق قىزنى چوڭ ئىشلارنى قىلالايدۇ، دەپ ئۈمىد كۈتۈش بىمەنىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئۆزىگە بەلگە قىلغان، تىرىشچانلىق بىلەن بىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇشنى ۋە

ئۇنىڭدىن گۆھەرلەر قېزىشنى ئالىي مەقسەت قىلغان قىزلاردا چوقۇم ناھايىتى مۇنتىزىم بولغان ھايات ئېڭى تۇرغۇزۇلغان ھەم مۇشۇ مۇنتىزىملىق ئىچىدىن ھايات دەپتىرىنىڭ ھەربىر بېتىنى مەنىلەر بىلەن بېزەپ، ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىسىنى ئاشۇرۇشنى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇل سېلىشنى ئالىي مەقسەت قىلغان ھايات پائالىيىتى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ مەنىسى بولىدۇ، بۇ مەنە ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى مەنە بىلەن پەقەت ئوخشىمايدۇ. ئۇ شۇنداق بىر ئالىي مەنىدۇركى، بۇنىڭ بىلەن قىزلارنىڭ يارقىن ئوبرازى كۆندەك روشەن ۋە ئاپتاپ مىسالى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، مانا مۇشۇنداق ھايات ئېڭى تۇرغۇزۇپ ھاياتىغا يېڭى مەنە قوشۇۋاتقان قىزلىرىمىز تولىمۇ ئازلاپ كەتتى، ناھايىتى نۇرغۇن قىزلىرىمىز ھاياتىنىڭ مەنىسىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ ياخشى بىر ئورۇندا خىزمەت قىلىش، ئامال بار پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ يۇقىرى مائاش، يۇقىرى تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇش، جاپا تارتماي چوڭ ئۆيلەردە ئولتۇرۇش دېگەندەك ناھايىتى ئاددىي چۈشىنىدۇ. ئەگەر ھاياتنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇنداق ئاددىي بولىدىغان بولسا، بۇنداق ئاددىي ھالدىكى ياشاشنى ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق قىلىدىغان دېھقاننىڭ يەر تېرىپ ھوسۇل ئېلىشىدىنمۇ ئاددىي بولغان ھايات مەنتىقىسى دەپ ئېيتماي تۇرالمايمىز. ھاياتنىڭ مەنىسى ياشاش ئۈچۈن نان يېيىش ئەمەس، نان تېپىپ يېيىش ئۈچۈن ياشاش، كۈرەش قىلىشتۇر. كۆپلىگەن قىزلىرىمىزدا مانا مۇشۇنداق ئاددىي ھايات ئېڭى تېخى تولۇق شەكىللىنىپ بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ياشاش مەنتىقىسىدە ھېچقانداق مەنە، ھېچقانداق ئەمەلىي ئۇنۇمنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. بىر ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنى ھەقىقىي ھېس قىلالىسا، ئاندىن ئۆزىنى بۇ دۇنيادا ياشاۋاتىمەن دەپ قارىيالىسا،

شۇ كىشىنىڭ هايات ئېقى تورغۇزۇلغان بولىدۇ ھەمدە ئۆزى ھەققىدە كۆپرەك ئويلىنىپ، ھاياتىنىڭ مەنىسىز ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتەلەيدۇ. خەلقىمىز ھاياتنى ئاتقان ئوقتا، ئاققان سۇغا، چېقىلغان چاقماقتا ئوخشىتىدۇ، تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن دانالىرىمىز ھاياتلىقنى قەدىرلەش، ھاياتلىقتا ئەۋلادلار ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىش، مەنىۋى مىراس قالدۇرۇش توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ دۇردانىلەرنى قالدۇرغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «ئۆتكەن ئۆمۈرگە ئەپسۇسلانما، ئۇنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، ئەمگەكسىز، مېھنەتسىز ئۆتكەن ئۆمرۈڭ ئۈچۈن ئېچىن» دەپ يازىدۇ.

ئەي قىز! ھەممىمىزگە ئايانكى، ھازىر ياشلىرىمىزدىكى ھايات بىھۇدىچىلىكى ھەر قانداق بىر خەلق، ئەلنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. بىزنىڭ نەچچە مىليون ياشلىرىمىز ھازىر زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدىغان قىزلىرىمىز زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ زېھنىنى، ۋاقتىنى قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆمرى يا باشقا تائىپىلەرنىڭكىگە قارىغاندا ئالاھىدە ئۇزۇن يارىتىلغانمۇ؟

بىز ناھايىتى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ناھايىتى ئاز ساندىكى، تولىمۇ ئاز ساندىكى قىز - يىگىتلىرىمىزلا ھاياتقا مەنە قوشۇش ئۈچۈن، ئىلىم - پەننىڭ ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ يۇكسەك چوققىسىغا چىقىپ، گەۋدىسى ناھايىتى ئېغىر بولغان ۋە تولىمۇ سۈرەلمە بۇ خەلقىمىزنىڭ كېلەچەكسىز گەۋدىسىنى سۆرەپ كېتىۋاتماقتا، ئۇنىڭ شانلىق ئوبرازى ئۈچۈن تىنىماي كۈرەش قىلماقتا، كۈرەش داۋامىدا يىتىلمەكتە، تاۋلانماقتا. ئەگەر مۇشۇ قوشۇننىڭ ئادەم سانى يەنە ئون ھەسسە، يۈز ھەسسە، ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە كۆپەيگەن

تەقدىردىمۇ، ھەرگىز تار يولدا قىستىلىشىپ قالمىغان، بەلكى بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى قىسقا ۋاقىتتىلا يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ھازىرقىدىنمۇ جۇشقۇنلۇققا ئىرىشتۈرۈشكە بولاتتى، ئەمما بۇ ئىش دېگىنىمىزدىكىدەك بولمىدى، ئارزۇيىمىز قانمىدى. شۇنداقلا ھايات ئېڭى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت ياشاشتىكى بۇ ئەڭ ئەقەللىي ئاساسمۇ ياشلىرىمىزدا تېخى تولۇق تۇرغۇزۇلۇپ بولۇنمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مۇنتىزىم تەربىيە شارائىتىغا ئىگە بولالماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان، پەرزەنتلەر چوڭ بولغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە نېمە ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭغا ماسلىشىش ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ھاياتىغا مەنە قوشالايدۇ؟ دېگەن تەرەپلەردىن ئويدان ئويلىنىپ ئىش قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار كۆزلىگەن مەقسىتىگە چوقۇم يېتەلىگەن بولاتتى.

ھايات ئېڭى تۇرغۇزۇشنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ كونكرېت ئىپادىسى ۋاقىت ئېڭى تۇرغۇزۇشتۇر. ھايات ئېڭى بىر پۈتۈن ھاياتلىققا مەنە قوشۇشتىكى ئومۇمىي پىلان بولغان بولسا، ۋاقىت ئېڭى بىر كۈنلۈك (بىر نەچچە كۈنلۈك، بىر نەچچە ئايلىق، كونكرېت بىر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ۋاقىت پىلانى) تۈزۈلگەن، بىرەر ئىشنى بېجىرىشتىكى كونكرېت پىلاندۇر، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋاقىت ئېڭى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تۈزۈلگەن پىلان ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇ ھاياتلىققا مەنە قوشقۇچى ھەر بىر ئەھمىيەتلىك ئىشنى تاماملاشتىكى ئاچقۇچ ھېسابلىنىدۇ. بىر كۈنلۈك، بىر كۈن ئىچىدىكى بىر سائەت، بىر

نەچچە سائەت توغرۇلۇق توختىماي تۈزۈلگەن پىلان سىزنى ھەر ۋاقىت سەگەكلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ ۋە پىلان قىلغان شۇ ئىشنى تېز تۈگىتىش قىلىپ چوقۇم تاماملاشنى تەقەززا قىلىدۇ. مانا بۇ تەقەززالىق دەل ھايات ئېڭى ۋە ۋاقىت ئېڭىدىن كەلگەن.

«ۋاقىتىڭ كەتتى، بەختىڭ كەتتى» دەپ ئېيتىدۇ كونىلار. ھازىرقى كىشىلەردىكى ۋاقىت ئېڭىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىنى ئۆتمۈشتىكىگە قەتئىي سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى دەۋردىكى ۋاقىتنىڭ مەنىسى ۋە خاراكتېرى پۈتۈنلەي ئوخشاش، ئۆتمۈشتە ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈپ بەختىنىمۇ كەتكۈزۈپ قويغان كىشى بۇ دەۋرىمىزدە بەختىنى تېخىمۇ كەتكۈزۈپ قويىدۇ. كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئانىسى ھېسابلانغان قىزلىرىمىزنىڭ ھايات ئېڭى ۋە ۋاقىت ئېڭىنى تۇرغۇزۇشى ۋە ئۇنى ھەربىر ھەرىكىتىگە سىڭدۈرۈشى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك جەرياندۇر. مانا بۇ ئەھمىيەتلىك جەريان كەلگۈسىدە پەرزەنتلەرنى ئۇنىسىز تەربىيەلەشتە ئاجايىپ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەن مۇشۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇن كىشىلەردىن، مۇنچە ياش چېغىمدا مۇنداق ئىشنى قىلماپتىكەنمەن، شۇ چاغدا ئەقلىمگە كەلمىگەنىكەنمەن، ئەگەر ھازىر شۇ ياشلىقتا قايتقىلى بولسىدى، مۇنداق ئىشلارنى قىلسۇۋەتكەن بولاتتىم... ئۇنداق قىلاتتىم، مۇنداق قىلاتتىم، دېگەندەك سۆزلەرنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. بەزىدە نېمىشقا شۇ ياشلىق دەۋرىڭىزدە قىلمىغان؟ دېگەن سوئاللاردىمۇ بولۇپ قالىمىز. ئەمما، ئۇلار يا سەۋەبىنى ئاشۇ ھەممە خاتالىقلارنى كۆتۈرگۈچى مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا، ئاپەتلىك يىللارغا ئارتىدۇ ياكى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئېسىگە كەلمىگەنلىكى، ئەقلىگە توشمىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ

كۆرسىتىشىدۇ. بۇلارمۇ بىر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەڭ مۇھىم سەۋەب ئۇنى كېيىن تولدۇرۇۋالغان — تولدۇرالمىغانلىقىدۇر. ئەگەر تولدۇرۇۋالغان بولسا شۇ كىشىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارمىنى رېئاللىققا ئايلانغان، ئەمەلگە ئاشقان ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر قىزلىرىمىز ھايات ئېڭى ۋە ۋاقىت ئېڭىنى ياش، جەرەندەك چېچەن ۋە سەگەك چېغىدا يېتىلدۈرۈۋالمىسا، كېيىن پۇشايمان قىلىپمۇ ئۈلگۈرەلمەيدىغان، پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدىغان ئاقىۋەتكە قېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ھازىردىن باشلاپ كەلگۈسىنى مۆلچەرلەپ، كۈچلۈك ھايات ئېڭى ۋە ۋاقىت ئېڭى تۇرغۇزۇش ھەربىر قىزنىڭ كەلگۈسىنى يارىتىشتا ئەڭ ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ.

## ئوتتۇز يەتتىنچى ئەڭگۈشتەر

# قىزلارنىڭ ۋاقتى ئەڭ قىممەتلىك

ئويلاپ كۆرۈڭ، بىر قىز ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندە يىگىرمە ئۈچ ـ يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن بولىدۇ، ئىككى ـ ئۈچ يىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن تۇرمۇشلۇق بولىدۇ، يەنە بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن پەرزەنتلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئائىلە بىلەن خىزمەتنىڭ ئېغىر يۈكى يەلكىسىگە يۈكلىنىپ، ئۇھ دېگۈدەك ھالىمۇ قالمايدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا ناھايىتى نۇرغۇن تۇرمۇشلۇق بولغان قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن كىتاب ئوقۇش، بىلىم ئىگىلەش، ئالغا ئىنتىلىشلەرنى بىراقلا تاشلاپ، ئائىلە، خىزمەت بىلەنلا بولۇپ كېتىدۇ، مەرىكە، قاتار چايلارنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئانىلارنىڭ بالىلىرى يا ياخشى تەربىيەلىنەلمەيدۇ ياكى بۇ ئانا بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلالمايدۇ، شۇنداق قىلىپ ھايات بىھۇدىچىلىكى يۈز بېرىپ، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى بۇ قاتاردىكى ئىنسانلاردا توختىماي داۋام قىلىپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇ قىسقا ۋاقىتنى ئويلىغىنىمىزدا، يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى تەلەپكە يېتىدىغان قىزلارنىڭ قىزلىق ۋاقتى، ھايات ئېغى ۋە ۋاقىت ئېغى تۇرغۇزۇپ ھايات قايىنىمىغا، پارلاق ئىستىقبالىغا قاراپ جەسۇرانە ئىلگىرىلەيدىغان ۋاقتى تولىمۇ قىسقا بولىدۇ، شۇڭا قىسقا ۋاقىتتىكى بۇ ۋاقىت قىزلار ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ھېسابلىنىدۇ، مۇشۇ ۋاقىتتا ئاساس سېلىنغان ھەر قانداق ئىش شۇ قىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىستىقبالىغا

تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىككى قىز بولۇپ، ئۇلار ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ باشقا ـ باشقا شەھەردە خىزمەتكە چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنىڭلا يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، يەتمەكچى بولغان نىشانلىرى بار ئىدى. ئەمما، بىر قىز خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنلا خىزمەتداشلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن مەقسەتسىز ۋە پىلانسىز ھالدا كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىداردە خىزمەتنى ياخشى ئىشلىسە ۋە مائاشنى تولۇق ئېلىپ كۈن ئۆتكۈزسە، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى. ئۇنىڭ مىجەزى يېقىشلىق، مۇلايىم، گۈزەل ئەخلاقلىق بولغاچقا، يىگىتلەرنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى، يىگىتلەر ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇشاتتى، ئاخىر ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر يىگىت بىلەن توي قىلدى، توي قىلغان كۈندىن باشلاپ تۈگىمەس ئائىلە ئىشلىرى ۋە دوستانە بېرىش ـ كېلىشلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئوماق بىر ئوغۇل تۇغدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئولتۇرۇش، قاتار چاي، توي ـ تۆكۈننىڭ خاس ئادىمىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ مەكتەپ پۈتكۈزۈپ دەل يەتتە يىل بولغاندا ئالىي مەكتەپتىكى ھېلىقى دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ دوستى ناھايىتى جۇشقۇن، روھلۇق ئىدى، گەپ ـ سۆزلىرىدىن پاساھەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئۇ مۇشۇ يەتتە يىل جەريانىدا نەچچە ئون ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان، بىر كىتابنى نەشر قىلدۇرغان، يەنە بىر نەچچە كىتابلىرىنى نەشرىياتقا تاپشۇرغانىدى. ئۇ بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى:

— توي قىلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە.

— بالاڭ بارمۇ؟
— ئىككى بالام بار.
— ئۇنداقتا قانداق قىلىپ شۇنچىلىك كۆپ ئىشلارنى قىلالىدىڭ؟ — دېدى دوستى تېخىمۇ ھەيران بولۇپ.
— مەن خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۆزۈمگە ناھايىتى مۇكەممەل بولغان بىر پىلان تۈزۈۋېلىپ، ۋاقىتىمنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردۇم، — دېدى دوستى تونۇشتۇرۇپ، — بىر ئايدا قانچىلىك كىتاب ئوقۇپ بولالايدىغانلىقىمنى، نېمىلەرنى يازىدىغانلىقىمنى، تىلدا قانچىلىك بۆسۈش ھاسىل قىلالايدىغانلىقىمنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالدىم ۋە مۇشۇ بويىچە پىلانلىق ئىش ئېلىپ باردىم.
— ئۇنداقتا، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارغىمۇ قاتناشماپسەن - دە؟
— قاتناشتىم، ھەممە ئىشىم ئەل قاتارى بولۇپ تۇردى، پەقەت بىكاردىن - بىكار ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان قاتار چاي دېگەن نەرسىگە قاتنىشىپ باقمىدىم. مەن مەرىكىلەرگە ئۆز لايىقىدا قاتنىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسامۇ، لېكىن شۇ كۈنى پىلان قىلغان ئىشنى جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ شۇ كۈنى قىلىپ بولۇشقا كاپالەتلىك قىلدىم، شۇڭا بۇنداق مەرىكىلەر مېنىڭ پىلانىمغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى.
— توي قىلغاندىن كېيىنچۇ، قانداق قىلدىڭ؟
— توي قىلىپ تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن يۈكۈم ئېغىرلاشتى، ئەمما مەن يەنىلا پىلانىم بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككى بالام بولغان مۇشۇ كۈندىمۇ ناھايىتى روھلۇق ھالدا ئىشلىرىمنى ئاقتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن.
— ھاسىل قىلغان ئەڭ چوڭ تەجرىبەڭ قايسى؟

ــــ قىزلىق ھاياتىنىڭ قىممەتلىكلىكىنى تونۇپ ئەتراپلىق پىلان تۈزۈش، ھەر قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن ئەتىۋىنەزەربەل قويۇۋەتمەسلىك، يەنە ئەڭ مۇھىمى، توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ئالغا ئىنتىلىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويماسلىق.

شۇندىلا ئارمىنى ئارمان پېتىچە قالغان قىز ئۆزىنىڭ زادى قايسى جەھەتتىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى سېزىپ، بىھۇدە ئۆتكەن ئۆمرىگە قاتتىق ئۆكۈندى، ئەمما بۇ تولىمۇ كېچىككەن ئۆكۈنۈش ئىدى. لېكىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىدىمۇ يەنە پۇشايمانغا قالىدىغان ئىشنى قىلسا بولمايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قىلىدىغان ئىشلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق پىلان تۈزۈشكە باشلىدى.

قىزلىق ۋاقتىنى، ئانا بولۇشقا تەييارلىنىش باسقۇچىدىكى قىممەتلىك ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزۈش كېيىنكى ئۆمۈرنى بىكارغا ئۆتكۈزۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ناھايىتى خەتەرلىك تاللاشتۇر، بۇ تارچۇق يولغا كىرىپ قالغان كىشى ئاسانلىقچە ئۆزىنى تارتىۋالالمايدۇ، ھەر قانچە ئىستىبداتى بولغان تەقدىردىمۇ بەرىبىر ھېچقانچە زور نەتىجە قازىنالمايدۇ. شۇڭا، قىزلارغا ئېيتىپ قويىدىغان ئەڭ مۇھىم سۆزۈم شۇكى، قىزلىق ۋاقتىڭىزنى قىممەتلىك ۋاقىت كېيىنكى چاغلاردا ھېچقاچان نېسىپ بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى شۇنچىلىك قەدىرلەش ۋە ئاسراش، ئۇنى توغرا يۆنىلىشكە قاراپ بىر ئىزغا سېلىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، ئەقىل ئىشلىتىدىغان مەسىلە، شۇنداقلا چوڭلارنىڭ، ئۇستازلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ۋاقىتلىق ھالدا ھايات تەجرىبىسى ھاسىل قىلىدىغان ھالقىلىق مەسىلىدۇر. مۇشۇ ھالقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىۋالغان قىز تۆگىمەس گۆھەرنى يېنىدا ساقلىغان ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئوتتۇز سەككىزىنچى ئەڭگۈشتەر

## بىلىم ۋە نازاكەت گۈللىرى قىزلارغىمۇ يارىشىدۇ

بۇنىڭدىن ئون بەش يىل مۇقەددەم، مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ داۋاملىق ئۆرلەپ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇماقچى بولۇۋېدى، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى زادىلا قوشۇلماي تۇرۇۋالدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى سۆزلەپ كېلىپ ئۆپكىدەپ يىغلاپ تۇرۇپ: «سىلەرمۇ بىلىسىلەر، مېنىڭ نەتىجەم ئالاھىدە ياخشى، مېنىڭ داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇغۇم بار ئىدى، كۆز ئالدىمدىكى ئىككى تال مائاشنى دەپ خىزمەتكە چىقىپ بۇ پۇرسەتنى كەتكۈزۈۋەتسەم، ئۆمۈرۋايەت پۇشايماندا قالغۇدەكمەن. ئەمما، مۇشۇ يېقىندا ئاتا ـ ئانامنىڭ نېمىشقىدۇر جەھلى تۇتۇپ قالدى، ئۇلار: 〈سەن دېگەن قىز بالا، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزدۈڭ، ھېلىمۇ خېلى كۆپ ئوقۇدۇڭ، بولدى، ئەمدى يېتەر، قىز بالا دېگەن بەك كۆپ ئوقۇپ كەتسە بولمايدۇ، ۋاقتىدا بېشىنى ئوڭشىغىنى تۈزۈك〉 دەپ زادىلا ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، شۇڭا زادى قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ ئولتۇرۇپتىمەن. سىلەر بىرەر يول كۆرسەتكەن بولساڭلار، مېنىڭ بۇ ئالتۇندەك پۇرسەتنى پەقەتلا ئۆتكۈزۈۋەتكۈم يوق دوستۇم، ئۆتۈنۈپ قالاي» دېدى.

مەن بۇ ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن كۆپ ئويلاندىم. قانداق قىلسام دوستۇمنىڭ ئىشىنى كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان دەرىجىدە مۇۋاپىق بىر تەرەپ

قىلىش ھەققىدە باش قاتۇردۇم. ئاخىر ئوتتۇرا مەكتەپتىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىمىز تاھىر مۇئەللىمنى ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم. تاھىر مۇئەللىم ئوقۇمۇشلۇق، بىزنىڭ تەۋەدە كاتتا ئابرۇيى بار، كىچىكىمىزدىن بىزنىڭ ئاغزىمىزغا ئىلىم سالغان ئوقۇتقۇچىمىز ئىدى. مۇئەللىم بۇ ئىشنى بېجىرىپ بېرىشكە قوشۇلدى ۋە ئەتىسى مەن بىلەن دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بىللە باردى. دوستۇمنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىز ئىككىمىزنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى.

ــ مېھرىگۈل كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ــ دېدى مۇئەللىم.

ــ ئۇ... بار، يېڭىلا مەكتەپ پۈتكۈزۈپتىكەن... ــ دېدى دادىسى.

ــ قانداقراق پۈتكۈزۈپتۇ؟ خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىدىمۇ، قانداق؟

ــ شۇ... مۇشۇ بالىنىڭ كاساپىتى بولمامدۇ مۇئەللىم، ئۇ ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزگەنىدى، ھۆكۈمەتمۇ ئۇنى چوقۇم ياخشى يەرگە تەقسىم قىلغان بولاتتى، مائاش ئالاتتى، بىزمۇ ۋاقتىدا كۆچىنى كۆرەتتۇق ئۇنىڭ!... ــ دېدى دادىسى قايناپ.

ــ قىز بالا بولغاندىكىن خىزمەتكە چىقسا، ۋاقتىدا تاللىق قىلىپ ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلساق... بۇ بالا زادى نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىدىكىن تاڭ! ــ دېدى ئاپىسى.

ــ مېھرىگۈل خىزمەتكە چىققىلى ئۇنىمايۋاتامدۇ؟ ــ سورىدى مۇئەللىم.

ــ نەچچە كۈننىڭياقى ئۆيدە مۇشۇ جېدەل، بۇ كالىلىسى قېيىپ قالغان قىز ئىمتىھان بېرىپ يەنە ئۈچ يىل ئوقۇيمەن، دەيدۇ. ئۇ ھازىر يىگىرمە تۆتكە كىرىپ قالدى، يەنە ئۈچ يىل ئوقۇسا يىگىرمە يەتتە ياش بولۇپ كېتىدۇ، قىز بالا دېگەن يىگىرمە بەشتىن ئاشسىلا ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ يىگىرمە

يەتتە يېشىدا مەكتەپ پۈتكۈزۈپ، خىزمەتكە چىقىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغۇچە يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتسە، ئوتتۇز ياش بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدىزدە بىزنىڭغۇ قويۇپ تۇرايلى، ئۆزىگىمۇ ياخشى بولامدۇ، مۇئەللىم؟ — دېدى ئاپىسى.

تاھىر مۇئەللىم بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى، مېنىڭمۇ دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى. بەش مىنۇت ئۆتكەندە مۇئەللىم بېشىنى كۆتۈردى، ئاۋۋال گەپنى ئۆزىدىن باشلىدى، يىراق زامانلارنى سۆزلىدى، ئۆتمۈشنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ، ھازىرقى ئىشلارغا كۆچتى، بىر نەچچە ئىلىم ئەھلىنى مىسالغا كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلغانلىقلىرىنى سۆزلىدى، تۇرمۇش مەسىلىسى بىلەن ئوقۇشنى تەڭ، بىر - بىرىگە تەسىر يەتكۈزمەي تۇرۇپ ئېلىپ مېڭىش مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈردى. مېھرىگۈلدەك قىزلارنىڭ كۆپ ئەمەسلىكىنى، بۇنداق پۇرسەتلەرنى كېيىن تىلەپمۇ تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈردى. مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىگە بۇ ئاتا - ئانا «راست، شۇنداق، ھەئە» دەپ باش لىڭشىتىپ تۇردى. ئاخىرىدا تاھىر مۇئەللىم مۇنداق دېدى:

— قىز بالىلىرىمىزمۇ ئوقۇسۇن، بىز قاچانغىچە ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى نامايان قىلىش پۇرسىتىنى تارتىۋالىمىز؟ نۆۋەتتە كەلگەندە قىزلاردىكى جاسارەتنى ھېچنېمە بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. بىلىم ۋە نازاكەت گۈللىرى قىزلارغىمۇ تازا يارىشىدۇ. مېھرىگۈل ماگىستىرلىقتا ئۆرلەپ ئوقۇسۇن، پۇرسەت بولسا تېخى دوكتورلۇقتا ئوقۇپ ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىغا ئۆرلىسۇن، ئۆزىنىڭ زور نەتىجىلىرى بىلەن بىزنى پەخىرلەندۈرسۇن. «ئاتالمىغان ئەردىن ئاتالغان دۆڭ ياخشى» دەپتىكەن كونىلار. بۇ ھاياتلىق بىزگە بىرلا قېتىم نېسىپ

بولىدۇ، بىز مېنىڭ ياشقا كىرمەيمىز، پۇرسەتمۇ بىرلا قېتىم كېلىدۇ، شۇڭا، مېھرىگۈل چوقۇم ئوقۇسۇن!

شۇنىڭ بىلەن مېھرىگۈل ئوقۇشقا كىردى ۋە ئۈچ يىلدا ماگىستىرلىقنى تاماملاپ ئۆزى ئوقۇغان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ياخشى كۆرگەن يىگىتى بىلەن تۇرمۇش قۇردى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ياپونىيەگە دوكتورلۇق ئوقۇشى ئۈچۈن باردى ۋە ئۈچ يىلدىلا دوكتورلۇقنى پۈتكۈزۈپ، يېشى ئوتتۇز بەش ياش بولا - بولمايلا دوكتورلۇققا ئېرىشىپ، ياش ئالىملىرىمىز قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ھازىر: «شۇ چاغدا ھېلىمۇ تاھىر مۇئەللىمنىڭ گېپىگە كىرىپ ئوقۇتۇپتىكەنمىز، مانا ئەمدى بىر ئوبدان راھەتنى كۆرۈۋاتىمىز، قىزلىرىمىز ئالىي مەلۇماتلىق بولۇپ جاھان كۆرۈپ كەلسە نېمىدېگەن ياخشى - ھە!» دەپ پەخىرلىنىدۇ.

دەرۋەقە، بىلىم ۋە نازاكەت گۈللىرى قىزلىرىمىزغا تولىمۇ يارىشىدۇ. قانچە ئالىي مەلۇماتلىق بولغاندا شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى بىلگىلى، ھەرقايسى جەھەتتىكى بىلىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۆھپە قوشقىلى، پەرزەنتلەرنى زامانىۋى ئاڭ ۋە يۇقىرى نەزەر بىلەن يۇقىرى سەۋىيەدە تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كىچىككىدىن باشلاپلا ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش روھىنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ. ئەي قىز! بىلىملىك، يۇقىرى سەۋىيەلىك بولسىڭىز، قىزلىق نازاكىتىڭىزگە يەنە نەچچە ھەسسە نازاكەت قوشۇلىدۇ. ئەخلاق باغچىسىدا يېتىلگەن ياخشى خۇي - پەيلىڭىز، سىپايىلىقىڭىز، جاسارەت ۋە غەيرەتنى بەلگە قىلغان پولاتتىن قاتتىق ئىرادىڭىزگە يۇقىرى بىلىم ۋە سايا قوشۇلسا، غايە مەنزىلىڭىز تېخىمۇ كەڭ ئېچىلىدۇ.

ئوتتۇز توققۇزىنچى ئەگگۈشتەر

## «ئانا» دېگەن مەڭگۈلۈك بىر مۇزىكا

ئۆزىنىڭ تەبىئىي تەربىيەسى ئارقىلىق ۋىنىفرېت ئىسىملىك قىزنى ئۈچ يېشىدا شېئىر ۋە نەسر يازالايدىغان، تۆت يېشىغا دۇنيا تىلى بىلەن سەھنە ئەسىرى يازالايدىغان قىلغان، بەش ياشقا كىرگەندىن باشلاپ شېئىر ۋە نەسرلىرى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ھەم كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان ھەمدە سەككىز دۆلەتنىڭ تىلىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ھەر خىل تىللارنى دۇنيا تىلىغا تەرجىمە قىلالايدىغان ھالەتكە يەتكۈزگەن نەمۇنىلىك ئانا ستېنا خانىم مۇنداق بىر ئالتۇندەك سۆزنى قالدۇرغان: «مېنىڭچە، قىزلارغا ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا جىسمى مۇكەممەل، روھى پاك بولۇش، لاياقەتلىك ئانا بولۇشقا تەييارلىنىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك. چۈنكى، ئانىنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقى ۋە ئەخلاقا ئائىت بىلىملىرى ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرىگە قارىغاندىمۇ مۇھىم. دەرۋەقە ئاسترونومىيە ۋە فىزىكىنى تەتقىق قىلىش قىزىقارلىق، ئەمما ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا، مۇنەۋۋەر ئەۋلادلارنى قانداق تەربىيەلەشكە دائىر بىلىم تېخىمۇ مۇھىم».

مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم، قىزلارنىڭ ياخشى تەربىيە ئېلىشى، ئىلىم ـ پەننىڭ يۇكسەك چوققىسىغا چىقىشى، ئۆز ۋۇجۇدىدا ئەدەپ بوستانى ۋە ئەخلاق گۈلىستانى بەرپا قىلىشى، ياخشى خۇلق، ياخشى خاراكتېر يېتىلدۇرۇشى، ئەڭ ئاخىرىدا لاياقەتلىك، بالا تەربىيەلەشكە ماھىر، تەربىيەسى

كۈچلۈك ئانا بولۇش ئۈچۈندۇر. قىزلار يارىتىلىشىدىن ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈلگەن بۇ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتنى، بۇ خۇسۇسىيەت ئېلىپ كەلگەن مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتكە تۇرمۇشقا چىقمىغان چاغدىلا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشى، ئاڭ يېتىلدۈرۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا قىزلىرىمىز ھاياتقا دادىل يۈزلىنىپ، تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك بېسىملىرى ئالدىدا تەمتىرەپ قالماي ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان بولىدۇ.

سىزنىڭ ئىپپەتلىك ۋە پاك، تۇرمۇش تەجرىبىسى مول، مېھرىبان، نازلىق، گۈزەل خۇلقلۇق ئايال بولۇشقا جۈرئىتىڭىز بارمۇ؟ دەرۋەقە ئانا دېگەن مەڭگۈلۈك بىر مۇزىكا، ئۇ قانچە كۆپ ياڭرىغانچە كونىراپ قالمايدۇ ھەم قۇلاققا يېقىمسىز ئاڭلانمايدۇ. كىشىلەر مېھرىبان ئانىلارنى ئەنە شۇنداق سۇپەتلەپ ۋە ھۆرمەتلەپ كەلگەن. ھالبۇكى، يارامىلىق ئانا بولۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ تەر ئاققۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندىكى ھېكايەت بۇ قارىشىمىزغا ئەڭ ياخشى دەلىل بولالايدۇ.

بىر يىگىت ناھايىتى تىرەن پىكىر قىلىدىغان بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن:

— ئەي قىز، قېنى ئېيتىپ بېقىڭچۇ، كىشىنىڭ قەلبىدە قانداق بوستانلار بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىز يىگىتنىڭ سوئالىغا جاۋابەن دەپتۇ:

— كىشىنىڭ قەلبىدە تۆۋەندىكىدەك بوستانلار بولىدۇ: بىرىنچى، ئىلىم بوستانى؛ ئىككىنچىسى، مۇلايىملىق بوستانى؛ ئۈچىنچىسى، ئىخلاس بوستانى؛ تۆتىنچىسى، كەمتەرلىك بوستانى؛ بەشىنچىسى، ساخاۋەت بوستانى؛ ئالتىنچىسى، رىزا بوستانى؛ يەتتىنچىسى، ئۈمىد بوستانى.

— بۇ بوستانلاردا نېمىلەر بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت.

قىز مۇنداق دەپتۇ:

— ھەر قانداق كىشى روناق تاپاي دېسە ئاۋۋال ئىلىم بوستانىغا كىرىدۇ ۋە ئۇ يەردىكى نادانلىق، جاھىللىق خەس - خەشەكلىرىنى يۇلۇپ يىراققا تاشلايدۇ. ئاندىن مۇلايىملىق بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا ھەسەت تىكەنلىرى ئۈنگەن بولسا ئۇلارنى يۇلۇپ تاشلايدۇ. ئاندىن ئىخلاس بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ يەردە رىيا ۋە بەدگۇمانلىق ئوتلىرى بولسا، ئۇلارنى يۇلۇپ بوستاننى تازىلايدۇ. ئاندىن كەمتەرلىك بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا تەكەببۇرلۇق ھەم مەغرۇرلۇق خەشەكلىرى بولسا، ئۇلارنى يۇلۇپ تازىلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن رىزا بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا مەنمەنلىك، جاھىللىق تىكەنلىرى بولسا، بوستاننى ئۇلاردىن خالىي قىلىدۇ. ئاندىن ئۈمىد بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك تىكەنلىرى بولسا ئۇلارنى يۇلۇۋېتىدۇ.

يىگىت قىزنىڭ ئەقلىگە تېخىمۇ قايىل بولۇپتۇ ۋە شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ بۇنداق ئەقىللىق قىزنى كۆرمىگىنىنى ھېس قىلىپ، قىزدىن سوراپتۇ:

— ھەي قىز، تېخى ياش تۇرۇپلا، شۇنچە كۆپ ئىلمۇھېكمەتنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟

— ئانامدىن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز، — ئانام كىچىكىمدىن مۇشۇ ھېكمەتلەر بىلەن مېنىڭ قەلبىمنى زىننەتلىدى، ئەگەر بۇ خىسلەتلەرنى ئۆگەنمىسەم، كەلگۈسىدە تۇرمۇشلۇق بولغاندا قانداق لاياقەتلىك ئانا بولالايمەن؟

بىز كىچىكىمىزدىن ئانىنى ئۇلۇغلايدىغان سۆزلەرگە قۇلىقىمىز پىشقان ھالدا چوڭ بولدۇق. ئانىنى ئۇلۇغ ئەمەس، ئۇ

ئادەتتىكىچىلا بىر ئايال دەپ چۈشىنىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئانىلار بالا تۇغقانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلۇغ بولۇپ قالمايدۇ، شۇ بالىنى تۇغقاندىن كېيىن ئۇنى قانداق تەربىيىلەش، قاتارغا قوشۇش، يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرۈپ چىقىش ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا نىشان بولۇۋاتقان تەرەپلەردۇر. دەرۋەقە بۇنداق كۆيۈمچانلىق، بالىغا يېتەرلىك ئانا مېھرىنى بېرىش ئانىلارنىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان روشەن دەلىللەردۇر.

ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە ئەنە شۇ ئۇلۇغلۇق نامىغا داغ چۈشۈرۈۋاتقان، «ئانا»لىق تونىغا ئورنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى، مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇپ، پەرزەنتلىرىنى شارائىتى يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ يېتەرلىك تەربىيىلىمەيدىغان ئانىلىرىمىز بارغانچە كۆپىيىپ كەتتى. ئەخلاقسىز ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋاتقان، يەر شارىغا يۈك بولۇپ قېلىۋاتقان پەرزەنتلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ كېتىشى مانا مۇشۇ پىكرىمىزنىڭ روشەن دەلىللىرىنىڭ بىرىدۇر. نېمىشقا مۇشۇنداق باللار تەربىيىلىنىدۇ؟ بۇ مەسئۇلىيەت ئالدى بىلەن ئانىدىن سۈرۈشتۈرۈلۈشكە تېگىشلىك. ئانا بولغۇچىنىڭ تەربىيەسى پەرزەنتنىڭ يۈرىكىگە سىڭگەن بولسا، بۇ پەرزەنت ھەرگىز يامان يولغا كىرىپ قالمىغان، تەييارتاپ بولۇپ قالمىغان بولاتتى، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشىدىغان ھالەتكە يەتكەن بولاتتى.

بەزى ئانىلار باركى، پەرزەنتلىرىگە يارىتىپ بەرگەن ياخشى شارائىتلىرى ئارقىلىق ياخشى تەربىيەلەش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. بالىلىرىغا ھەمراھ بولماي، ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزمەي

تۇرۇپ بۇ مەقسەتكە ئەسلا يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ، نەتىجىدە شۇ پەرزەنت كېيىنكى كۈنلەردە بېشىغا ئېغىر چېلىقلارنى سالغاندىلا پۇشايمان قىلىشقا باشلايدۇ، ئەمما بۇ چاغدا پۇشايمان قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟

پەقەت ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك ئانىلارلا ئۇلۇغلىنىشقا تېگىشلىك. چۈنكى «ئانا» دېگەن مەڭگۈلۈك بىر مۆزىكا!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىرىقىنچى ئەڭگۈشتەر

## قىممىتىڭىزنى جەمئىيەتتىن تېپىڭ

ئەي قىز! مەيلى سىز يۇقىرى ئورۇنلاردا مەمۇرىي خادىم بولۇپ ئىشلەڭ ياكى ئوقۇتقۇچى ۋە دوختۇر بولۇڭ ياكى ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇڭ ياكى ئىشچى ۋە دېھقان بولۇڭ، ھالال، پاك، توغرا نىيەتلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق بولالىسىڭىزلا، سىزنىڭ جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك قىممىتىڭىز بولغان بولىدۇ. ئەمما، سىزدە يۇقىرىقىدەك گۈزەل خاراكتېرلاردىن بىرەرسىمۇ يوق بولسا، ئەتىدىن كەچكىچە ئەمەل تەمەسى، ياخشى كۆن كەچۈرۈش تەمەسىدە بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ نومۇسىنى دەسمايە قىلىپ ئۆسسىڭىز، پۇلغا، راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشسىڭىز، باشقىلارنىڭ سىزنى قولىدىن ئىش كېلىدۇ، دەپ ھەر قانچە خۇشامەت قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ ئادىمىيلىك نۇقتىسىدىن جەمئىيەتتە ھېچقانداق قىممىتىڭىز قالمىغان بولىدۇ. بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان بۇ قىممەت، گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىگە يېپىنچا قىلغان، پاك قەلبلىك، ھايا، نومۇس، ئىپپەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئىنسانىي قىممەتتۇر، قىزلارغا خاس مەڭگۈ يوقالماس مەنىۋى ئەڭگۈشتەردۇر. بۇ قىزلىق ئىززەت نومۇسىنى بۇلغاپ دەرىجە ئۆستۈرۈپ ياكى پۇل، ياخشى تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، باشقىلارغا يامانلىق، پەسكەشلىك قىلىش ئارقىلىق كەلگەن ساختا قىممەت بولماستىن، ھالال ياشاش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن، مىننەتسىز تۆھپە قوشۇش ئارقىلىق

قازىنىلغان ئالىي قىممەتتۇر.

سىزنىڭ قىممىتىڭىز جەمئىيەتتە قانداق ئادەم بولۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەم بولۇشقا يېتەكلەش ۋە ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈشتۇر. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بەزى قىزلار باركى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى قۇۋۇلۇق بىلەن شۇملۇق، ئويلايدىغىنى باشقىلارنىڭ ئېشىغا تويا چېچىش، شۇغۇللىنىدىغىنى سامانلىق تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ باشقىلارغا زىيان سېلىش، ئەمەل ـ مەنسەپ تەمەسىدە، پۇل، راھەت تۇرمۇش ئۈچۈن ئېيىپ ـ نومۇسىنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇرۇش، تەمەگەرلىك كوچىلىرىدا سەرسان بولۇپ، ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتى يولىدا ھارماي قاتىراش، ھەسەتخورلۇقنىڭ غىدىقلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي باشقىلارغا يامانلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاھۇ ـ زارىدىن خۇشاللىق ئىزدەش. ئۇلار دوست ـ يارەنلىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستىتە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇلاردا دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىكتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ناھايىتى كۆپ قىزلار ئەمەل ـ مەنسەپ تەمەسىدە، پۇل، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ تەمەسىدە يۈرىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلار قىزلاردىكى قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارنى پۇل ـ مالنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە ئەمەلنىڭ يۇقىرى بولۇشى بىلەن ئۆلچەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ئەمەل ـ مەنسەپنى ۋىجدانىغا، غۇرۇرىغا، ئار ـ نومۇسىغا، ئىززەت ـ نەپسىنىڭ دەپسەندە بولۇشى بەدىلىگە سېتىۋالىدىغان ھالەتكە يەتتى. ئەمەل ـ مەنسەپ، پۇل ـ مال، ياخشى تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ياشاش مەقسىتى ۋە نىشانى، ئۇلار مۇشۇنى جەمئىيەتتىكى قىممىتىمىز دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ھېچقانچە قىممىتى بولمايدۇ.

ھاياتتا سىزدە مانا مۇشۇ قىممەت قارىشى شەكىللەنگەندىلا، ئۆزىڭىزنى ساغلام ئىدىيە، پاك نىيەت، توغرا دۇنيا قاراش يۈزلىنىشى بىلەن يېتەكلىيەلەيسىز، ئاق نانچى، ھارام تاماق، قارا نىيەت، ئىززەت - نومۇسنى ساقلىمايدىغان، قىزلىق قىممىتىنى يوقاتقان بولۇشتىن ساقلىنالايسىز. ئۆتمۈشتە ئۆتكەن شۇنچە كۆپ ئاياللار نېمىشقا بۈگۈنگىچە مەشھۇر بولالىدى؟ ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن تا ھازىرغىچە بىز يادلاپ تۇرىمىز؟ چۈنكى، ئۇلار ئىنسانىي قەدىر - قىممەت توغرىسىدا توغرا تەربىيەنى قوبۇل قىلغان، ئۇلارنىڭ قەلبىگە گۈزەل ۋە پاك نەقىش چېكىلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆمۈر بويى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تەر تۆككەن ۋە ھالال، پاك ياشاپ، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى جەمئىيەتتىن، خەلقتىن تاپقان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نامىنى بىز دائىم يادلاپ يۈرىمىز، ئېسىل خىسلەتلىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ تۇرىمىز. ھالبۇكى، تارىختا باشقىلارغا ئورا كولايدىغان، قارا نىيەت، ئاقنانچى، نومۇسنى ھاقارەتلەشتىن كەلگەن راھەت تۇرمۇشنى ئۆزىنىڭ قىممىتى ھېسابلايدىغان نۇرغۇن ئاياللار ئۆتكەن، بىز ئۇلاردىن ھېچقاچان ئۈلگە ئالمايمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردىن تارىختا يامان ئاتاقلا قالغانكى، بۇ خۇددى يىرتىق كالاچقا قارىمىغىنىمىزدەك، نەزىرىمىزنى تارتالمايدۇ. چۈنكى، دانالار: «قارىغۇ بول، توكۇر بول، ياخشى نام قالدۇر. ياخشى نام قازىنىش چوڭ بايلىققا ئېرىشىشتىنمۇ ئەۋزەل» دەپ ھېكمەت قالدۇرغان ئەمەسمۇ.

ئىنسانىي قەدىر - قىممەت چۈشەنچىسى قىزلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا تولۇق شەكىللەنگەندىلا، ئاندىن قىزلىق قەدىر - قىممەت قارىشى شەكىللىنىدۇ ۋە جەمئىيەتتە ھازىر ئېقىپ يۈرگەن

ساختا قەدىر ـ قىممەت چۈشەنچىلىرىگە ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرغىلى، ئۇنى كاللىدىن سىقىپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق جەمئىيەتتە قىزلىق قىممىتىڭىزنى يارىتالىسىڭىز، سىز ھەقىقىي مەنىدىكى قەدىرلىك قىزغا ئايلانغان بولىسىز.

بىر كۈنى بىر تونۇشۇم ماڭا ئۆزى بىلەن بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان بىر قىزنىڭ يېقىندا ئامېرىكىدا ئوقۇپ شۇ يەردە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر يىگىت بىلەن توي قىلىپ ئامېرىكىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، تولىمۇ تەلەيلىكلىكىنى، ئۇنىڭ قىزلىق قىممىتىنىڭ تولىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن: «شۇ قىزنىڭ ئامېرىكىدا زادى قانچىلىك قىممىتى باردۇر؟» دەپ قايتىلاپ سورىدىم. «ئاداش، ئامېرىكا دېگەن دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت تۇرسا، ئۇ يەرگە چىقىپ كەتكەن ئادەمنىڭ سېنىڭچە ھېچقانداق قىممىتى بولماسمۇ، ھېچ بولمىغاندا بىزدىن بىر يېرى ئارتۇق بولىدۇ ئۇلارنىڭ، ئۇ دېگەن ئامېرىكا ئاداش، ئامېرىكا!» دەپ كۆپۈپ سۆزلەپ كەتتى. «ئامېرىكا بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئامېرىكا جەمئىيىتىدە قىممەت يارىتالىساڭ، شۇ يەردە ئۆزۈڭنىڭ بىر كىشىلىك ئىناۋىتىنى تىكلىيەلىسەڭ ئاندىن قىممىتىڭنى ساقلىغان، قىممىتىڭنى ياراتقان بولىسەن، بولمىسا ئۇ يەردە ياشىغانىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟» دېدىم مەن. يەنە: «مېنىڭچە، ئۇنىڭ يەنىلا مۇشۇ يەردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ يارەنلىرى تېلېفون ئۇرۇپ، ئەھۋال سوراپ قەدرىنى قىلىدۇ، بولمىسا يات ئەلدە تۇرۇپ قىممەت ياراتماقنىڭ مۇشكۈللۈكىنى بىر دېمە» دېدىم. ئۇ تونۇشۇم سۆزلىرىمگە تولۇق قايىل بولمىدى، ئەمما مەنمۇ

بۇنىڭغا بەكلا ئۆكۈنۈپ كەتمىدىم، چۈنكى ئۇنىڭ قىزلىق قىممەت قارىشى ئەنە شۇنداق يۈزە ئىكەن، كېيىن چۈشىنىپ قالار، دېگەن ئۈمىدتىلا بولۇپ قالدىم.

قىزلىق قىممىتىڭىز قانداقتۇر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ياكى شارائىتى ياخشى يەرلەرگىلا بەخشەندە قىلىۋېتىلگەن نەرسە ئەمەس، ئۇنى جەمئىيەتتىن تاپىسىز، ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق يارىتىسىز، ئۆز ۋىجدانىڭىزغا يۈز كېلەلىگىنىڭىزدىلا ئاندىن بۇ قىزلىق قەدىر ـ قىممەت گۆھىرى قولىڭىزدا بولغان بولىدۇ.

## قىرىق بىرىنچى ئەڭگۈشتەر

# چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت دۇنياسى سىزگە قۇچاق ئاچماقتا

ئەي قىز، سىزگە چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت دۇنياسى قۇچاق ئاچماقتا!

شۇ تاپتا سىز ماڭا ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەن ھالدا خاتىرجەم تىكىلىپ تۇرماقتىسىز، ۋۇجۇدىڭىزدىن ئۇيغۇر قىزىغا خاس نازاكەت ۋە گۈزەللىك تۆكۈلۈپ تۇرماقتا. مەن يۇقىرىدا قەلىمىم بىلەن بايان قىلغان ھەربىر ئەڭگۈشتەردە، ھەربىر قۇردا سىزنىڭ روشەن ئىزىڭىز بولغاچقا، بۇ دۇنيا سىز بىلەن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەندەك، تېخىمۇ مېھىربانلىققا تولغاندەك، ئارمان قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىز بەرپا قىلغان مۇشۇ ئۆزگىچە دۇنيادا ھازىر بولغاندەك بىلىنمەكتە. مەن يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلماقتىمەن، نۇرغۇن نەرسىلەرنى سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن ئاختۇرۇپ تېپىشقا تىرىشماقتىمەن، ئىزدەنگەنلا نەرسەمنى سىزدىن تېپىۋاتىمەن. چۈنكى، سىزنىڭ قەلبىڭىز گۈزەل ئەخلاقنىڭ خۇش پۇراقلىرىغا تويۇنغان، شاش كېيىكتەك شوخلۇقىڭىز، يۈرىكىڭىزنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مۇھەببەتكە تولغانلىقى، قەلب ئەينىكىڭىزنىڭ داغ ـ تەشۋىشتىن خالىيلىقى سىزنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىڭىزنى ئاجايىپ ئاشۇرۇۋەتكەن.

مېنىڭ نەزىرىمدە، سىز ئالدى بىلەن قىزلىق قەدىر ـ

www.uyghurkitap.com

قىممەتكە تولغان بىر مۇشكۈل باياۋاننى كېزىپ چىقتىڭىز، مۇشۇ سەۋەبلىك سىز چەكسىز چۆل قوينىدا سەرسان بولۇپ رىيازەت چەكتىڭىز، لېكىن سىزدىكى قىزلارغا خاس چىدام - غەيرەت، ئالىي غايە ۋە ئىستىقبالغا ئىنتىلىپ پارلاق كەلگۈسىنى يارىتىشتىن ئىبارەت ئۈزۈلمەس ئۈمىد ھەممىنى يەڭدى: ئۇسساپ تىلىڭىز تاڭلىيىڭىزغا چاپلىشىپ قالغاندىمۇ، ئاچلىق ۋە ماغدۇرسىزلىق جېنىڭىزنى ئالاي دېگەندىمۇ، ئاخىرقى غەيرىتىڭىز تۈگەپ قالاي دېگەندىمۇ يەنىلا شۇ ئۈمىد سىزنى غايە - مەنزىلىگە ئېلىپ باردى. سىز بۇ باياۋاننى كېزىپ قىزلىق قەدىر - قىممەتتىن ئىبارەت قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاساسلىق شەرتنى ئۆزىڭىزدە ھازىرلىدىڭىز، ئۈمىدىڭىز تېخىمۇ چوڭايدى.

كىچىكىڭىزدىن تارتىپ ئانىڭىزدىن ھايا ۋە نومۇس تەربىيەسى ئالغانىدىڭىز. چوڭ بولغانسېرى ئەتراپىڭىزدىكى ھايالىق، ئەخلاقلىق قىزلاردىن، ئاياللاردىن ئۈنسىز ھالدا ھايا ۋە ئەخلاق ئۆگىنىپ ئۆز - ئۆزىڭىزنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بەردىڭىز ۋە ئون ئىككى ياشقا كىرگۈچە ھايا چۈمپەردىسىنى قىزلىق زىننەت قىلىپ، گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىڭىزگە ئايرىلماس يار قىلدىڭىز. بۇنىڭ بىلەن سىزدە نازۇكلۇق، ياخشى خۇلق يېتىلدى، كىشىلەرنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك قىزغا ئايلاندىڭىز. ياراملىق قىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئاخىر چۆچەكلەردە دېيىلىۋاتقان «چېچەن مەلىكە» دەۋلۇپ چىقىشقا بەل باغلىدىڭىز. ئۇيغۇر قىزىغا خاس ھالدا ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ، قويۇق ئۆرپ - ئادەت دۇنياسىدا ياشاشقا باشلىدىڭىز ۋە ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇپمۇ دۇنياغا يۈزلەنگىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىڭىز ۋە ئەنئەنىۋى ئەخلاق قىبلىنامىسىنى ئۆزىڭىزگە ئۆرنەك قىلىپ،

ۋاپادارلىق بويىچە كامالەتكە يەتتىڭىز. بۇنىڭ بىلەن سىزدە خەلقىمىزنىڭ ھەممە ئەخلاقىي كامالەتلىرى مۇجەسسەم بولدى، ئالدى بىلەن ئادەم بولۇش، بولۇپمۇ يارامىلىق قىز بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن ئىلىم - پەندە يۈكسەك پەللە يارىتىش ئالىي نىشانىڭىزغا ئايلاندى. تىرىشچانلىق كىچىكىڭىزدىن باشلاپ يېتىلدۇرگەن ئادىتىڭىز ئىدى، شۇڭا ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىز ئارزۇ قىلغان ئالىي مەكتەپ سىزنى قىزغىن قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالدى. بۇ يەردە دەرسلەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش كۈندىلىك ئوقۇش مەشغۇلاتىڭىزغا ئايلانغانىدى. غايە ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلەر، ئاققۇزغان تەرلەر بىكارغا كەتمىدى. سىزنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشلىرىڭىزمۇ بىر - بىرلەپ ئەمەلگە ئېشىۋاتاتتى.

جەمئىيەتكە نەزەر تاشلىدىڭىز، قىزلىرىمىزدىكى چۈشكۈنلۈك، ساددا ئىجتىمائىي ئومۇمىي كەيپىيات، ئالىي مەكتەپ قىزلىرىنىڭ تىرىشماسلىقى، ئالغا ئىنتىلمەسلىكى، بەزى قىزلارنىڭ يۈرىكىدە پەزىلەت غۇنچىلىرى ئېچىلمىغاچقا، ئاسانلا قىڭغىر يولغا دەسسەپ كېتىشلىرى، بۇنداق قىزلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە تېخىمۇ كۆپىيىپ بېرىشى سىزنى تولىمۇ ئازابلايتتى، تولغاندۇراتتى. سىزنىڭچە بولغاندا پەقەت پەزىلەت *گۈللىرى قەلب تۆرىدە ئېچىلىپ، مۇستەھكەم ئەخلاق سېپىلى* ھاسىل قىلغان قىزلارنىڭ ھەر قانچە قىيىن شارائىتتىمۇ بۇنداق بۇزۇقچىلىق يولىغا كىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭغا ئازابلىناتتىڭىز. مانا مۇشۇ رېئاللىقتىن خەلقىمىزنىڭ ئانىلىرىنىڭ قىزلىرىغا ئەخلاق جەھەتتە قانچىلىك تەربىيە بەرگەنلىكىنى، بۇ جەھەتتىكى تەربىيەنىڭ نەقەدەر ئاجىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىڭىز ۋە چۆچۈپ كەتتىڭىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# ياش - ئۆسمۈرلەر ئەخلاق تەربىيە مەجمۇئەسى
# قىزلار ئەڭگۈشتەرى

ئاپتورى: مەرزىيە تۇرسۇن

پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: چولپان تۇرسۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 - قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2011 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2011 - يىل 12 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 1230×880 م م 32 /1 كەسلەم
باسما تاۋاق: 9 قىستۇرما بەت 4
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4749-8
تىرازى: 1 — 5100
باھاسى: 25.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: (0991) 2823055 پوچتا نومۇرى: 830001